

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

Turpanological Research

2

2004

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشرى ئەپكارى

## يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرىشىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز !



يىلىغا چوڭلاپ بېرىۋاتقان يېرىق ئەھۋالى، كونكرېت ئورنى: يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپى



تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، بۇنىڭ شەھەر تۈۋىنى نەملىشى بىلەن كېلىپ چىقىۋاتقان يۇزغۇنچىلىق ئەھۋالى



يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپى يارداڭلىقتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەتىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان جاي



يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ يىلىغا 0.25 سانتىمېتىردىن چوڭلاپ بېرىۋاتقان خەتەرلىك يېرىق ئەھۋالى

2004 - يىل 2 - سان
تۇرپانشۇناسلىق
تەتقىقاتى
(ئومۇمىي 10 - سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
**ئابلا قاسىم**
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
**ئابلىم قېيۇم**
**ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**
باش مۇھەررىرى:
**ئابلىم قېيۇم**
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
**ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**
تەھرىرلىرى:
**ئابدۇگۇل ئابلىمىت،**
**زۇلپىيە مۇھەممەت،**
**ئۆمەر ئابدۇقادىر**

**مۇقاۋىنىڭ 1 — بېتىدە:** يارغول قەدىمكى شەھىرى

**مۇقاۋىنىڭ 4 — بېتىدە:** بۇددا تاپىنغۇچىلىرى رەسمى (ئۇيغۇر ئىدىقۇت دەۋرى، 10 — ئەسىر، بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن لېكوك گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن)

# مۇندەرىجە

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتى
........................ ۋەلى مايىت(1)
شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇنار بىناكارلىقى ھەققىدە ........
........................ گۇلنۇر ھەمدۇللا (4)

## تۇرپان تارىخى ماتېرىياللىرى

قوچو بالىق بەگلىكى توغرىسىدا ··· ئۇيغۇر سايرانى (9)
توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار. ئۇستىدە تەتقىقات ......
(17) James Hamilton ........................

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدە ......
........................ غالىپ بارات ئەرك (47)
تۇرپان ........................ ۋ. ۋ. بارتولد (55)
بېزەكلىك مىڭ ئۆي 26 - نومۇرلۇق غاردىكى چاغاتايچە
بېغىشلىمىغا «تولۇقلىما» ................ ئۆمەرجان نۇر (61)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى «ئاۋدان سۇترا» نىڭ
چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشى ........................
........................ ئابدۇبەسىر شۇكۇرى (64)

## قوچو مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر بۇددىزم رەسساملىقىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە
خاسلىقى توغرىسىدا ................ گۇلمىرە دىلمۇرات (70)
ئىدىقۇت شەھرى (قوچو) ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەردە
ئولتۇراقلىشىشى .......... سۇلايمان گۇنگۆر (تۈركىيە) (75)

## مەشھۇر شەخسلەر

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىرى................
........................ نۇرۇللا مۇئمىن يولغۇن (87)
ئىمىن خوجىنىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ھەققىدە
........................ مامۇت غازى (94)
تاتاتوڭا ...... مالىك كەبىروۋ، مۇڭلۇق باقىيوۋ (103)

# 目　　录

## 文物研究


交河古城及其保护意义 …………… 外力.马依提(1)
试论新疆古代塔式建筑 …… 古丽努尔.哈木都拉(4)


## 史料杂志


论高昌王国 —— 历史资料 …………………………………………………… 乌古尔.沙依然尼(9)
九姓乌古斯和十姓回鹘考………………………………………… 哈密顿(James Hamilton)(17)


## 吐鲁番学研究


论高昌回鹘汗国的疆域………………………………………………… 阿力夫.艾尔克(47)
吐鲁番考…… 巴托尔德 (w. w. Bartold)(55)


## 古文献研究


对别孜克里克千佛洞第26号石窟察合台语刻文的补充…………………… 吾买尔江。努尔(61)
回鹘文佛经《Avdan sutra》在国外的研究简况 ………………………… 拜斯尔.秀库尔(64)


## 高昌文化研究


论回鹘佛教绘画艺术的个性和特点…………………………… 古丽米拉.迪力木拉提(70)
高昌古城与维吾尔人的城市化………………………………………… 苏莱曼.贡阁尔(75)


## 历史人物


高昌回鹘汗国的诸可汗 … 努佑拉.木明(87)
考伊明和卓在喀什的后裔………………………………………… 马木提.哈孜(94)
塔塔统阿 …… M. kebirov, M. bakyov(103)



吐鲁番学研究
2005年第二期、维吾尔文
(总第十期)



编委会

主任：
阿不拉·卡斯木

副主任：
阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼亚孜

主编：
阿布力木·克尤木

特邀编审：
艾尔肯·伊明尼亚孜

编辑：
阿不都古力·阿不利米提，
祖力菲亚·买买提，
吾买尔·阿不都哈地尔


封面一：交河古城全景
封面四：供养人（高昌回鹘时期——十世纪）这幅壁画被勒.柯克别孜克里克千佛洞盗运到柏林

# يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتى

ۋەلى مايىت

**1. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

يارغول قەدىمكى شەھىرى ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، شەھەر خارابىسى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 10 كىلومېتىر غەربىگە توغرا كېلىدۇ①.

يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، (سۆگەت) يوپۇرماق شەكىللىك تەبىئىي شەكىللەنگەن يارداڭلىقتا قۇرۇلغان (بۇنىڭ ئۈچۈن مۇقاۋىنىڭ 1 — بېتىگە قاراڭ). بۇ يارداڭلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىنى مەركەز قىلىپ ھەرخىل قۇرۇلۇشلار سېلىنغان، قەدىمكى شەھەر قۇرۇلغان بۇ تەبىئىي يارداڭلىقنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 1650 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئەڭ كەڭ جايلىرى 350 مېتىر كېلىدۇ②.

شەھەرنىڭ ئۆي ئىمارەتلىرى پۈتۈنلەي ئويۇپ چىقىرىلغان. ناھايىتى ئاز قىسمى ئېھتىياجغا ئاساسەن كومىلاچ لاي بىلەن ياسالغان.

دۇنياغا مەشھۇر «24 تارىخ» نىڭ بىرى بولغان «خەننامە» دە: «ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ مەركىزى يارغول شەھىرى، دەريا سۈيى بۆلىنىپ شەھەرنى ئايلىنىپ يەنە قوشۇلۇپ ئاققاچقا، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى يارغول شەھىرى دەپ ئاتالغان. يارغولدىن چاڭئەنگە 8150 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 700 تۈتۈن، 6050 نوپۇس بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 1865 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئەمنىيەت بەگ، ئوڭ، سول قول سەركەردە، كاھبەگ قاتارلىقلار بار. ئالدى قۇس بەگلىكى خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان، بۇلاردىن باشقا يەنە قۇسبەگ، ئالاقىچى بەگ، ئىنانچى بەگ، ئىككى تىلماچچى بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبتىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىچە 1807 چاقىرىم كېلىدۇ، قارا شەھەرگە 835 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن ③.

يۇقىرىدا «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئالدى قۇس بەگلىكى» ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. «ئالدى قۇس بەگلىكى» نىڭ دەۋرىنى بىلىش ئۈچۈن «خەننامە» ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ باقايلى: «خەننامە» ( 汉书 ) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بەن گۇ قاتارلىقلار يازغان، ئېلىمىزدە خاندانلىقلارنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تۇنجى خاس تارىخ «خەننامە» مىلادىيە 120 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى (خەن گاۋدى ليۇ باڭنىڭ تۇنجى يىلى) دىن مىلادىيە 23 - يىلىغىچە بولغان 230 يىللىق دەۋرنىڭ تارىخى»④.

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇمات ئارقىلىق يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىنى «24 تارىخ» نىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق ماقالىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بولغاچقا، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئەھۋالى ھەققىدە كۆپ چۈشەنچە بېرىش بىھاجەتتۇر.

**2. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى**

يارغول قەدىمكى شەھىرى بىنا بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق ئىسسىق - سوغۇق ۋە بوران — چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، زامانىمىز ئادەملىرىنىڭ كاتتا

Turpanological Research

سەيلىگاھىغا ئايلاندى. پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە خىلمۇ خىل خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىدىغان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، ساياھەتچىلەر بۇ قەدىمكى شەھەرنى ساياھەت قىلىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، كۆرىدۇ، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى مۇشۇلاردىن ئىزدەيدۇ.

يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەنە شۇنداق گۆھەر ماكان بولغان ئىكەن ئۇنداقتا بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى قانداق بولىۋاتىدۇ؟ مەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ قەدىمكى شەھەرگە بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە خىل ئامىلنى كۆزەتكىلى خېلى يىللار بولدى. بۇ يەردە مەن ئۆزۈم كۆزەتكەن ۋە بايقىغان ئەھۋاللارنى ئەمەلىي پاكىتلار (بۇنىڭ ئۈچۈن مۇقاۋىنىڭ 2 — بېتىدىكى سۈرەتلەرگە قاراڭ) بىلەن بىرگە كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ ئويلايمەن ھەم بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قوغداشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئۆز پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى. بۇ يەردە مېنىڭ توختالماقچى بولغىنىم ئاساسەن بوراننىڭ يالىشى ۋە يامغۇرنىڭ ئېقىتىشىدىن كېلىپ چىققان بۇزغۇنچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. بوران، يامغۇر ئاپەتلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ساقلانماق تەس، بىراق مەلۇم مىقداردا ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ بوران، يامغۇر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان جايلارنى ئۆز ۋاقتىدا رېمونت قىلغاندا ۋە مۇداپىئەلىنىپ، ئالدىنى ئالغاندا چوڭ بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايمەن.

2. سۇنىڭ يالىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىق. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدىنلا سۇنىڭ يالاش، ئېقىتىشىدىن شەكىللەنگەن تال يوپۇرمىقى شەكىللىك تەبىئىي ئارال بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ، سۇنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن يارداڭلىقنى تاشقى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى تەبىئىي توساق قىلىپ، ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى توختاۋسىز ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلغان. بىراق، نەچچە مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، سۇ داۋاملىق شەھەر ئولىنى يالاپ، شەھەرنىڭ ئەسلى ھالىتىگە زور تەھدىتلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭغا ئەمەلىي پاكىت ئورنىدا مۇقاۋىنىڭ 2 — بېتىدىكى سۈرەتتە ئىپادىلەنگەن يېرىق ئەھۋالىغا قاراڭ. بولۇپمۇ، ئەڭ يامان بولغىنى ھەر قېتىملىق كەلكۈن ئاپتى كەلگەن چاغدا، قەدىمكى شەھەر ئۇلىغا بىۋاسىتە زىيان سالىدۇ. كۆزىتىشىمچە، 1999 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر يارغول قەدىمكى شەھەر ئۇلىنىڭ سۇغا يېقىن جايلىرى سۇنىڭ يالىشى ھەم نەم تارتىش سەۋەبلىك شەرىق، غەرىپ تەرەپ يارداڭلىقتىكى يېرىق يىلىغا 0.25 سانتىمېتىر سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ بارغان. مۇبادا يېرىلغان بۇ يارداڭلىققا ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلمىسا، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

3. تېرىلغۇ يەرنىڭ قىستاپ كېلىشى

يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق دېھقانلارنىڭ يەر ئېچىشى ھەم يەر تېرىشى ئارقىلىق كېلىپ چىقىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق. ھەممىگە مەلۇمكى، دېھقان يەر تېرىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر بولغانىكەن سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشىدىن قارىغىنىمىزدا، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەر قەدىمكى شەھەرنى بارغانچە قىستاپ بارغان. مۇبادا بۇنىڭغا ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلمىسا، تېرىلغۇ يەرلەر كەينىگە چېكىندۈرۈلمىسە تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىش ئارقىلىق قەدىمكى شەھەرنى نەم تارتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ قويىمىز. شۇڭا، دېھقانلارغا بولغان تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلغاندىلا، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا بولغان چۈشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

4. ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تەرتىپى بويىچە ساياھەت قىلماسلىقىدىن كېلىپ چىققان بۇزغۇنچىلىق

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەسىلە شۇكى، ھەرقانداق بىر ساياھەت نۇقتىسىدا ساياھەتچىلەر بېرىشقا بولىدىغان ياكى بېرىشقا بولمايدىغان، مېڭىشقا بولىدىغان ياكى مېڭىشقا بولمايدىغان نۇقتىلار ياكى يوللار بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ساياھەتچىلەردىن يوشۇرۇن تۇتىدىغان جاي بار دېگەنلىك ئەمەس، مۇھىمى خەتەرلىك ھالەتكە يۈزلىنىۋاتقان جايلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇبادا بىرەر ئادەم، شۇ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا بېرىشقا، مېڭىشقا بولمايدىغان جايلار بىلەن ماڭسا ياكى بارسا، سۈرەتتىكىگە ئوخشاش خەتەرلىك جايلارغا بېرىپ قالسا، شۇ يەرگە بولغان بېسىمى ئېشىپ كېتىپ، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ، خەتەرلىك جايلار ئۆرۈلۈپ، بىز قوغداۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماي، ئومۇمىي ساياھەت رايونىغا تەسىر يېتىدۇ. خەتەرلىك جايغا بارغان ساياھەتچىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. بۇلار ئوخشاشلا دۆلەتكىمۇ، ئورگانغىمۇ، شەخسكىمۇ زىيانلىق. شۇڭا، ساياھەت نۇقتىسىدىكى خادىملار يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى قوغدىشى ھەم ساياھەتچىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ساياھەتچىلەرگە بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشى، ساياھەت ئىشلىرىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، يارغول قەدىمكى شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى تېزگىنلەشكە بولامدۇ — يوق؟ شۇنداق قىلغاندىلا، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز يارغول قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1961 - يىلى يارغول قەدىمكى شەھىرىنى دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتكەن. ھەمدە بىر قاتار قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغان. 1994 - يىلىدىن باشلاپ كەلگۈن، سۇدىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى سېلىش ئىشى ئىشلەنگەن. مۇشۇ خىزمەتلەرگە بىرلەشتۇرۇپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەدبىرلەر يەنىمۇ كۈچەيتىلسە، يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەرنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ قالغىلى، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرغىلى بولىدۇ.

Turpanological Research

ئىزاھاتلار

① بىر توملۇق «سىخەي» 347 - بەت، خەنزۇچە

② ئابلىم قېيۇم «تۇرپان يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 1 - ئايدا نەشر 130 - بەت.

③ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتوتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، نەشرگە تەييارلانغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلغان «خەننامە» نىڭ 931 - بېتىگە قارالسۇن.

④ تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» شاڭۋۇ (سودا) نەشرىياتى 1981 - يىلى 1 - قېتىم نەشر قىلغان، 1984 - يىلى بېيجىڭ 3 - باسمىسى 3 - توم، 1870 - بەتكە قارالسۇن.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇنار بىناكارلىقى ھەققىدە

گۈلنۇر ھەمدۇللا

«غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى 36 بەگ بالىق بارلىققا كەلگەن. بۇ جايلاردا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا شەھەر ـ قەلئە تۇرمۇشىنى، يەنى ئولتۇراق ئۆيدە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىشنى باشلاپ، بىناكارلىق سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇددىزم دەۋرىدە ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىدا شەھەر ـ قەلئەچىلىك، ئوردا ـ ساراي، ئۆتەڭ، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارى، تۇر، ئولتۇراق ئۆيلەر، كىمىر ـ مىڭ ئۆيلەر، قۇۋۇق قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئاساس قىلغان بىناكارلىق تەرەققىي قىلغان.

قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى مۇنار قۇرۇلۇشى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇنار قۇرۇلۇشى ئەڭ دەسلەپتە ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى، ئولتۇراقلاشقان مۇھىتى، تۇرمۇش ئادىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەينى دەۋرلەردە ئەجداتلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان شامانىزم ئېتىقادى بويىچە كۆك تەڭرى مۇقەددەس تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن ئېگىز مۇنارلار ياسىلىپ، شامان ئۇستازلىرى (باخشىلار) مۇنار ئۈستىگە چىقىپ كۆك تەڭرى بىلەن يېقىن تۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ تىلىكىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن مۇنارلار ئالاقە ئىشلىرى (مۇنارغا چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىش، باشقىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ۋە كۈتۈلمىگەن تۇرلۇك ئاپەتلەردىن تېز خەۋەر بېرىش) دا مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجداتلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قەلئە شەھەر سېپىلىنىڭ چوڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا ئېگىز تۇرلارنى ياساپ، ئۇنى شەھەر ئەتراپىدىكى دۆڭلەرگە ياسالغان ئېگىز تۇرلار بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، خەۋەرلىشىش ۋاستىسى (يەنى دۈشمەن كۆرۈنگەن ھامان دۆڭلەرگە ياسالغان تۇر ئۈستىگە ئوت يېقىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈن ئارقىلىق شەھەر دەرۋازىسى يېنىغا ياسالغان تۇرغا خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتىدۇ) ئورنىدا ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى كۆزىتىش ۋە خەۋەرلىشىش مۇنارى بارلىققا كەلگەن. ئۈرۈمچىنىڭ ئۇلانباي دېگەن يېرىدە تۆمۈر قوراللار دەۋرى (بۇنىڭدىن 2000 — 2500 يىللار ئىلگىرىكى) گە تەئەللۇق بولغان، ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر كېلىدىغان تۇر، كۈچا قىزىل قاغىدىكى ھازىرغىچە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۇرلار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ①.

مۇنارلارنىڭ ياسىلىشى، ئىشلىتىلىشى بۇددىزمنىڭ تۇرلۇك ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوخشاش بولمىغان قىياپەتلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرلۇك شەكىللەردە ياسالغان. بۇددا دىنىنىڭ بىر رىۋايىتىدە «ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتلىرىدىن

Turpanological Research

بىرى ساكيامۇنىدىن قانداق قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سادىقلىقىنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ساكيامۇنى: ئۇچاڭدىكى كاسايانى يەرگە تۈز قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەدىقىدە ئىشلىتىدىغان چۆچەكنى دۈم قىلىپ قوي، ئاندىن كېيىن قەلەي ھالقىلىق ھاسا (قاقىرا) نى چۆچەكنىڭ ئۈستىگە تىك قىلىپ قويساڭ ئۇل قىسمى تۆت چاسا، گەۋدە قىسمى يۇمىلاق، ئۈستى قىسمى ئېگىز ھەم يۇمىلاق بولغان مۇنارنىڭ شەكلىنى پەيدا قىلساڭ، شۇندىلا ئۇستازىڭنىڭ رازىلىقىنى ئالغان بولىسەن دەپتۇ. ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ شارىرا (بۇددانىڭ جەسەت كۈلى) غا ئايلاندۇرۇپتۇ ھەم ساكيامۇنىنىڭ تاپىلغىنى بويىچە ئۈچ قەۋەتلىك بۇددا مۇنارىنى ياساپ شارىرانى دەپنە قىلىپتۇ.» دېيىلگەن. بۇ خىل بۇددا مۇنارلىرى سانسكرىتچە stupa (جەسەت كۈلىنى قويىدىغان قەبرە مۇنارى) دەپ ئاتىلىدۇ②.

مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە بۇددا دىنى كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە تارقىلىپ كىرىشى ۋە باشقا جايلارغا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە بۇددىزمنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز ئارا سىڭىشىپ، دىيارىمىزغا خاس ئۆزگىچە بىناكارلىق سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددىزم بىناكارلىقى ئۇسلۇبى ئاساسىدىكى يېڭىچە بۇددا مۇنارچىلىقى تەرەققىي قىلىپ كاتتا بۇددا مۇنارلىرى بىنا قىلىنغان. بۇ مۇنارلار ھەر تەرەپتىن كەلگەن سەيياھ، راھىبلارنىڭ، سودىگەر يولۇچىلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، بۇددىغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. قەدىمكى دەۋرلەردە بەرپا قىلىنغان ئاشۇ بۇددا مۇنارلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىنىي توقۇنۇشلار، خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەمدە تەبىئەت ھادىسىلىرى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ۋەيران قىلىنىپ، بىر قىسمى بىناكارلىقىمىزدىكى مۇنار سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك يادنامىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، بۇلار ھېلىھەم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تۆۋەندە مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم بۇددا مۇنار قۇرۇلۇشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1. كىرورەن بۇددا مۇنارى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى، لوپنورنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان كىرورەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، خام كېسەك ۋە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان. كېسەك ئارىلىقىغا ياغاچ قويۇش ئارقىلىق قوپۇرۇلۇپ، مۇنارنىڭ پۇختىلىقى ئاشۇرۇلغان. مۇنارنىڭ ئۇلى چاسا، تۆت قەۋەتلىك مۇنار سۈپىسى ۋە مۇنار گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر كېلىدۇ. دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 4 - ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ.

2. يارغول بۇددا مۇنارلىرى توپى ۋە بۇددا مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالى تەرىپىدە بۇددا مۇنارلار توپى بولۇپ، بۇ كۆركەم مۇنارلار يۇقىرى قاتلام راھىبلارنى دەپنە قىلغان مۇنارلار توپى بولۇشى مۇمكىن. مۇنارلارنىڭ چوڭراق بىرسى ئوتتۇرىغا جايلاشقان. ئۇ ۋاجراسىدىكا پىراجىنا پارامىتا بۇددا مۇنارىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇددا مۇنارى سۈپىسىدا لاي ھەيكەللەر، تۆت بۇلۇڭىدا 25 تىن جەمئىي 100 كىچىك بۇددا مۇنارىسى بار. ھەربىر توپ بۇددا مۇنارى بەشتىن - بەشتىن چاسا شەكىلدە تۆت جايغا توپلىشىپ، چوڭ بۇددا مۇنارىنى قورشاپ تۇرىدۇ. كىچىك بۇددا مۇنارلىرىنىڭ گەۋدە قىسمى ئاساسەن بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇل قىسمى ۋە جايلىشىش ئەھۋالىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

بۇددا مۇنارى — يارغول خارابە دائىرىسى ئىچىدىكى چوڭ كوچىنىڭ شىمالى بۇلۇڭىغا شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىگە بۇددا مۇنارى تۇرغۇزۇلغان. مۇناردىكى بۇد تەكچىسى، تەكچە ئىچىدىكى ئويۇقچىلاردا لايدا ياسالغان بۇددا ھەيكىلى بولۇپ، بوران - چاپقۇنلاردا سويۇلۇپ ئوت - چۆپتە ياسالغان ھەيكەلنىڭ شەكلى قېپ قالغان. ھەيكەلگە بەرگەن بوياقلار سويۇلۇپ كەتكەن. بۇددا مۇنارىنىڭ گەۋدىسىدىن قارىغاندا، بۇت تەكچىسى سۇپىلىق مۇنار بولۇپ، سوقما تام ۋە خام كېسەكلەردىن ياسالغان.

يارغول بۇددا مۇنار توپى ۋە بۇت مۇنارى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 4 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتا بىنا قىلىنغان.

3. نىيا بۇددا مۇنارى نىيا ناھىيىسىنىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قويۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ مەركىزى قىسمىغا جايلاشقان. بۇ مۇنار خام كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان بولۇپ، مۇنار چاسا شەكىللىك بىر قەۋەتلىك، مۇنار سۇپىسى ۋە سىلىندىر شەكىللىك مۇنار گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. مۇنارنىڭ يان تەرەپ يېرىم گەۋدىسى چۈشۈپ كەتكەن. ھازىرقى قالدۇق مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. دەۋرى مىلادىيە 1 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە.

4. مىران بۇددا مۇنارى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ 70 كىلومېتىر شەرقى شىمالىدىكى كونا مىرەن دەرياسى ئەتراپىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان مىران خارابىسى دائىرىسى ئىچىدە بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستى قىسمى بۇزۇلغان، مۇنار توپا بىلەن خاڭداش ئارقىلىق ياسالغان. سۇپا قىسمىنىڭ مەيدانى چاسا شەكىلدە بولۇپ، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 9 مېتىر، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.15 مېتىر كېلىدۇ. دەۋرى مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىگە تەۋە.

5. ئەندىرە بۇددا مۇنارى نىيا ناھىيە ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ دائىرىسىدىكى شايانتاق قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا چوڭ بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، خام كېسەك ۋە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان. مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى چاسا شەكىلدە، بۇرجەكلىرى تۆت تەرەپكە توغرىلانغان، ئۈچ قەۋەتلىك مۇنار سۇپىسى بار. مۇنار گەۋدىسى سىلىندىر شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 9.4 مېتىر، مۇنارنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 7 مېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ جەنۇبىدا يەنە كىچىك بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، خام كېسەك سېغىز لايدا ياسالغان. بۇ مۇنارنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 2.5 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار يېنىدىن سىلىق يۈزىگە كاروشتى يېزىقىدا خەت يېزىلغان تەبىئىي سېغىز پارچىسى تېپىلغان. كاروشتى يېزىقىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىشلىتىلىشى ۋە ئىشلىتىشتىن قېلىشىنى ئاساس قىلغاندا بۇ بۇددا مۇنارلىرى مىلادىيە 1 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرلەرگىچە ئارىلىقتا ياسالغان بولىدۇ.

6. سۇباش بۇددا مۇنارى كۇچا ناھىيىسىنىڭ 32 مېتىر شىمالىدىكى كۇچا دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىغا جايلاشقان. مۇنار تۆت بۇرجەك شەكىلدىكى مۇنار سۇپىسى ۋە سىلىندىر شەكىللىك مۇنار گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. مۇنار خام كېسەك ۋە سېغىز لايدىن ياسالغان، سىرتى سۇۋالغان. مۇنارنىڭ ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ دەۋرى مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە.

7. راۋاق بۇددا مۇنارى لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان بولۇپ، مۇنار ئىبادەتخانىسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. مۇنار خام كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان. مۇنارنىڭ تەكتى كىرىست

شەكلىدە ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر، تۆۋرۈك شەكلىدىكى مۇنار گەۋدىسىنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر، دىئامېتىرى تەخمىنەن 9.6 مېتىر، مۇنارنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 9 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنارنىڭ دەۋرى مىلادىيە 4 — ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە.

8. مور بۇددا مۇنارى قەشقەر شەھىرىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ ستوپا (stupa) شەكلىدىكى بۇددا مۇنارى بولۇپ، مۇنارنىڭ ئاستىدا چاسا شەكىللىك ئۈچ قەۋەت ئۇل بار. مۇنارنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، قالدۇق ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار خام كېسەكلەر ۋە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان، سىرتى سېغىز لايدا سۇۋالغان. دەۋرى مىلادىيە 4 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە.

يۇقىرىدىكى بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە جايلىشىش ئورنىدىن قارىغاندا بىر نەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، بۇ مۇنارلارنىڭ كۆپىنچىسى خام كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان. بىر قىسمى ئېگىز تۆپىلىكلەردىكى نەم توپىنى خاڭداش ئارقىلىق ياسالغان، سىرتى سۇۋالغان. بەزى مۇنارلارنىڭ ئىچىگە ياغاچ تۆۋرۈك ئېلىنىپ مۇنار گەۋدىسى پۇختىلانغان. بەزىلىرىنىڭ خام كېسەكلىرى تىراپېسىيە شەكلىدە ياسىلىپ مۇنارنىڭ يۇمىلاق، پۇختا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان.

ئىككىنچى، مۇنارلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىدىكى مۇنارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلغان بۇددانىڭ جەسەت كۈلىنى قويۇدىغان ستۇپا (stupa) شەكلىدىكى مۇنارلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسىدە بىر ياكى ئۈچ - تۆت مۇنار سۇپىسى بار، مۇنار گەۋدىسى دۈم كۆمتۈرۈلگەن چۆچەك شەكلىدە ياسالغان.

ئۈچىنچى، ئورۇن جەھەتتە ئاساسەن شەھەر ئىچى ۋە بۇتخانا ئەتراپىغا ياسالغان.

يارغول بۇددا مۇنارى ۋە راۋاق بۇددا مۇنارى بۇتخانا ئىچىگە ياسالغان بولۇپ، بۇتخانىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. يارغول بۇددا مۇنارىنىڭ مۇنار سۇپىسىدا بۇت ھەيكەللەرنى قويۇدىغان بۇت تەكچىلىرى بولغان. راۋاق بۇددا مۇنارىنىڭ مۇنار سۇپىسى بىرىنچى قەۋەتتە كىرست شەكلىدە، ئىككىنچى قەۋەتتە چاسا شەكىلدە ياسالغان. بۇ مۇنارلاردا بۇددانىڭ جەسەت كۈلى شارىرا قۇتىسىغا ئېلىنىپ يېنىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇخىل مۇنار چىقىرىش ئۇسۇلى دىيارىمىزنىڭ ئۆزگىچە مۇنارچىلىقى بىلەن بۇددىزىم مۇنارچىلىقىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىزم دەۋرىگە قەدەم قويىغاندا تاقىلىق، گۈمبەزلىك ئوردا - ساراي، مەسچىت - مەدرىسە، ھەممام، قونالغۇ - رابات، مازارلار ۋە مېھراپ، ئويۇقچە شەكىللىك ئولتۇراق بىنالار بەرپا قىلىنىپ تېخىمۇ رەڭدار، ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەن ئۇيغۇر بىناكارچىلىق سەنئىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋلەردە شەكىللەنگەن مۇنارلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ مۇنارچىلىقىدا مەسچىت - مەدرىس، مازارلارغا ياسالغان پەشتاق مۇنارى ۋە مەنزىرە مۇنارىنى ئاساس قىلغان مۇنارچىلىق ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىناكارلىقىمىزدىكى بۇ خىل مۇنارنىڭ ئىزنالىرىنى قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى، ئاپپاق خوجا مازىرى، سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قاتارلىق قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ۋە دىيارىمىزدا ھازىر سېلىنىۋاتقان مەسچىت، مازار قۇرۇلۇشلىرى ھەمدە زامانىۋى بىناكارلىقىمىزنىڭ نەمۇنىسى بولغان شىنجاڭ خەلق سارىيى، دۆڭكۆۋرۈك خەلقئارا سودا سارىيى، دۆڭكۆۋرۈك خەلقئارا كاتتا بازىرى، مىللەتلەر كوچىسى بىناكارلىقىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

دىيارىمىزدا يەنە بىر خىل مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى مۇنار قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ تۇرپان دىيارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خاتىرە مۇنارى ئىنانچى خان سۇلايمان مۇنارىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

سۇلايمان خوجا مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىغە 3 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچۈق توپىلىككە جايلاشقان. مۇنار كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، مۇنار سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەدرىجىي ھالدا كىچىكلىگەن مۇنار شەكلىدە قوپۇرۇلغان تۆۋرۈك بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا خىش بىلەن ياسالغان 72 پەلەمپەي ئارقىلىق مۇنار ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ گەۋدىسىدە ئارىلىق قالدۇرۇپ ياسالغان يەتتە دانە ھاۋادان بار. مۇنار ئۈستىدە تەخمىنەن 10 كوۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە ئۆي بار، تۆت تەرىپىگە پەنجىرە قويۇلغان. بۇ يەردە تۇرۇپ پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ مۇناردا ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى خىشلارنى تىزىش ئارقىلىق نەپىس نەقىش ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ھۈنەرۋەنلەر بەزى خىشلارنى تىك، بەزى خىشلارنى يانتۇ، بەزىسىنى قىيسىق، بەزىسىنى كۆپىنكى، بەزىسىنى پېتىنقى ياكى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدىن پايدىلىنىپ نەقىش ھاسىل قىلغان. بۇ نەقىشلەر خىلمۇ خىل گۈللەر تاغ، ئوركەش ياساپ ئاققان سۇ قاتارلىق دولقۇنسىمان ۋە رومبا شەكىلدىكى 15 خىلغا يېقىن نۇسخىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ مۇنارنى تۇرپاننىڭ ئەينى دەۋردىكى خوجىسى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ 7000 سەر كۈمۈش قۇرۇلۇش مەبلىغى چىقىرىشى، قەشقەرلىك قۇرۇلۇش ئۇستىسى ئىبراھىم تەرىپىدىن لايىھىلىنىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، قۇرۇلۇشچى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە مىلادىيە 1777 - يىلى پۈتكەن. بۇ مۇنارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل پاراسىتى سىڭگەن. بۇ مۇنارنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن بىزنىڭ بۇددىزم دەۋرى بىناكارلىقىمىزنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى شۇنداقلا ئىسلامىزم بىناكارلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىرقى ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك خەلقئارا كاتتا بازىرىنىڭ مەيدانىدا تۇرپان مۇنارىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ياسالغان بىر مۇنار بولۇپ، بۇ مۇنار ئۈستىگە ئىچىدىكى پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىپ ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىلى بولىدۇ.

پايدىلانمىلار:
①② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 - يىل 2 - سان 26 - 27 - بەت

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# قوچو بالىق بەگلىكى توغرىسىدا

(تارىخى ماتېرىيال)

ئۇيغۇر سايرانى

Turpanological Research

قوچو تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاشقان. بۇ يەردە يېڭى دەۋرنىڭ يەنى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە (2000 يىللار ئىلگىرىلا) ئالدى قوش بەگلىكى (- 前车师 ) مەۋجۇت ئىدى. قوش ( 车师 ) ئەسلى يەر ئىسمى بولۇپ، بۇرۇن گوشى ( 姑师 ) دەپ ئاتالغانىكەن. شۇ چاغلاردا بۇنىڭ تەركىبىگە ئۈرۈمچى رايونى تۇرپان ئويمانلىقىمۇ كىرگەنىكەن. كېيىن مىلادىيىدىن ئاۋالقى 70 - يىللاردا ئالدى قوش ( 前车师 )، ئارقا قوش ( 后车师 )، شەرقىي چىمى ( 其弥 ) ئۈرۈمچى، بارسكۆل (بارس كۆل)، بىلۇ ( 卑陆 ) (جۇڭخۇرۇ، سىڭگىم، قاراغوجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق ئالتە كىچىك بەگلىككە بۆلۈنگەن①.

«خەننامە» دە «ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ قارارگاھى يارخوتو (يارغول) شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قوشۇلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن②.

يارخوتو (يارغول) شەھىرىنىڭ خارابىلىرى ھازىرقى ۋاقىتقىچە، تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا ساقلانماقتا. تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا، قارا خوجا كەنتىنىڭ يېنىدا قەدىمكى قوچو شەھىرىنىڭ خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تارىخچى ئالىم پ. پىللىئوت گاۋچاڭ دېگەن نام تۈركچە - قوچو دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، گاۋچاڭ توپونىمىدىن، قوچو توپونىمى كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرمۇ بار.

«خەننامە» دە يۈەنشى ( 元始 ) يىللىرى - مىلادىيە 1 - 5 - يىللاردىكى ۋەقەلەر بايانىدا گاۋچاڭ (قوچو) ئاتالغۇسى ئۇچرايدۇ. «خەننامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، تۇرپاننىڭ شىمال تەرىپىدە بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسى رايونىدىكى ئۇتو دېگەن سايدا ( 务涂洁 ) ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ قارار گاھى جايلاشقان. تارىخچىلار جىمسارنىڭ شىمالىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خارابىنى كېيىنكى قوش بەگلىكىنىڭ قارارگاھى دەپ قاراشماقتا.

1980 — يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - 2 - ئەسىرلەرگە ئائىت قەبرىلەر تېپىلغان. قەبرىلەر ئىچىدىن قىزىل ساپالدىن ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، شۇنىڭدەك يۇڭدىن توقۇلغان رەخلەرنىڭ قالدۇقلىرى چىققان. ئالىملار بۇ بۇيۇملارغا ۋە مېيىتنى كۆمۈش قائىدە يوسۇنلىرىغا قاراپ، (ئۇلار مېيىتنى ئاددى، تاختاي كارۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە گىلەم يېپىپ كۆمىدىكەن) بۇ يادىكارلىقلار مۇشۇ رايونلاردا دېھقانچىلىق قىلىپ ياشىغۇچى ئادەملەرگە مەنسۇپ، بۇلار (دېھقانچىلىق قىلغۇچىلار) كۆچمەنلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆتكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئارخېئولوگ لى يۈيچۈن: مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇنى ئالدى قوش ( 前车师 ) ئاھالىسىنىڭ دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بولسا كېرەك دەپ ھېسابلىغان. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى بۇ يەردە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇشقا بەك قۇلاي بولۇپ كەلگەن. مىلادىيىدىن ئاۋالقى I - II ئەسىرلەردە خەن سۇلالىسى بۇ يەرلەرنى هۇنلار بىلەن قاتتىق تالاشقانلىقى مۇشۇ ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەرلەرنىڭ كىمنىڭ قولىدا بولۇشى، غەربىي يۇرتتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان. مىلادىيىدىن ئاۋالقى I ئەسىردە ئالدى قوشنى هۇنلار ئىگىلىگەندە ئالدى قوشنىڭ ئاھالىسى 6000 ئادەم بولغانىكەن، ئاھالىنىڭ قايسى تائىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تىلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ماتېرىياللاردا كونكرېت كۆرسىتىلمىگەن. خەن سۇلالىسى ئارمىيىسى ئالدى قوشنى بىرقانچە قېتىم ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشقا كۆندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كېيىنكى بىلەنلا ئۇلار (ئالدى قوش) ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

بىرىنچى قېتىم ئالدى قوش هاكىمى مىلادىيىدىن ئاۋالقى 89 - يىلدا خەن سۇلالىسىغا بويسۇندۇغانلىقىنى بىلدۈرگەن③. خەن ۋۇدى ۋاپاتىدىن كېيىن هۇنلار ئالدى قوش بەگلىكىگە 4000 ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالغان. مىلادىيىدىن ئاۋالقى 72 - يىلدا ئالدى قوشلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن④. ئۇ يەرگە كېلىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان هۇنلار قوغلىۋېتىلگەن. ئالدى قوش بەگلىكىدە باشقىلار ئالمىشىپ ئۆگۆي ئىسىملىك بىر ئادەم هاكىم بولغان ۋاقىتتا، ئالدى قوش يەنە هۇنلار تەرەپكە ئۆتۈۋالغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىلادىيىدىن ئاۋالقى 68 - يىلى خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى جىڭ جى (郑吉) ئالدى قوش بەگلىكىدىن ئانچە يىراق بولمىغان چۈيلى (渠犁) دېگەن يەردە ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە يېتەرلىك ئاشلىق هازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى باشقا خەن ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ پايتەختىگە چوڭ هۇجۇم باشلاپ، يار خوتو شەھىرىنى ئالدى. ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ بېگى ئۇسۇنلارغا قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئالدى قوش بەگلىكى خەن سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەمەلىيەتتىكى مەسىلە بۇ يەرلەرنى قانداق قىلىپ قولدا ساقلاپ تۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. خەن ۋۇدىنىڭ ئەسكەر باشلىقى جىڭ جى (郑吉) 1500 ئەسكەر چىقىرىپ، چۈيلى ۋە قوش بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئالدى قوش بەگلىكىدە دېھقانچىلىق قىلدۇردى. ئەھۋالغا قاراپ، هۇنلار بۇ يەرلەرگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ پايتەختىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالاتتى. بىر قېتىم هۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلگۈچى هۇن جەڭچىسى قوماندان جىڭ جىغا «بۇ يەرلەرنى هۇن تەڭرىقۇتى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى توختىتىڭلار» دەپ خەۋەر قىلغان، جىڭ جى ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ پادىشاھقا دوكلات يوللاپ بۇ يەردە ئورۇنلىشىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆپەيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئوردىدىن بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. جىڭ جى بۇرۇن ئۆزى يەر ئاچقان چۈيلىگە قايتىپ بېرىپ، يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئالدى قوش بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن هاكىم بىر مۇنچە ئاھالىنى باشلاپ چۈيلىگە بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدى قوش بەگلىكى قايتىدىن هۇنلارنىڭ قولىدا قالدى⑤.

غەربىي يۇرتتا توتۇق (都护) مەھكىمىسى رەسمىي ئورنىتىلىپ، توتۇق بەلگىلەنگەندىن كېيىنلا ئالدى قوش يەرلىرىنى ئېچىشقا قايتىدىن كىرىشتى. خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئاۋالقى 48 - يىلى يار خوتو شەھىرىدە دائىملىق ھەربىي كومىندانت

مەھكىمىسى ( 戊已校尉 ) قۇرۇشنى قارار قىلدى. كىروروەندىن تېپىلغان مىلادىيىدىن ئاۋالقى I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا ئائىت ھۆججەتلەردە يار خوتو شەھىرىدە تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىقلىرىنى ساقلايدىغان چوڭ بىر ئاشلىق ئىسكىلاتى بولغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ ئىسكىلاتنى ساقلىغۇچىلار كىروروەندىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن⑥. مىلادىيە 16 - يىلى ئالدى قوش بەگلىكىدىكى ھەربىيلەرنىڭ تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ھەربىي كومىندانت باشلىقى گو چىن دۇنخۇاڭدىكى ھەربىي چېگرا مەھكىمىسىگە قايتىش بىلەن ئالدى قوشتىكى خىزمىتىنى توختاتتى، ئورنىغا يېڭى ئادەممۇ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدى قوش بەگلىكى يەنە 50 يىلدىن ئارتۇقراق ھۇنلار قولىدا قالدى.

ئالدى قوش بەگلىكى ئۇچۇن بولغان كۆرەش مىلادىيە 73 - يىللاردا قىزىپ كەتتى. بۇ چاغلاردا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىن ھۇنلارنى ئۇزۇل - كېسىل قوغلاپ چىقىرىش ئۇچۇن چارىلار قوللانغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىلادىيە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي يۇرتقا كېلىدىغان يەنە بىر يول ئېچىلغانىدى. بۇ يول شۇ چاغدا «يېڭى يول» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدى قوش بەگلىكىگە كېلىش ئۇچۇن، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ، كېسىپ ئۆتۈش ناھايىتى قىيىن بولغان بەيلوندوي قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، كىروروەنگىچە باراتتى. بۇ «يېڭى يول» يۈمىنگۇەن (قاشقۇۋۇق) دىن چىقىپ، شىمال تەرەپتىن توغرا سىزىق بويىچە تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىدۇ.

مۇشۇ تۈپەيلى ئىچكىرىدىن كېلىدىغان ئادەملەر تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بەگلىكلەرگە كىرمەيلا شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا كېلەلەيدىغان بولدى. بۇ يولدىكى ئاساسلىق ئۆتەڭلەر ئۈۋرغول (قۇمۇل)، (قاشقۇۋۇرۇقنىڭ شىمالىدىن بىر مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا)، قوچو، جىنمىيەن (جىمسار) بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ قوچو كىروروەنگە ئوخشاش غەربىي يۇرتقا كىرىدىغان دەرۋازا بولۇپ قالدى. غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن بەنچاۋنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر ۋاقىتتىلا ئالدى قوشقىمۇ بەنگو ۋە گېڭ بىڭ ئىسىملىك ئادەملەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. بۇ ئادەملەرنىڭ قوشۇنلىرى ئاۋۋال باركۆلگە كېلىپ ئۈۋرغول (قۇمۇل) نى ئىگىلىدى. مىلادىيە 74 — يىل، ئالدى قوش ۋە ئارقا قوش ھاكىملىرىنى مەغلۇپ قىلدى⑦. شۇ يىلى غەربىي يۇرت تۇتۇقى ۋە ھەربىي كومىندانت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەن سۇلالىسى ھەربىيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە لۈكچۈن ۋە جىمسار شەھەرلىرىدىمۇ ھەربىيلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى. مىلادىيە 75 - يىلى ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. جىمسار رايونىدىكى خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى گېڭ گۇڭنى ھۇنلار ۋە ئارقا قوش ئەسكەرلىرى قوشۇۋالدى. گېڭ گۇڭغا ياردەم بېرىش ئۇچۇن يېڭى ئەسكەرلەر كەلتۈرۈلدى.

قوچو ئۇچۇن بولغان كۆرەش مىلادىيە 89 — يىلى يەنە باشلاندى. مىلادىيە 91 - يىلىغا كەلگەندە، خەن سۇلالىسى بۇ يەردە ھۇنلاردىن خېلى دەرىجىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. بەن چياۋ، غەربىي يۇرتتا تۇتۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، قوچودا ھەربىي كومىندانت مەھكىمىسى 500 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ تۇردى. 1957 - يىلى باركۆلدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشتا خەن سۇلالىسىنىڭ قوماندانى رېن شەننىڭ نامى ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ئادەم شۇ يەردىكى كۆچمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىشقا قاتناشقانىكەن. كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ تۇتۇقى بولغانىكەن⑧. مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى شۇ چاغلاردا خەن

Turpanological Research

سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمىدا ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مىلادىيە 96 - يىلى ئوجى شياۋيې ئارقا قۇشنىڭ ھاكىمىنى يۆتكىمەكچى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئارقا قوش ۋە ئالدى قوشلاردا بىر قاتار توقۇنۇشلار پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە بۇ يەردىكى ئىشلاردا بەزىدە خەن سۇلالىسى، بەزىدە ھۇنلار ئۈستۈنلۈك ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى. مىلادىيە 107 - يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى تاشلاپ كەتتى. ئەمما 112 - يىلىغا كەلگەندە قۇشلار قايتىدىن خەن سۇلالىسىغا ئىتائەتمەنلىك بىلدۈردى. مىلادىيە 120 - يىلى خەن سۇلالىسىغا يەنە قارشى كۆتۈرۈشلەر بولدى دېگەن مەلۇماتلارنى مىلادىيە 112~120 - يىللار ئارىلىقىدا قوشلار يەنە بىر قېتىم خەن سۇلالىسى ئىتائىتىدە بولدى دېگەنلىك دەپ چۈشەنسە، چۈشىنىشلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ⑨.

قوچو ئۇچۇن بولغان كۆرەشلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قوچو رايونىدا تەشكىل قىلىنغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى داۋام قىلىۋەردى. مىلادىيە I ۋە Ⅱ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قوچو رايونىدا خەنزۇلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىتتىك جەھەتتە ئارىلىشىپ كېتىش جەريانى يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق، مۇشۇنداق جەرياننىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزى، ھېلىقى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ داۋاملىق شۇ رايوندا قالىۋەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا كېيىنكى قوشقا ھاكىم بولغان ئاندۇر ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ «ئەجدادلىرى خەنزۇ ئىدى» دېيىلىدۇ. ئەمما شۇ تېكىستىنىڭ ئۆزىدە يەنە ئۇ ئايالنىڭ ئاتا — بوۋىلىرى نەچچە ئەۋلادتىن بېرى قوشلار رايونىدا ياشىغان خەنزۇ بولسىمۇ، شۇ

كۆنلەردە ئۇ ئايال ئۆزىنى خەنزۇ دەپ ھېسابلىمايدىكەن دېيىلىدۇ⑩.

كىرورەندىن تېپىلغان Ⅲ ئەسىرگە ئائىت ھۆججەتلەردە قوچودىكى تېرىقچىلىق قىلغان ھەربىيلەر كىرورەندىكى خەن سۇلالىسى مەمۇرىي خادىملىرى بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىشىپ تۇرغانلىقلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. بۇلار مىلادىيىدىن ئاۋالقى I ئەسىردىمۇ خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرغاندى⑪.

جىن سۇلالىسى ئەمەلدىن قېلىپ، جاڭ جۈن تەرىپىدىن ئالدىنقى لياڭ (چيەن لياڭ) بەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوچودىكى ئوجى شياۋيې جياۋچىن ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غەربىي يۇرتنىڭ ساتىراپ (长史) ئەمەلدىكى لى بەي، جياۋچىننى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى. لېكىن ئۆزى مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن جاڭ جۈن جياۋچىنگە قايتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، مىلادىيە 327 - يىلى قوشلار (车师) يېرىدە قوچو ۋىلايىتىنى قۇرىدۇ.

مىلادىيە 384 - يىل لۈي گۇاڭ كۇچاغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، قوچونىڭ ۋالىيسى ئۇنىڭغا قارشى تۇرماق بولىدۇ، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. لۈي گۇاڭ قوچونىڭ ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئوغلىنى غەربىي يۇرتنىڭ باش نازارەتچىسى — گېنرال پراتېكتور ۋەزىپىسىگە قويىدۇ⑫.

قوچونىڭ Ⅲ، Ⅵ ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى تارىخىنىڭ مۇھىم مەنبەئى — ئاستانە ۋە قارا خوجىلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردۇر. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ دەسلەپكىلىرى ئا. سىنبېئىن ۋە تاتىبا دزۇيتى تەرىپىدىن تېپىلدى، يېڭى مۇھىم ماتېرىياللار 1959 - يىلىدىن بۇيان بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جۇڭگو

ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە يىل ۋاقىتلىرى ئېنىق يېزىلغان. ئۇ ياكى بۇ سۇلالىلەرنىڭ يىلنامىلىرى ( 年号 — سۇلالىلەر پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلىرى) يېزىپ قويۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ شۇ دەۋرلەردىكى قوچونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن تەتقىقاتچىلارغا مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

ئەڭ بالدۇرقى ھۆججەت مىلادىيە 273 - يىلىغا ئائىت. بۇ مەزگىل تەيشى ئىدارە قىلغان يىللارنىڭ 9 - يىلى ئىدى. بۇ شۇ يەردىكى قەلئەنى ئىدارە قىلىشقا كاپالەت قىلىنغان ھۆججەت بولۇپ، خەننامىنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆججەتلىرىگە تامامەن ئوخشاش كېلىدىكەن⑬.

جيەن شىنىنىڭ 36 - يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن ھۆججەت جىن سۇلالىسىنىڭ بار - يوقى بەش يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئاخىرقى ھاكىمى تەرىپىدىن قويۇلغان يىلنامە ( 年号 ) ئىكەن. مىلادىيە 317 - يىلى مۇشۇ يىلنامىنىڭ ئورنىغا جەنۇبىي جۇڭگودا جيەن ئۇ — يىلنامىسى قوللىنىپ كېلىنگەنىدى. ئەمما جاڭجۇن بۇ يىلنامىنى قوبۇل قىلمىغان. بۇرۇن ئىشلىتىلگەن يىلنامىلار بويىچە يەنە 31 - يىلى ئىش ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئۆزى قوچو ۋىلايىتىدىكى خەت ئالاقىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا بىر تېكىستتە دۇنخۇاڭدا مىلادىيە 400 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۆزىنى دەسلەپكى لياڭ ( 前梁 ) نىڭ ۋارىسى دەپ ھېسابلايدىغان، غەربىي لياڭنىڭ جياڭ چۇ دېگەن يىلنامىنى ئۇچرىتىمىز. قوچو مۇشۇ غەربىي لياڭ بەگلىكىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ۋىلايەت بولۇپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھۆججەتتە «قوچو ۋىلايىتىدىكى گاۋتيەن ناھىيىسىنىڭ سويەن 434 - يىلى غەربىي لياڭنىڭ ئورنىنى، باسقان شىمالىي لياڭ سۇلالىسى شىمالىي ۋېيى ( 北魏 ) دەپ ئاتالغان — تابغاچ (توبا) ئىمپېرىيىسى يىلنامە سىستېمىلىرىنى قوبۇل قىلدى. شىمالىي ۋېي پۈتۈن شىمالىي جۇڭگونى تېزلا ئۆزىگە بويسۇندۇردى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللار تۇرپاندىن تېپىلغان تېكىستلاردا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادىيە 442 - يىلى قوچونى جۆي جۆي ئوخوەي (ھۇن) ئىگىلىۋالدى. بۇ ئادەم ئۆزىنى لياڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلغانىدى. جۆي جۆي ئوخوئەينىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى جۆي جۆي ئەنجۇ ئولتۇردى. بۇ ئادەمنى جورجانلار ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەن بۇ جونى تەختكە چىقاردى. كەن بوجۇ بولسا قوچو ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇنقى ۋالىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كەن بوجۇ فېئوداللىق قوچو خانلىقىنىڭ بىرىنچى خەنزۇ باشلىقى بولدى. قوچونىڭ گۈللەپ ياشنىشى جۆي ( 鞠 ) سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇپ تۇرغان يىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. جۆي سۇلالىسى مىلادىيە 439 — 640 - يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈردى. قوچودىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى V ، VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى جۆي سۇلالىسىنىڭ شەجەرىلىرىنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بەردى. بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشتا ئا. ماسپىرو ۋە ئوتانى سېسىنلارنىڭ تۆھپىسى چوڭ.

1973 — يىلى تېپىلغان يېڭى ماتېرىياللار قوچونىڭ يىلنامىلىرىنى ئېنىقلاشقا يەنە قوشۇمچە ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. جۈملىدىن جۆي سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ھاكىمى ھاكىمىيەتكە قايسى يىلى چىققان دېگەن تالاش - تارتىش مەسىلىسى ھەل بولدى.

جۆي ( 鞠 ) سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى خانى 500 - 524 - يىللار ئارىلىقىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ جۆي جەمەتىدىن 10 نەپەر ئادەم خان بولغان. ئاخىرقى خان 624 - يىلىدىن 640 - يىلىغىچە خان بولغان. جۆي جەمەتى 140

يىل ھۆكۈم سۈرگەن. جۇي سۇلالىسىنىڭ شەجەرىسى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئىنىقلانغان.

كەن بوجو ( 敢伯周 )، جۇي جيا ( 鞠嘉 ) لار باشلىق بولغان خانلىق جورجان ۋە تېلى قاغانلىرى بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ قاغانلارنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان جورجانلارغا 20 يىل قارىغان. تېلى قاغانلىرى بىلەن قۇدا ــ باجىلىق مۇناسىۋەتلەردە ئۆتكەن. تېلى خاقانىنىڭ قوچودا دائىم تۇرىدىغان بىر ئەمەلدارى بولغان. «يىپەك يولى» ئارقىلىق ئۆتكەن چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن ئالغان باج كىرىمىنى قوچو خانلىقى تېلى قاغانىغا يوللاپ تۇرغان. قوچونىڭ ئىقتىسادىي راۋاج تاپقان.

«جۇ نامە» ( 周书 ) دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ چاغلاردا غەربتىن شەرققە 300 چاقىرىم سوزۇلغان، شىمالدىن جەنۇبقا 500 چاقىرىم ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوچو ۋىلايىتىدە 16 شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەردە شۇ چاغلاردا تۇرغان ئاھالە ئارىلاش ياشىغانىكەن. بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا سۆزلەشكۈچى شۇ يەرنىڭ ئەسلى خەلقى ياشىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇلارمۇ بار ئىكەن. خەنزۇچە يېزىقلار بىلەن بىللە تۈركچە يېزىقمۇ ئىشلىتىلگەنىكەن. تۈركىي تىل سوغد ( رونىك ) يېزىقى بىلەن توغرىسىغا يېزىلغان. تىل تەرەققىياتى، ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى، تائىپىلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۆزئارا سىڭىشىش ھەم يېڭى ئېتنىك ئومۇمىيلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، شۇ «يەرلىك خەلقلەر» كىم بولغىيدى؟ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلى قايسى «خۇ» ( 胡 ) لارنىڭ تىلى بولغىيدىمۇ؟ دېگەن ئوي ـ پىكىرلەر كېلىدۇ. بۇ توغرىلىق ئىزدىنىشكە، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇ ئەھۋال ئىلمىي پەرەز ـ تەخمىنلەرنى قويۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئېتنىك جەريانلارنىڭ كېيىنكى نەتىجىلىرىگە قاراپ، شۇ «خۇ» لارنىڭ تىلى — ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىل بولسا كېرەك. بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر — تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى «خۇ» ( 胡 ) لار بولسا كېرەك. بۇ «خۇ» لار شۇ چاغدىكى نوپۇسنىڭ سالماقلىق نىسبىتىنى تەشكىل قىلغان بولۇشى كېرەك دېگەن ئوي ـ پىكىر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق بولمىسا نېمە سەۋەبلەردىن بۇ يەردىكى ئاھالە ھەممىسى تەدرىجىي ھالدا «تۈركىلىشىپ» كېتىدۇ. «تۈركىلىشىش» ئۇزاق ئەسىرلەرگە سوزۇلغان ئۇزۇن بىر جەريان. بۇ جەريان قاچانباشلانغاندۇ؟ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە، قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ ( گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئاھالىسى ياۋچىلار ( 月氏 ) بولغانىكەن. «ياۋچىلار» نىڭ ئىككىنچى بىر ئاتىلىشى «توخار» لار ئىكەن. بۇنى ھازىر ئومۇم خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىدۇ. ياۋچىلارنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. مانا مۇشۇ «توخار» تىلى بۇنىڭدىن ئاۋالقى 3 مىڭ يىلدىن 4 مىڭ يىللار ئارىلىقىدا مۇشۇ رايونلاردىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركى تىل بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە تەدرىجىي ھالدا تۈركىيلىشىدۇ.

جۇڭگو تارىخچىلىرى ( تەزكىرىچىلىرى )

قوچودىكى مەكتەپلەردە جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى كوڭ زىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «شىياۋجىڭ» قاتارلىق كلاسسىك كىتابلىرى يەنە قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى «سى جىڭ» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى دەپ يازىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بايانلىرىنى شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاشۇ رايوندا تېپىلغان قوليازمىلىرىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، جۇڭگو تارىخچىلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋالنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. يەنى بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېكىستلىرىنى مەكتەپلەردە ياشلار ئوقۇغاندا خەنزۇ تەلەپپۇزى بىلەن

ئوقۇغان، ئەمما مۇھاكىمە قىلغاندا يەرلىك تۈركىي تىلدا مۇلاھىزە قىلغان. ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچىلاردىن ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسراپىل يۈسۈپ، تىلشۇناس پروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»⑭ . دېگەن كىتابىدىمۇ، تۈركچە (ئۇيغۇرچە) سۆزلەر خەنزۇچە يېزىق بىلەن يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ. قوچولۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەك پاسونلىرىدىمۇ خەنزۇچە ۋە يەرلىك پاسون كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئەرلەر تۈركلەرچە پاسوندا، ئاياللار بولسا ئاساسەن خەنزۇچە پاسوندا كىيىنىدىكەن. «سۈينامە» نىڭ ئاپتورلىرىمۇ، ئاياللار كالتە كوپتا ۋە كەشتىرەك يوپكا كىيىدىكەن، ئەرلەر بولسا تۈركىيلەرچە كىيىنىدىكەن دەپ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ Ⅲ، Ⅳ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا خەنزۇ ئاياللىرىنىڭ شۇنداق كىيىنىشى ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئىش ئىكەن. شۇ دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرى، ئەرلەرگە نىسبەتەن كونسېرۋاتىپ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كىيىم — كېچەك پاسونلىرى توغرىسىدا «جونامە» ۋە «سۈي نامە» دە كۆرسىتىلگەن پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، قوچودا ياشىغۇچى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ تەدرىجىي ھالدا تۈركىيلەشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. (ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەك پاسونىدىكى كونسېرۋاتىپلىقىدىكى قانۇنىيەت بۈگۈنكى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئىكەن) خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ تۈركىيلىشىشى مىلادىيىدىن ئاۋالقى بىرىنچى ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتنى بىرلىكتە ئېچىش جەريانىدا باشلانغان. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى قوچو ئاھالىسىغا 3 - 5 - ئەسىرلەردىن باشلاپ تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭ بىرىنچى ئىسپاتى شۇكى، Ⅴ ئەسىرنىڭ 60 - 80 - يىللىرى ئارىلىقىدىكى خەنزۇچە يېزىلغان قوچو تېكىستلىرىدا يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئىسىملىرىدا تۈركچە تېكىن سۆزى قوشۇلۇپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ⑮ . مۇشۇ ھۆججەتلەر تېپىلغان قەبرىلەردە سوغد (رونىك) ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەر يولۇققان.

قوچودا جۈي سۇلالىسىنىڭ 8 - ھاكىمى بوي يۇرت سوراپ تۇرغان چاغدىكى ۋەقەلەرنىمۇ تۈركىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت بەلگىلىگەن. بوينىڭ ئايالى تۈرك خاقانىنىڭ قىزى بولغانىكەن.

بوينىڭ ئاپىسىمۇ ئىلى خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئايال ئىكەن. مۇشۇ تۈركلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ قوچودا تۈركىيلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى يۈرگۈزگەنىكەن. مىلادىيە 609 - يىلى بوي چاڭئەندىكى سۈي ئوردىسىغا كېلىدۇ. كېيىن سۈي سۇلالىسىنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئۈچ يىل يۈرۈپ 612 - يىل قوچوغا قايتىپ كېلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، چاچ ياساشتىكى بەزى ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە پەرمان چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى ئاقمايدۇ. بەلكى جۈي سۇلالىسىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، بوينىڭ كۆرسىتىشى بويىچە يۈرگۈزۈلگەن بۇ ئىسلاھات مەغلۇپ بولىدۇ. تۈركچە ئۆرپ - ئادەت شۇ بويىچە يۈرگۈزۈلىۋېرىدۇ. جۈي - بوي قوچودىن قېچىپ كېتىدۇ.

گابايىن خانىم ۋە مۇللېر ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، كىچىك بىر ياغاچ تارىشىغا 760 - يىلى ئەلى تۇتۇق - ئۆگە ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ قوچو شەھىرىگە «قوچو بالىق بېگى» ئۇنۋانى بىلەن بولغانلىقى يېزىلغان. بۇ ئادەم ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى — بۆگۈ قاغانغا ئىتائەت قىلغۇچى ئادەم دەپ ھېسابلايدىكەن. ئەلى تۇتۇق ئۆگە مىلادىيە 767 - ، 768 - يىللاردىمۇ داۋاملىق قوچو بالىقنىڭ بېگى بولغانىكەن.

پايدىلانغان ئەسەرلەر:
1. «لىن گەن. «هۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 39 -، 40 - بەتلەر. 1956 - يىل. بېيجىڭ.
2. «خەننامە» 12 - تومنىڭ 3921 - بەت.
3. كوچىرانىڭ «خەن دەۋرىدىكى تۇرپان تارىخىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.
4. خەننامىسىنىڭ 12 - تومى، 3922 - بەتكە قاراڭ.
5. بەنگو «خەننامە» 12 - توم، 322 - بەت.
6. خۇاڭ ۋېنبى «لوپنۇر كۆلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار خاتىرىسى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ
7. كېيىنكى خەننامىغا بېرىلگەن ئىزاهلار توپلىمى دېگەن كىتابقا قاراڭ. 1 - توم 746 - بەت.
8. لى يۈيچۈن «ئەسەر - ئەتىقە (ۋېن ۋۇ) 物文 ژۇرنىلى 1962، 7 - 8 - سانلار
9. س. كوچىرانىڭ «تۇرپاننىڭ خەن دەۋرىدىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، 51 - بەت.
10. ۋاڭ شياۋۋېننىڭ «كېيىنكى خەننامىغا بەرگەن ئىزاهلار» توپلىمىغا قاراڭ 1959 - يىل 751 - بەت.
11. ناگاساۋا كادزىيتوسانىڭ «كىرورەندە ۋېي - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى هەربىيلەرنىڭ دېهقانچىلىقى دېگەن» كىتابىنىڭ 33 - بېتىگە قاراڭ.
12. فېڭ چېڭجۈنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسىگە ئائىت كىتابىغا قاراڭ. 54 - بەت.
13. «قەدىمكى شەرق تارىخىنىڭ ئوقۇشلۇقى» 1980 - يىل مۇسكۋا، 209 - 202 - بەتلەر.
14. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 24 - بېتىگە قاراڭ.
15. «تۇرپاندىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بويۇملار توغرىسىدا» ئەسەر — ئەتىقە (ۋېنۋۇ) ژۇرنىلى 1983 - يىل 3 - سان.
16. «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرت»؛ ئاكادېمىك س. ل. تىخۋىنسكى، ئاكادېمىك ب. ئا. لىتۋىنسكىلەرنىڭ مۇهەررىرلىكىدە 1988 - يىل موسكۋا، «ئىلىم - پەن» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان
17. ب. ئا. لىتۋىنسكى. «غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەقرىزى» 1984 - يىل. موسكۋا
18. «خەننامە» شىمالىي سۇلالىلەر ( 北史 ) تارىخى 97 - باب، «سۈينامە»، 83 - باب.
19. «غەربىي يۇرتتىكى هىندىلار»، ۋارابيوۋا - دېسە تۇۋسكايا ماقالىسى 1989 - يىل»
20. «شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائى دەۋر ئارخېئولوگىيىسى هەققىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز» ئانتونوۋا ماقالىسى، 1984 - يىل
21. «نىئولىت ۋە مېتال دەۋرىدىكى شىنجاڭ» س. كوچىرا ماقالىسى، 1989 - يىل

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات

ئەمدى بىز ۋىزانتىيە ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلىپ باقايلى. بىز ئۇلارنىڭ 5 - 7 - ئەسىرلەردە يېزىلغان تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئوغۇز (oghuz) لارغا ئائىت بىر قىسىم تەپسىلىي ماتېرىياللارنى ئۇچراتتۇق. بىراق بۇ خەتنىڭ شەكلى باشتىن ئاخىر oghur، ughur، uighur، uighor قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، كۆپ ھاللاردا بۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ئون (on) ياكى un قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى on—10 دېگەن سانغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن oghur، on—ughur، on—oghor، —un lghur، un—lghor، un—ughur قاتارلىقلاردىن ئىبارەت①. تۆۋەندە بىز بۇ قەبىلىلەرگە ئائىت ۋىزانتىيە ماتېرىياللىرىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى.

461 — 465 — يىللىرى ئارىلىقىدا، ساراغۇر (sarahur)، ئۇيغۇر (回鹘 ogor) ۋە ئون ئوغۇر (on—oghur) لار تۇنجى بولۇپ ۋىزانتىيىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ مىللەتلەر بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن شەرقتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە سابىرلار (sabir) ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلىۋەتكەن ئىدى. كېيىنكىسى ئاۋارلار (abar) تەرىپىدىن قوغلاندى. ئاۋارلار يەنە چوڭ ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ بېسىمىدىن غەربكە كۆچكەن. ساراغۇر (sarahur) لار، ھۇن ئاكاتزىر (Huns Akatzir) لاردىن پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك بىر پارچە زېمىن سوراپ بۇ يەرگە كەلگەن ھەم ئۇلارنى ئۇچۇشلۇق بويسۇندۇرغان②.

ساراغۇر (sarahur) دېگەن بۇ مىللەت نامى سۈرىيە يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە sarugur شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇنى sarig (سېرىق، ئاق رەڭ دېگەن مەنىدە) +ghur (u|o|ui|i) دەپ ئايرىپ ئىزاھلاش لازىم. بىز بۇرۇن بۇ ئىككى نامنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق③. بۇ نام سېرىق ئۇيغۇر (sariɣ—uyghur) لارنى كۆرسەتمەي، باشقا مىللەتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار 11 - ئەسىردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشاپ كەلمەكتە④. لېكىن، ساراغۇر (saraghur) لار پەقەت 461 - 550 - يىللار مەزگىلىدىكى ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىلا كۆرۈلىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە urog دېگەن بۇ سۆز شەكلىنى ughor دېگەن سۆزنىڭ بىرخىل خاتا يېزىلىشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوخشاش بىر ئۇيغۇر (/uighur/ughur oghur) قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سابىر (sabir) بۇ خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان سيانپېي (鲜卑) لارنى كۆرسىتىدۇ. (ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) ئاۋارلار تەرىپىدىن قوغلىنىشتىن بۇرۇن ئېرتىش (irtis) دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن، ياكى ھېچبولمىغاندا، ئالتاي تېغى بىلەن ئورال تېغى ئارىلىقى غەربىي سىبىرىيىدە ئولتۇراقلاشقان⑤.

ئاۋارلارغا كەلسەك بارلىق بىشارەتلەردىن قارىغاندا، ئۇلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە تىلغا

ئېلىنغان جۇرجان ( 蠕蠕 ) لاردەك قىلىدۇ ⑥. ئۇلار دەرۋەقە «دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر» ئىدى. ئەمەلىيەتتە 458 ـ 459 ـ يىللىرى ئەتراپىدا توبا (سىيانپىي ( 投拔 ) لارنىڭ پادىشاھى باشچىلىق قىلغان قۇدرەتلىك شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتتى ھەمدە جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلدى. جۇرجانلارغا ئەل بولدى. بىراق كۆپ قىسمى شىمالدىكى تېخىمۇ يىراق جايلارغا قېچىپ كەتتى. («ۋېينامە» 103 ـ جىلد 3 ـ بەتكە قاراڭ).

ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرى مىلادىيە 448 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ ئاكاتزىرلار ( Agazir ، Akatzir ، Akatzir ) نى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي، ئازوۋ دېڭىزىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قەبىلە ئاتتىلا ھۇنلىرى ( Hunsd AttiLa ) نىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئىدى دەپ قارايدۇ. 466 ـ يىلدىن كېيىنكى تارىخ ماتېرىياللاردا بۇ مىللەت نامى قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. چۈنكى بۇ يىللاردا ئۇلار پارسلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كاۋكاز تاغلىرىغا بارىدىغان يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا، سارۇغۇر ( sarurgur ) لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان⑦. بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ئاكاتزىرلار ئەمەلىيەتتە ئاق خازار ( Aq—qazir ) لار بولۇپ، خازار ( khazar ) تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادىنى كۆرسىتىشى، ھېچبولمىغاندا، بىر قىسىم خازار ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن كۆپلىگەن تارىخ ماتېرىياللاردا بۇ رايوندا مۇشۇ مىللەتنى خاتىرىگە ئالغان⑧.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇلار مىلادىيە 458 ـ 459 ـ يىللىرى قۇملۇقنىڭ سىرتىدىكى جۇرجانلار ـ ئاۋارلارغا زور كۆلەمدىكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇرجانلارنى جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمالىدىن قوغلىۋېتىپلا قالماي، نۇرغۇنلىغان چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ شەرقتىن غەربتىكى ـ ئوتتۇرا ئاسىياغا زور كۆلەمدىكى كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن سارىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر ۋە ئون ئۇيغۇرلار (ئۇلارنىڭ ناھايىتى قويۇق قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار) كاۋكازنىڭ شىمالىغىچە يېتىپ بارغان ئىدى. ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن شۇنى ئويلاشقا بولىدۇكى، بۇ قەبىلىلەر غەربىي سىبىرىيىدىكى سابىر (سىيانپىي) لارنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ يىراق شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۆتىكى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ۋىزانتىيىلىكلەر پەقەت مۇشۇ ئۆتەڭدىنلا خەۋەردار بولغان.

I جۇردانىس ( Jordanes ) نىڭ 551 ـ يىلىدىكى ۋە ئاكادىيىنىڭ 552 ـ يىلدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئون ئۇيغۇرلار 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاۋكازنىڭ شىمالىي رايونىدا ئولتۇراقلاشقان⑨. باشقا تەرەپتىن 569 ـ يىلدىكى سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ئەسەردە ئون گۇر ( .( ungur ) ) لارنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن يەنە بىر گۇرۇپپا 12 قەبىلىنىڭ ناملار جەدۋىلىنى مىسال كەلتۈرگەن. مۇبادا، ئۇيغۇرلار بىلەن سارغۇر (بۇ ئىككى نام unu—gur نىڭ مەنىداش سۆزى بولۇشى مۇمكىن) نى چىقىرىۋەتسەك، ئۇ ھالدا ئون قەبىلە ئېشىپ قالىدۇ. بىراق بۇ ئون قەبىلە ئون ئۇيغۇرلارغا ئەل بولمىغان بىلەن ھېچبولمىغاندا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئون ئۇيغۇرلار تۆۋەندىكى قەبىلىلەرنى

ئـۆز ئـىچىگە ئالىدۇ. ئۇگۇر (ug)u(r) ،
سابىر (asb(i)r) ، بۇلغار (Burg (a) /r
Bul (gar) ) ) ، قـوتـۇرغۇر (kutrg (u) /r
Kutugur ) ، ئابار (Ab(a)r) كاسىردىرمىر
(Kasr.Dirm.r) سـارىـگـۇر (sarurgur) ،
بـاغـىرسـىـق (Bagrsiq) ، قۇلس (kuls) ،
ئابدال (Kbd.L) ، ئىپتالىت (Ept(a)lit)
⑩ قاتارلىقلاردۇر.

سابىرلار ھېچبولمىغاندا، مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا كاۋكاز رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن كـېـيـىـن بـۇ رايونغا كەلگەن ھەم 460 - يـىـلـلـىـرىـدا كـېـيـىـنـكـىـسـىنى جەنۇبىي سـىـبـىـرىيىدىن قوغلاپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بارلىق ئالامەتلەردىن كۆرە، 6 - ئـەسىردە سابىرلار بەلكىم يەنە ئىفتالىت ( Eptalit ) لار ۋە ئـون ئـۇيـغـۇرلار بـىـلـەن ئىتتىپاق تۈزمىگەن بولسىمۇ ھېچبولمىغندا، ئـۇلار بـىـلـەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەن. كـېـيـىـنـكـىـلـەر ئـارال دېـڭىز بويلىرىدا ئـولـتـۇراقلاشقان ئىدى. بۇ ھەقتە دىنىس سنۇر (Denis sinor) نىڭ «5 - ئەسىرنىڭ دەسـلـەپكى مەزگىللىرىدىكى بىر قېتىملىق مـىـلـلـەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى توغرىسىدا» («ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 235 - سان 19 - بەت) ؛ «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخ توپلىمى» 1 - جىلد 68 - بەتكە قاراڭ.

ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرى 480 - يـىـلـى تـۇنـجـى قېتىم بولغار (Bulghar) قـەبـىـلـىلىرىنى تىلغا ئالغان. بۇ دەل ئون ئـۇيـغـۇرلار غـەربـكە كـېلىپ ئانچە ئۇزاق بـولـمـىـغان چاغ ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ۋىـزانـتـىـيـە تارىخ ماتېرىياللىرى دائىم بۇ مـىـلـلـەتنى تىلغا ئالغان. ئۇلار ۋىزانتىيە چـېـگـرىـسـىـنـىـڭ غـەربـى چـېـگـرىـسـىدا ئـولتۇراقلاشقان بولۇپ، كاۋكازدىن تارتىپ تاكى دون دەرياسىغىچە ھەتتا تېخىمۇ يىراق يەرلەرگىچە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. 7 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇلار قارا دېڭىزنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇلار قارا دېـڭـىـزنـىـڭ شـىـمالىدا «بۈيۈك بولغار» ( Lagranda Bulgarie ) دۆلىتىنى قۇرغان ھەم ئـون ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق ئورناتقان. («ۋىـزانـتـىـيـە تـۈرك تـارىخ ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - جىلد 108 - بەتكە قاراڭ) .

ۋىـزانـتـىـيـە تـارىـخ مـاتـېرىياللىرىغا ئـاسـاسـلانـغـانـدا، قـۇتۇغۇر (/kutuighur /kotraghur/kuturghur) قەبىلىلىرى بىلەن t ئـوتـۇرغـۇر (uturghur) ، ئـوتـرىـغـۇر (utrighur) ، ئۇتىغۇر (utighur) ، ئوتىغېر (utighor) قـەبـىـلـىـلـىـرىنىڭ تۇققانچىلىق مـۇنـاسـىـۋىـتى بار ئىدى. 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئىككى قەبىلە ئايرىم - ئايرىم ھـالـدا دون دەريـاسـىـنىڭ شەرق ۋە غەرب قـىـرغـاقـلـىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، 6 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بۇ ئۇزاق ۋاقـىـت ئـىچىدە، بۇ ئىككى قەبىلە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كاۋكاز ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى ئون ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. 7 - ئەسىردە، كىشىلەر قـوتـۇرغۇرلارنى ئوخشاش رايوندىكى بۈيۈك بـولـغار دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى دەپ قارىـشـىـدۇر. «ۋىـزانـتـىيە تۈرك تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - جىلد 66 - بەت، 2 — جـىـلـدىـدىكى kutrighur ۋە utighur قاتارلىق ماددىلارغا قاراڭ، «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» «ۋېنگىرىيە يىللىق مەجمۇئەسى» 10 - توم 1930 - يىل، 80 - 75 - بەتلەرگە قاراڭ.

ئـاۋارلار 558 — يـىـلى تۇنجى قېتىم كـاۋكـاز رايـونـىغا بېسىپ كىرىپ ئالان ( Alan ) لار بـىـلـەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان.



Turpanological Research

ئۇزاق ئۆتمەي ئون - ئۇيغۇر (un—Ighur) ، زال (Zal) (؟) ۋە سابىرلار ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن. ⑪ ئاۋارلار توساتتىنلا غەربتە كۆرۈلگەن. 551 — 555 — يىللىرى ئارىلىقىدا تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار يەنە جۇرجان ئاۋارلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ ئاۋارلارنى جۇرجان دېيىشنىڭ يەنە بىر ئاساسى ئىدى. بىراق سىموكات (Theophtlaktos simokattes) 630 - يىلى ئاۋارلارنىڭ 558 - يىللاردىكى كاۋكاز رايونىغا يېتىپ بارغان ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغاندا، بۇلارنى «يالغان (ئاتالمىش ئاۋارلار» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە .بۇ ئىككى قەبىلىنى يەنى، ئۇۋار (uar) ۋە aun ( Xun ) لارنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن چېچىلىپ كېتىپ ئۇيغۇرلار گۇرۇھىغا تەۋە بولغان. ئۇلار شەرقتىكى بىر قىسىم رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان⑫ . كىشىلەرنىڭ «يالغان ئاۋار» دېگەن غەلىتە ھېكايىسىگە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا خاتالىق باردەك قىلىدۇ. بىراق، ئاۋار قەبىلىلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئۇۋار (uar) ئاۋار دېگەن نامنىڭ بىرخىل ئۆزگەرگەن شەكلىگە بەكلا ئوخشاپ كېتىدۇ. خۇن (Xun) ھۇنلارنى ياكى تېلېلارنىڭ توققۇز قەبىلىسىدىكى خون ( 浑 ) لارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسىم گۇرۇھى بولۇپ، تۈركلەرنىڭ زور قوشۇنىنىڭ بېسىمى بىلەن تۆت تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئاۋارلار، ھۇنلار ( 浑 ) ھەم ئۇيغۇرلار 6 — ئەسىردە تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولۇپ، تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

خازار تۈركلىرى (khazars) 625 - يىلدىن تارتىپ ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن ھەمدە ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ كاۋكاز رايونىدا پارسلارغا قارشى تۇرغۇچى ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە ئۇلارنى «شەرقىي تۈركلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئاددىيلا مەنىسىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە شەرقتىن كەلگەن تۈركلەر دېگەنلىك بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار غەربتە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئورنىغا ئالماشتى. ھەمدە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز خانلىقىنىڭ زېمىنىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. يەنى ئۇلارنىڭ زېمىنى، كاۋكازدىن تارتىپ تاكى بولغار، ئون ئۇيغۇر ۋە قوتۇرغۇرلارنىڭ زېمىنىغىچە يېتىپ بارغان. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم 81 - ، 82 — بەت ۋە 534 — بەت؛ چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى» 256 - 252 - بەتكە قاراڭ؛ ئابدال Abd.L ، كولس Kuls ، باغرسىق Bagrsiq ، درېمېر Dirm.r بۇ تۆت مىللەتنىڭ نامىغا قارىتا بىز ۋاقتىنچە بىر نېمە دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئۇلارغا قارىتا تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئىشلىرى تېخىچە ئېلىپ بېرىلمىدى.

569 — يىلى ئۇيغۇرلار يەنىلا كاۋكازنىڭ شىمالىي ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ تۈركلەرگە ئەل بولغانىدى. بۇ ۋىزانتىيە ئەلچىسى زىماركوس (Zamarchos) نىڭ دوكلاتىدا قەيت قىلىنغان. ئۇ تۈرك ئوردىسىدىن ئۆز دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە

بۇ يەردىن ئۆتكەن⑬. ئۇنىڭدىن باشقا، 576 - يىلى تۈرك قاغانى ۋىزانتىيە ئەلچىسى ۋالېنتىن (Valentin) غا ئۆزىنىڭ ئون ئۇيغۇر (unlghur—) لارنى بويسۇندۇرغانلىقىنى جاكارلىغان⑭. ئەڭ ئاخىرى، سىموكات 598 - يىلى تۈرك قاغانىنىڭ بىر پارچە مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. قاغان مەكتۇپتا ئۆزى ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ غەلىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان. سىموكات بۇنىڭ ئەكسىچە «قاغان باشقا ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ. (ئاۋال، ئاۋارلاردىن يەنى جورجانلاردىن غالىب كەلگەن) ئاۋارلار تابغاچ (Tabghac/Taughast) جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە مۇكرى (Moukri، گاۋلى (كورىيە) نى كۆرسىتىدۇ) رايونلىرىغا قېچىپ باردى. ئەڭ ئاخىرى يەنە ئوگور (Ogor) (ئۇيغۇر. (鹘 回) لارنى بويسۇندۇردى. كېيىنكى مىللەت (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) نىڭ ئادەم سانى كۆپ، جەڭ قىلىشقا ماھىر بولغاچقا كۈچلۈك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان. ئۇلار تېخىمۇ شەرقتىكى بىر قىسىم رايونلاردا ئولتۇراقلاشتى. تىل (Til) دەرياسى شۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. تۈركلەر شىمالىي دەريانى باشتىن ئاخىرى قارا سۇ (قارا مۆرەن) دەپ ئاتايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى يول باشچىلىرىنىڭ ئىسمى ئوۋار (ouar) ۋە قون (khonni) ئىدى. ھېلىقى ئوۋار ۋە قون دەپ ئاتىلىدىغان مىللەت نامى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن»⑮.

بۇ ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر تەرەپتىن ugohr، ughur ۋە nu—Uighur قاتارلىق شەكىللەر ئوخشاش بىر مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نوپۇسى كۆپ بولغان بۇ مىللەت تېخىمۇ شەرقتىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى كاۋكازلارنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان.

IV ئون ئۇيغۇرلار بەلكىم 7 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئازوۋ دېڭىز قىرغىقىدىكى بۈيۈك بولغار دۆلىتى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن⑯. 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ رايونلار خازار تۈركلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغارلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە قېچىپ بارغان. بۇ ئىككى مىللەت ئۇ يەردە بىرلىشىپ دوناي دەرياسى ۋادىسىدا بولغار مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن⑰. قالغان ئون ئۇيغۇرلار ئازوۋ دېڭىزىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى خازار تۈركلىرى رايونىدا داۋاملىق تۇرغان. ئۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا بىر قىسىم بولغارلار بولغان. چۈنكى 8 - ئەسىردىكى بىر دىنىي تۈستىكى ئەسەردە قىرىم رايونىدىكى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىر دىنىي باشقۇرۇش رايونى تىلغا ئېلىنغان⑱. قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى ئون ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋېنگىر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئېتنىك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ۋېنگىر مىللىتى 9 - ئەسىردىن باشلاپ مۇشۇ رايوندا پەيدا بولغان. ۋېنگىر مىللىتىنىڭ ھازىرقى نامى ھۇنگىرلار Hangrios بولۇپ ugri ياكى ungar دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار ئەڭ بۇرۇن ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنى ماجار (Magyars) لار دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئەسلىدە ئون ئۇيغۇرلاردىن تەرەققىي قىلغان خەلقلەر ئىدى⑲. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 8 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن كېيىن ئون ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخ ماتېرىياللاردا

قايتا كۆرۈلمىگەن⑳.

ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى Ighur/uighur/oghur/ughur قاتارلىق يېزىلىش شەكىللىرى زادى قايسى مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات ھازىرغا قەدەر فىن ـ ئۇگور ئالىملىرى ۋە ھۇنگىر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلغۇچى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ كىشىلەر ئون ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ھۇنگىر مىللىتىنىڭ نامىنى ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغان. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى باشتىن ئاخىرى ئېنىق بولماي كەلگەن، بۈگۈنگە قەدەر، oghur لارنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى ھەم كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى قاتارلىقلار ئاللىبۇرۇنلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىنى قوزغىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ㉑. شۇڭا، ئالىملار باشتىلا ئورغۇر oghuz —نىڭ بىر خىلى ياڭراق ياكى جاراڭلىق تاۋۇشلۇق شەكلى ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. كېيىنكىسى ئەلۋەتتە ئىنتايىن قەدىمكى نام بولۇپ، قەدىمكى تۈركلەرنى كۆرسەتكەندەك قىلىدۇ㉒. بۇ خىل جاراڭلىق تاۋۇشلۇق ئۇسۇل Z ـ تاۋۇشنىڭ r ـ غا ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، بۇمۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ بىرخىل ئادىتى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىرقى چۇۋاش (CaVas) تىلىدىكى مۇقىم شەكىلدىن ھالقىپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ. ئۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى (ئۇ يەرنىڭ كەڭلىك گىرادۇسى مۇسكۇۋا بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ) رايونىدىكى بىرخىل كىچىك بولغان شېۋە بولۇپ، كىشىلەر جاراڭلىق تاۋۇش شېۋىسىگە ئائىت مىساللارنى نەقىل ئالغاندا ھەممىشە چۇۋاشلارنىڭ ئەجدادلىرىنى بولۇپمۇ قەدىمكى بولغارلار بىلەن خازار تۈركلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان تۈركلەر مىلادىيە 7 ـ ئەسىر ئەتراپىدا ئون ئۇيغۇرلار بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان، ئۇلار قارا دېڭىز ۋە كاۋكازنىڭ شىمالىي رايونىدا ئولتۇراقلاشقان㉓. جاراڭلىق تاۋۇشقا مۇناسىۋەتلىك تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردىن ھازىرغىچە پەقەت 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت قەبرە تاشلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار دەل ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى چۇۋاشلاردىن قېپقالغان㉔. ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن مىساللاردىن باشقا، كىشىلەر باشقا ھېچقانداق يەردىن ئوغۇز oghuz —نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئوغۇز oghur — نى بايقىمىدى. شۇڭلاشقا، مۇبادا ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن Ighur/uighur/ oghur/ughur مۇشۇ بىر قاتار شەكىللەرنى ئاتالمىش oghur نىڭ باشقا بىر خىل ئۆزگەرگەن شەكلى oghur دىن ئىبارەت ئىدى دەپ تەھقىقلىيەلمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاساسىمۇ پەقەت ئاشۇ شەكىللەر بىلەن ئوغۇز (oghuz) لار ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئوخشاشلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بىز 5 ـ ئەسىر ئەتراپىدىكى ئوغۇز ئېغىز تىلىدا جاراڭلىق تاۋۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىشەنچلىك بەلگىلىرىنى تاپماي تۇرۇپ بۇ خىل قىياسلارغا بەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتسەك بولمايدۇ.

بىراق، يەنە باشقا بىر مىللەتنىڭ نامى كىشىگە يۇقىرىدا نامى بايان قىلىنغان ئون ئۇيغۇرلارنى ئويلاندۇرىدۇ. بۇ نام دەل ئون

ئۇغۇر ( (on) ughur ) ) دۇر. 1891 — يىلىدىن باشلاپ رادلوۋ (RadLoff) ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھەرخىل قەدىمكى تارىخ ماتېرىيال (ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لىرىنى كۆرگەندە قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇنداق تەكشۈرۈپ تەھقىقلىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىشى كىرىش سۆز سۈپىتىدە ئۆزى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «قۇتادغۇبىلىك» (KudatkuBiLik) نىڭ باشلىنىش قىسمى قىلىنغان (1 - توم، ترانسكرىپسىيە نۇسخىسى 76 - 72 - بەت) . 1898 - يىلى ماركۋارت (Marquart) مۇ رادلوۋنىڭ ئوي - پىكرى بويىچە دەلىللەش ئېلىپ بارغان. بىراق، كېيىن يەنە دىققىتىنى ئۆزگەرتتى㉕. ئوخشاشلا، چاۋاننېس «غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى» دېگەن ئەسەرىنىڭ 247 - ۋە 251 - بەتلىرىدىمۇ بۇ خىل قاراشقا قوشۇلغان. 1600 - يىلى گېرنارد (Gernard) ئىلگىرى: «ۋىزانتىيىلىك ئاپتورلار 5 - ئەسىر (پىرسكۇس. Priscus) ۋە 6 — ئەسىر (مىناندا. Menande) دە on—ouigoru (ئون ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى چوڭ بۆلىكىنىڭ بىرى، باشقا بىر بۆلىكى توققۇز ئۇيغۇر يەنى Toquz—ouigour لار ئىدى)، utiger (راشىدىن (Rechid—ouddin) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى) ۋە سېرىق ئۇيغۇر (Sarygh ouighur، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، كىشىلەر كۆكنۇر (چىڭخەي) نىڭ غەربىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرىنى بايقىغان) لارنى بىلىپ بولغان ئىدى㉖... دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا مىناندوروس (Menandros) ئۆزىنىڭ ئىككى توملۇق قول يازمىسىدا ھەقىقەتەنمۇ uighur ۋە uighor دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل كۆرۈلىدۇ. بىراق، مۇبادا بۇ ئىككى خىل يېزىلىش ئۇسۇلىنى كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئەسلى شەكلى unighur ۋە uneghor بولۇشى كېرەك ئىدى㉗. ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ Ighur/oghur/ (on—ughur) لار ئارقىلىق uyghur—(on) لارنى ئىزاھلىماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۇچۇن يەنە بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر. ئۇ بولسىمۇ، ۋىزانتىيە دەۋرىدىكى گرېك تىلىدا ئەزەلدىن uy دېگەن بوغۇم يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ۋىزانتىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئون ئۇيغۇرلار ياكى ئۇيغۇرلارنى تەرجىمە قىلغاندا، بەزى ۋاقىتلاردا o/ تاۋۇشنى ئىشلەتكەن، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا i تاۋۇشىنى ئىشلىتىپ تۈرك تىلىدىكى بىرىككەن ئۆزۈك تاۋۇش uy —نى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ياقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىنتايىن مۇھىم بولغان تولۇقلاشلارنىڭ بولۇشى بىزنىڭ on—uyghur مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. گەرچە on—oghur=on—oghuz پەقەت بىر پەرەزدىن ئىبارەت بولسىمۇ، بىراق ئون ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت بولۇپ، سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەمەلىيەتتۇر. قەدىمكى تارىخ ماتېرىياللاردا ئون ئۇيغۇرلار دېگەن بۇ نام راستىنلا كۆرۈلگەن. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى تارىخى ماتېرىياللاردا ئېنىقمۇ روشەندۇر.

A. شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشىنىڭ باش قىسمىدىلا ئون ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنغان. شىنە - ئۇسۇ (xine—usu) مەڭگۈ تېشى ھازىرغىچە كىشىلەر بىلگەن ئەڭ قەدىمكى

ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مەڭگۈ تېشىدۇر. رونىك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن بۇ قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تېشىنى رامستىت (G.J.Ramstdt) 1909 ـ يىلى شىنە ئۇسۇدىكى بىر كىچىك كۆل بويىدىن تاپقان. ئۇ يەر ئورقۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ مەڭگۈ تاش تەخمىنەن مىلادىيە 760 ـ يىللىرى ئەتراپىدا پۈتۈلگەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر قاغانى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردىكى ئىش پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەل تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە
T_ŋrida Bolmis) (759 ـ 747 ـ يىللار)
ELEtmis Bilga ) ئىدى. بۇ قاغانىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن (بۇ قاغانىنىڭ سىياسىي پائالىيىتى مىلادىيە 730 ـ 740 ـ يىللىرى ئەتراپىدا باشلانغان) مەڭگۈ تاشنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى بىر قانچە قۇردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ شىمالى تەرەپ ئۈچىنچى قۇردا مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: Suβght(?)nda q(a)lm(i) sibod (u)n on—ugghur toq(u)zogh(u)z uza yuz yuz yil ol(u)rup بۇنىڭ مەنىسى: «سۇ ... ئۇ يەردە (سېلىنگادا) قالغان خەلق ـ ئون ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇزلار ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ...)[28] شۇڭلاشقا، 760 ـ يىللىرى بۇ مەڭگۈ تاش پۈتۈلگەن ۋاقىتتا ئون ئۇيغۇرلار بىرلەشمىسى يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە بولۇپ بولغان. بۇ يازما يادىكارلىق ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچبولمىغاندا، 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئومۇمەن (ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىل بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ تۈركلەرنىڭ خارابلاشقان دەۋرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئون ئۇيغۇرلار، توققۇز ئۇيغۇرلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تېلې قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن. بۇ ئىتتىپاق مىلادىيە 600 ـ يىللار ئەتراپىدا باشلانغان، ئەينى ۋاقىتتا، بۇ قەبىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ تۈركلەرگە قارشى تۇرۇشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ يازما يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئون ئۇيغۇرلار پەقەت سېلىنگا دەرياسى (ياكى بۇ يەردىكى باشقا بىر دەريا بولۇشى مۇمكىن) ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغان قەبىلە ئىدى. لېكىن بۇ مىللەتنىڭ باشقا بىر قىسمى بۇ رايوندىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ 460 ـ يىلدىن كېيىنكى ئون ئۇيغۇر (on— uyghur on— oghur=)لارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىدىن بىشارەت بېرەمدۇ ـ قانداق؟

B . قوچو (Qoco) دىن تېپىلغان بىر پارچە مانى دىنى دەستۇرىنىڭ پارچىلىرىدىنمۇ ئون ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم ئۇچرايدۇ[92]. قوچو 8 — ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەركەز ئىدى. بۇ مىللەتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ۋاراقچە مانى دىنى دەستۇرىدىن چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ يىل دەۋرى 9 ـ ئەسىر ياكى 10 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر ۋە كۇسەن تىلىدا يېزىلغان بىر بۆلەك ۋەسىقىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ نوم ـ دەستۇرنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قۇردا ساخاتچىلەرنىڭ نوم دەستۇرلارنى كۆچۈرگەندىكى دىنىي ساۋابى بايان قىلىنغان.

uygur elinta…tasddin»
«singar alqatmis idduq on بۇنىڭ مەنىسى:

Turpanological Research

«تاشقى مەزھەپ - دىندىن خالىيلار، دىنىي مۇرتلار بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي مۇرتلار ئادەتتە «ئىچكى مەزھەپ» دېيىلىدۇ) . ئون ئۇيغۇرلارنىڭ شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس خانلىقى ئىچىدە ... » دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىر پارچە ھۆججەت ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى 7 -، 8 — ئەسىردىكى ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى 9 - 10 - ئەسىردىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى بولسۇن بۇ ئىسمىنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنىڭ «ئون ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنى بولۇپمۇ سىياسىي قىياپەتنى تەكىتلىگەندە تېخىمۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

C. ميلادىيە 1300 — يىللىرى راشىدىنمۇ ئون ئۇيغۇرلارنى بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مۇئەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ئۇلارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بايان قىلغان㉚. مۇئەللىپ بۇ ھەقتە: «ئۇيغۇرلار كېلىپ چىققان موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ بىر تەرىپىدە ئون دەريا، باشقا بىر تەرىپىدە توققۇز دەريا بولغان ئىكەن. ئون دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىپتۇ. توققۇز دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇز (Toquz—uyghuz) لار دەپ ئاتىلىپتۇ، دەپ يازىدۇ. لېكىن راشىدىن توققۇز ئوغۇزلار (Toquz—oghuz) نى قايتا تىلغا ئېلىپ قويمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ بۇ مىللەت نامىنى خاتا ھالدا توققۇز ئوغۇز (TOquz—oghuz) دەپ يېزىلىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە بۇ ئىككى نام ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن㉛. راشىدىن يەنە كونكرېت قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئون دەريا يەنە ئون ئورقۇن (on—orqun) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئىزگىل (llsg(i))) ، ئۆتىگار (r(utig(a) ، بوقىر (Boqr/Toqir) ، ئورقۇندۇر ((rorq(u)nd(u)) ، تولار (Tular/Tulu) ، بادار (Badar/Tardr) ، ئاۋر (Awr/Adr) ، ئۈچ تاربىن (—uc (Tarbin/Bayin) ، قاملانچو ((a ، ئوتىكان (otikan) دىن ئىبارەت. بۇ تېكىستنىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئىسگىل (ئىزگىل isgil) ۋە ئورقۇندۇر (orqundur) لارنىڭ ئوخشاش ۋاقىتلاردا يەنە قەبىلە نامى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تىزىملىكلەردىكى كۆپ قىسىمناملار مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، قاملانجۇ (QAMLANJu) ۋە ئۆتىكەن (otikan) لەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ يەردە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆڭ (ong) لەر ۋە Q. h.n—Atiلار ئولتۇراقلاشقان. كۆپ قىسىم قەبىلىلەر ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ كىچىك رەھبەرلىرىگە بويسۇنغان بولۇپ، بۇ خىل ھالەت تاكى ئۇلار ئۆزئارا ياخشىلىنىپ ئىتتىپاق تۈزگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. ئىزگىل 结思 (isgil) قەبىلىسى ئۆز ئىچىدىن ئەڭ ئالىي رەھبەردىن بىرنى سايلاپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مەنگۇ باي (Mangu bay- مەنگۇ باي. باياشات دېگەن مەنىدە) ، ئۇنۋانى EL.ELt.rir/ELb.t.r (بۇ، ئەلتەبىر EL—tabar — بولۇشى كېرەك) ئىدى. ئورقۇندۇر (orqundur) قەبىلىسىدىمۇ ئورۇنباسار رەھبەر بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى kol—irkin (كۆل ئىركىن) 屈俟㉜ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 100 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان. يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ خىل ئىككى نەپەر باشلىق يەنى ئېلتەبىر ۋە ئېركىن سايلاش ئۇسۇلى

سۆزلەر ئوخشاش ۋاقىتتا مەۋجۇت ئىدى. «دىلۋنى: «تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» 108 - بەت) . مۇشۇنداق بولغاندا، راشىدىنىڭ نېمە ئۈچۈن utigar دېگەن خەتنى utigar دەپ ئوقۇغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تامامەن ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بىراق، ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى uturghur (ئۇلار، ئون ئۇيغۇرلار on — oghur بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، دەپمۇ قارىلىدۇ) ھەقىقەتەنمۇ uturgar غا يەنى خەنزۇ تىلىدىكى « 胡咄葛 » (شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، دەپ قارىلىۋاتىدۇ) غا ماس كېلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئون ئۇيغۇرon—oghur ئەلۋەتتە ئون ئۇيغۇر on—uyghur غا يەنى ئون ئۇيغۇر دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە، مۇبادا ئوتۇرغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئون قەبىلىسىنىڭ بىرى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ قىرىنداش ئۇرۇقى قوتۇرغۇرلارمۇ qutu— دېگەن پېئىل بىلەن غۇر — ghur— ئاياقلاشقان ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن. قۇتۇر ur... نىڭ ئەسلى مەنىسى «ئېشىپ كېتىش، ئۇرغۇپ چىقماق، دەرغەزەپ بولماق» قاتارلىق مەنىسى بار بولسىمۇ، بۇ يەردىكى يوشۇرۇن مەنىسى «قۇترىغان، ئەقلىدىن ئازغان، سارالڭ» دېگەنلىك بولاتتى.

3. كۇرابىر Kurabir ( /俱罗勃) 掘 罗勿 ) دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى Kurabir/KuraBir، ئۇدۇن يېزىقىدىكى Kurabura㊷غا توغرا كېلىدۇ. Kurabir/KuraBir/Kurabir دېگەن سۆزلەر، kura — (قېچىش) دېگەن پېئىلدىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى پېئىلنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىۋانىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

4. بۇقاسىقىر ( 佰歌息讫 ) bu Baqassir دېگەنلىك تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى.

5. ئاۋۇچاگ ( 阿勿啇 ) بۇ AβirCar ياكى AβuCak نىڭ تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھازىرغىچە ئېنىق بېكىتىلمىدى.

6. خازار (Qazar/Qasar) . ئون ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇشۇنداق نامنىڭ كۆرۈلۈشى بىزنىڭ oghur—on—ughuron— بىردەك دېگەن قىياسىمىزنى ئېنىقمۇ كۈچەيتتى. بۇ نام 6 - 7 - ئەسىردىكى شىمالىي كاۋكازدىكى ھازارلارغا ماس كېلىدۇ. خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىدا، بۇ بىر نام جەمئىي ئۈچ شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى خىلىدا —z—، بىر خىلدا —s— تاۋۇشى قوشۇلۇپ كەلگەن. (a) بۇ، قازار 葛萨 (Qazar) نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى؛ (b) بۇ، 葛萨 Xazar (خازار) نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، كاۋكازنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى Khazar لار ئىدى. بۇ، 824 - 832 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئىسمىغا يەنى خازار تېكىنگە ئوخشاش بولۇپ «mahrnamag» (مانىي دىنىنىڭ مەدھىينامىسى) دېگەن نام دىنى دەستۇرىدىكى «Xasar tegin» (خاسسار تېگىن) گە ماس كېلىدۇ㊸. (c) 可萨 - بەلكىم Qasar دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن. بۇ «كونا تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى خازار ( 葛萨 ) قەبىلىسىنىڭ تەلەپپۇزى ئىدى㊹. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا نامى تىلغا

ئېلىنغان ماتى دىنى دەستۇرىدىكى مىسالدىن باشقا، —s— تاۋۇشى قوشۇلغان شەكىل 6 - ئەسىردىكى قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى بىلەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. شىنە ئۇسۇدىكى ئۇيغۇر مەڭگۇ تېشىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ㊺. باشقا ھەرخىل ۋەسىقىلەردىن مەيلى ئۇ گرېك - ۋىزانتىيە يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، رۇس يېزىقى، ھۇنگېر يېزىقى ۋە ئەرمىنىيە يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردە —z— قوشۇلغان شەكلىنى بايقىدۇق. پەقەت موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە بۇ خىل شەكىل يوق. بىراق قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا qas— دېگەن پېئىلنى بايقىمىدۇق. شۇڭا، بىز شۇنداق قارايمىزكى، بۇ ئىسمنىڭ بىرىنچى خىل شەكلى Qazar دۇر. ھېلىقى —s— كەلگەن مىساللارنى پەقەت تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بىر قانچە خىل تۈرك تىلىدا ئەينى چاغدىلا z— — نىڭ جاراڭلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن ㊻. بىز باشتىن ئاخىر Qazir/Qazar بولسا qazi/ qaz— دېگەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى بولۇپ qazi/ qaz— دېگەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى بولۇپ، qazi/ qaz— دېگەن پېئىل «قىرىش، قىزىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە مەنىسى «ئارقىغا يانغان ئاتنىڭ پۇتى بىلەن: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 2 - جىلد، 10 - بەت) ئىدى. شۇڭا Qazir/Qazar . «تېپىشىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قەبىلە» ياكى «قوپال، قاشاڭ ۋە باشقۇرغىلى بولمايدىغان قەبىلە» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. يەنى قازاق qazaq «تەۋەككۇلچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئوخشاشلا قەبىلە نامى ئىدى. بۇمۇ ئوخشاش بىر پېئىل —qaz نىڭ باشقا بىرخىل ياسىلىش شەكلى ئىدى. [ گابائىن Annemarie V. Gabain «خازار خەلقىنىڭ سوسىئولوگىيە - تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى» «ۋېنگرىيە شەرق يازما يادىكارلىقلىرى» 1960 - يىلى 11 - جىلد 167 - 161 - بەت].

7. 斛温素 تەكشۇرۇپ تۈزىتىشكە ئامال بولمىدى قوغۇزسۇ Xughuzu — نىڭ تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن.

8. 葯勿葛 بۇ، 925- يىللىرى ئۇدۇن يېزىقىدا پۈتۈلگەن «ستايول خالستوي» ھۆججىتىدە كۆرۈلگەن قەبىلە نامىلىرى گرافىكىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلە بولۇپ، ئۇدۇن يېزىقىدىكى Yagmurqar ، Yabuttakara دېگەن تەلەپپۇزغا توغرا كېلىدۇ. («بۈيۈك ئاسىيا ژۇرنىلى» 2 - جىلد، 1- سان، 20- بەت) ، Yaghmurqar دېگەن (بۇ سۆز بەلكىم Yaghmur يەنى «يامغۇر» دېگەن سۆزدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن) Yaghmurqar ياكى Yaburqar دېگەن سۆزلەردە qar— (—ghor/—qor ) دېگەن قوشۇمچىلار قايتا كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇنى يەنە ئىسىملارغا (دىلۋىنى: «تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 931 - بەتكە قاراڭ) ھەم پېئىللارغىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ.

9. 耶奚勿 (ئاياۋۇر) . باشقا يەردە « 爱耶勿 » دەپمۇ يېزىلغان بولۇپ، 9 - 10 — ئەسىردىكى ئۇدۇن يېزىقىدا، /Ayabira AyaViya㊼ دەپ يېزىلغان. بىراق، مەن بۇ ئىسمنى Aymur دەپ تەھقىقلەش لازىم دېگەندە چىڭ تۇرىمەن. يەنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىۋانىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئوغۇزلارنىڭ 21 قەبىلىسى ئىچىدىكى ئون بىرىنچى شۇنداقلا Imur (ئىمۇر) بەشىنچى ئۈرۈق ئىچىدىكى قەبىلە بولۇپ، Aymur دەپمۇ ئوقۇلىدۇ㊽. ئەمەلىيەتتە، كۆپچىلىك

Ayamur نىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ 11 - 13 - ئەسىردە قىسقىراپ /Ayanur/Ayaβir Ayabir/Aymur/Aymur بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان /Kuramur /Kuraβir/Kuvabir ئېنىقلا —/b°r—β。 r mir قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بۇنى گاباتىننىڭ «تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 123 - بەت [Yaghmur (يامغۇر) Yag — (يىغىش) دىن ھاسىل بولغان، almir (ئاچكۈز) بولسا al (ئېلىش) دىن ياسالغان] دە بايان قىلىنغان قوشۇمچە m°r — بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. دىلىۋىننىڭ «تۈرك تىلى گراماتىكىسى» دېگەن ئەسىرنىڭ 583 - بېتىدىمۇ بۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەھلىلى بار (—mar. Comur.Coq— arqatmmer. qus). بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى مەنىسى توغرىسىدا پائول پېللىئوت «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە خاتىرىلەر» نىڭ 197 — بېتىدە ئانچە كۆڭۈلشىمەيلا «ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ۋە قۇدرەتلىك» دېگەن ئىزاھنى نەقىل كەلتۈرگەن. بىراق، ئاشۇ «ناھايىتى ئاق كۆڭۈل قۇدرەتلىك» كىشىلەر چوقۇم «ھۆرمەتكە سازاۋەر» بولۇپ، بۇ aya — دېگەن پېشىلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «ھۆرمەتلەش» دېگەن مەنىسى بار، ئۇ Ayaβir/Ayabir/Ayamur لاردەك ياسالغاندەك قىلىدۇ. b°— قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ رولى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بىز ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ھەرىكەتنى قايتىلاش رولى بار دەپ قارايمىز. قاتتىق يامغۇر يىغىشقا ھەمىشە Yaghmur ئىشلىتىلسە، كۆپرەك نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاچكۈز (Al—mir) لۇكتۇر. شۇڭا، Aymur/Ayabir نىڭ مەنىسى بەلكىم «ئېغىر - بېسىق، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇچى» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. بىراق، Kurumur/kurabir «ھەممىشە قېچىشنى ئويلايدىغانلار» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئىككى تاڭنامىدە خاتىرىلەنگەن توققۇز خىل يېزىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا، تۆۋەندىكى ئالتە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى ئېنىق ئىسپاتلىنىپ چىقتى. يەنى: /Yaɣlaqar uitigar/ (ياغلارقار، 药罗葛)، uturghur/uturqar (ئوتۇرقار، 胡咄葛)، Kurtabir/kuramur (قۇرامۇر - 屈(掘)药罗葛) Qazar/Qasar (萨可، 萨葛، 葛萨)، /Yaburqar Yaghmurqar (ياغلاقار، 药罗葛)، Ayabir/Ayamur (耶奚勿) دىن ئىبارەت.

ئەمدى بىز راشىدىن ئون ئۇيغۇرلارغا نام بەرگەن ئون دەريا نامىلىرىدا قانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتەيلى:

1. بىرىنچى نام ئون ئۇيغۇرلارنى بىرىنچى بولۇپ رەھبەر بىلەن تەمىن ئەتكەن قەبىلە ئىزگىل (l(i)Isg) لەر (كىشىلەر ھەممىشە ياغلاقارلارنى ئۇچرىتىشمۇ) ئىدى. (l(i)Isg) چوقۇم (l(i)Izg) گە ماس (b°r/βr/—) شەرقىي تۈركلەردىكى كۆل تېگىن (kol—tegin) 715 - يىللىرى ئەتراپىدا بۇ قەبىلىگە ھۇجۇم قىلغان (49). ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇرۇقى بولمىسىمۇ ھېچبولمىسا، توققۇز ئۇرۇقنىڭ بىرى ئىدى. ھالبۇكى، پۇللىي بىلانىك (qulley blank) «توققۇز ئوغۇز مەسىلىسىنىڭ قىسقىچە ئىزاھى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرنىڭ 41 -

بېشىدىكى 3 - ئىزاھاتىدىكى izgil (ئىزگىل) نى ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى « 奚结 » بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان. ئۇمۇ تېلې قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا توققۇز قەبىلە قاتارىدا بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىمكى، «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد 1 - بەتتە مۇشۇ قەبىلىلەر قۇرغان ھەرقايسى ئايماقلارنى تىلغا ئالغاندا، «تاڭنامە» 217 - جىلد ( I ) 1 - بەتتىكى « 奚结 » شەكلىدە ئەمەس بەلكى « 奚结 » دەپ يازغان بولۇپ، ئۇ بەلكىم « 跌结 » (izgil) نىڭ خاتا يېزىلىشى مۇمكىن. (50) . ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشچە Isgil/Isgil لار 10 - ئەسىر ئەتراپىدا ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى بولغارلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىكەن . (51)

2 . utig(a)r لار «تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان « 胡咄葛 » غا ماس كېلىدۇ. urig(a)r مۇ ۋېزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى utigher/ uturghur غا توغرا كېلىدۇ.

3 . Boqr/Baqir بەلكىم ئەرەب يېزىقىدىكى Boqu نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، خەنزۇ تىلىدىكى « 仆固 » ئۇدۇن يېزىقىدا پۈتۈلگەن «ستايول خولېستوي» دە تىلغا ئېلىنغان Baku نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى (ھېنىنىڭ ( Henning ) نىڭ «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ژۇرنىلى» 9 - جىلد، 555 - بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ) بولۇپ، بۇ توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇرۇق يەنى «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» (98 - جىلد، 2 - بەت) دا تىلغا ئېلىنغان توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى قەبىلە ئىدى. 866 - يىللىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاقساقىلىنىڭ ئىسمىمۇ پۇگۇ ئىدى. (مۇئەللىپنىڭ كونا ئەسىرى: «بەش دەۋر ئۇيغۇر تەتقىقاتى» 13 - 15 - بەتكە قاراڭ)

4 . ئورقۇندۇر orq(u)nd (u)r دېگەن بۇ نام ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا ۋېزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان (on—) oghondur نى ئويلاندۇرىدۇ. onoghundur ئەسلىدە (+)on —oghundur بولۇشى كېرەك. ئۇلار 7 - ئەسىردە بولغار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ كاۋكاز ۋە شىمالىي دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئۇ يەردە قۇتۇر غۇرلار ھەم ئون ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاق دۆلەتنى يەنى بۈيۈك بۇلغار 大不里阿耳 دۆلىتىنى قۇرغان (52) . on— oghundur چوقۇم WL.nd.r ياكى r. بولۇشى ياكى OL.bd.r بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام ۋە باشقا ھەرخىل تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 10 — ئەسىردە بۇ مىللەت قارا دېڭىزنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان (53) . oghundur دېگەن بۇ سۆز بەلكىم oghu— («تۇغۇش» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.) دىن ياسالغان. مەسىلەن، oghul (ئوغۇل) ۋە oghus ئوخشاش بولۇپ، كۆرۈنۈش جەھەتتىن قارىغاندا، ndr°— بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، قارىماققا قارشى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان شەكىل ئىدى. بۇ نۇقتا باشقا قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. مەسىلەن، Baynudur/ βayindir بولسا bayu (باي بولۇش) دىن ياسالغان. Caβuldur/caβundur بولسا csβ— (ماختاشقا سازاۋەر بولۇش) دىن ياسالغان. Zaβender بولسا Saβin (پەخىرلەنمەك) ياكى Saβ (قوغلاش، ئۇۋلاش) دىن ياسالغان (54) .

راشىدىنىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان (u)rnd (u)rorq(u) بەلكىم or(u) np(u)r نىڭ خاتا يېزىلغان شەكلى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇنى on—orqun (ئون ئورقۇن دەرياسى) دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئون ئۇيغۇر دېگەن بۇ قەبىلە نامىنى on—oghur بىلەن ئوخشاش بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى چوقۇم قايتىدىن ئىسپاتلاش كېرەك.

5. Tulu. Tular، Bular ۋە Tulur ياكى Bul (a) r بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بۇ بولغار دېگەن مىللەت نامىنىڭ دىماقتىن تاۋۇش بولمىغان شەكلى بولۇپ، بۇ خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى راشىدىن ياشىغان شۇ دەۋرلەردە كەڭ تارقالغان. پائول پېللىئوت «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 124 - 139 - بەتلىرى، 224 - 230 - بەتلىرى بولۇپمۇ 225 — بېتىدە «بولغار» دېگەن نامنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەپ: «دوسسون ۋە بايرۇسلار راشىدىنىنىڭ ئەسىرىدە بۇنى qalar ياكى qolo دەپ ئوقۇش كېرەك دەپ قاراپ، ئۇلارنى پولەكلەر دەپ ئىزاھلايدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ Bular دېگەن سۆز بولغارلارنى كۆرسىتىش كېرەك،» دەيدۇ. پېللىئوتنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، Bulghar دېگەن بۇ سۆز Bul— دېگەن پېئىلغا ɤar دېگەن قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن بىرخىل شەكىل بولۇپ، Bular ئۇنىڭ قىسقارتىپ يېزىلغان بىر خىل شەكلىدۇر. بۇ خىل Salur/Yazir ئايرىم - ئايرىم ھالدا Salghur ۋە Yazghir لارنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىگە تامامەن ئوخشايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويۇش كېرەككى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ghor—qor— قاتارلىق سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بەلكىم ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشىنىڭ ئىپتىدائى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىشى پەقەت تىل تاۋۇشلىرى تەرەققىياتىدىكى بىرخىل ئىككىلەمچى ھادىسىدۇر. راشىدىن ئون ئۇيغۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئويلىغان بولغارلار ئەمەلىيەتتە بىر تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەر بولۇپ، 5 - ئەسىردىن تارتىپلا تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىملىرى ۋە دوناي دەرياسى ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان. 5 - 8 - ئەسىرلەردىكى ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئۇلار ئون ئۇيغۇرلار بىلەن بولۇپمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان on—oghundur لار بىلەن ئىنتىپاق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

6. Badar/Tardar، چوقۇم Qazar ( 萨葛 ) دېگەنگە ماس كېلىدۇ. خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىمۇ ئۇلارنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن، ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا كاۋكاز ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى قازار - قاسارلارنىڭ 6 - 7 - ئەسىرلەردە ئون ئۇيغۇر، بولغار قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئىنتىپاق تۈزگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

7. Ad.r بۇ يەردە ئادىز (Adiz) لارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ توققۇز قەبىلىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قەبىلە ئىدى. 795 - 805 — يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك قاغانى مۇشۇ قەبىلىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇنداق ئىدى ㊺. بىراق بىر پارچە ھۆججەتتە خاتىرىلەنگىلىنى بۇنىڭغا سەل ئوخشىمايدۇ ㊻. بۇ ھۆججەتتىكى Aw (a) r= Aβar دەپ ئوقۇش مۇمكىن. ئۇ

هېچبولمىغاندا ئۇ Ad.r<Ad.z نىڭ باشقىچە يېزىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئادىزلار بىلەن ئاۋارلار ئارىسىدا ئوخشاشلا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (6 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە) دىكى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردا ترانسكرىپسىيە قىلىپ يازغاندا ئوخشاشلا بۇ ئىككى ئىسىم ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. بىز راستىنىلا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن مەلۇم ھۆججەتلەردە بۇ قەبىلە ئاتى «阿跛» دەپ يېزىلماستىن ئادى«阿跌» دەپ يېزىلغانلىقىنى بايقىدۇق. ئالدىنقىسى Adiz دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى ئىدى. بۇ ئادەمنى كلاسسىك تارىخچىلارنىڭ «阿跌» دىكى «跌» خېتىنى «跛» خېتىگە ئۆزگەرتىپ ئۇنى «阿跌» دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئابا(阿拔) دېگەن سۆزگە يېقىنلاشتۇرغانمۇ قانداق دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. كېيىنكىسى سۇي دەۋرى (581 — 617 - يىللار) دىكى خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن باشقا بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى ئىدى. بۇ نام Aβar نىڭ تەلەپپۇزى يەنى ئاۋار (Awar) مىللىتىنىڭ نامى بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئادىز (Adiz) قەبىلىسىنىڭ خاتا يېزىلىشى دېيىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. چۈنكى، بىرىنچى خىل شەكلى ئىككىنچى خىل شەكلىدىن تېخىمۇ قەدىمكى بولغان تارىخ ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «跌» بىلەن«拔» نىڭ ئوخشىماسلىقى تېخى كىشىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن دەرىجىگە يېتىپ بارمىغان (57). «سۇينامە» (84 - جىلد 3 - بەت، 54 - جىلد 4 - بەت) ۋە شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (99 - جىلد 10 - بەت) دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 585 - يىللىرى ئەتراپىدا ئاۋارلار رايونىدىكى قەبىلىلەر بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. تارىخى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 603 - يىلى تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ئاۋارلارمۇ تېلې قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. شۇڭا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ماتېرىياللارغا ئېرىشتىن بۇرۇن 阿拔 مىللىتىنى ABar نىڭ تەلەپپۇزى، ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە، ھېچبولمىغاندا، 600 - يىللىرى ئەھۋال مۇشۇنداق دەپ قارايمىز.

8. Tabin Tabin—Cu (Bayin? — uc (Tatin? ياكى Bas—(TAS? Yas?)ux ، بۇ قەبىلە نامى تېخىچە ئايدىڭلاشمىدى. ئۇ بەلكىم بىر ئىسىم (دەريا نامى) بولۇپ ئالدىغا uc (ئۈچ) دېگەن سان قوشۇلغان. مەسىلەن، uc Bas— «ئۈچ دەريا» دېگەن مەنىدە ئىدى.

9. QamlamJu ، QamlamJu ، (QamlamCu=) ، بۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىۋانى (3 - جىلد، 242 - بەت) دا ئوخشاشلا كۆرۈلگەن ھەم «ئۈچ ئوغۇز» نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر تاغلىق شەھەرنىڭ نامى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ شەھەر ئىلى دەرياسى، بالقاش كۆلى ۋە ئىسسىق كۆل ئارىلىقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان ئىدى. («ھۇدۇدۇل ئالەم» 267 - 277 - بەت) (58). توققۇز دەريا بويىدا Qng دېگەن بىر مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تۈرك موڭغۇل تىللىرىدا بۇ نام خەنزۇ تىلىدىكى «王» (خان) دېگەن خەتكە ماس كېلەتتى.

10. otikan ئەلۋەتتە otukan يەنى ئۆتۈكەن دېيىش، ئۆتۈكەن تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەر ھىنگان تاغلىرى تۈرك - موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەركىزى

ئىدى. Qaghan) Ati.n.h.Q يەنى ئات قاغان بولۇشى مۇمكىن) قەبىلىسى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. بىراق، atنىڭ «نام، ئۇنۋان، دەرىجە» دېگەن مەنىلىرى بولغاچقا، بىز بۇنى «قاغان نامى بېرىلگەن قەبىلە» يەنى قاغان قەبىلىسى دەپ چۈشىنىمىز [59]. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر قاغانلىرى 840 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئىزچىل ھالدا ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇپ كەلگەن.

بۇلارغا قارىغاندا، راشىدىن on—orqun (ئون - ئورقۇن) لارنىڭ نامى بىلەن on—uyghur (ئون ئۇيغۇرلارنى بىر گەۋدە دەپ ئىزاھلىغان. بىز بۇنىڭدىن ئالدىدىكى يەتتە قەبىلە نامىنىڭ باشقا جايلاردا ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان بىر قىسىم قەبىلە نامىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ئۇلار، 1. ligsi (结奚=ligzI/ligsi/Isgil (ئىزگىل) 2. utigar (胡咄葛) uturqar = utigher / uturghur (ئوتۇرقار)؛ 3. Boqu (仆固) (پۇگۇ)؛ 4. orundyr= orqundur (ئورقۇندۇر)؛ 5. Bulghar= Bular (بۇلغار)؛ 6. Qazar (قازار) 葛萨؛ 7. Adiz ياكى Aβar (ئادىز) دىن ئىبارەت. ئۇلار ئىچىدىكى پۇگۇلار بىلەن ئادىزلار توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇيغۇر (uyghur) لار بىلەن ئەڭ يېقىن ئىدى. 10 ـ ئەسىردە ئۇلار يەنە ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىگە قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئىچىدىكى سەككىزىنچى قەبىلىگە قارىتا ھازىر ئىزاھ بەرمەيمەن. چۈنكى مەن بۇ قەبىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھېچنىمىنى بىلمەيمەن. توققۇزىنچى قەبىلە خان ئورۇقى قەبىلىسى قاملانچۇ (QamlanCu، ئىلى دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپى، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالى قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان) قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرىدا ئونىنچى قەبىلە بۇ قەبىلە خان نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلە بولۇپ، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ياغلاقار قەبىلىسىگە ماس كېلىدۇ. بۇ قەبىلە ئەنئەنىۋى خان ئورۇقى قەبىلىسى ئىدى. چۈنكى، گەرچە 795 ـ يىلى ئادىز قەبىلىسىدىن بىرى خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ لېكىن ياغلاقارلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تاكى 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەرگىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قىسقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ بىر جەھەتتىن يىراق شەرق تارىخ ماتېرىياللىرى (خەنزۇ، تۈرك ۋە ئۇدۇن يېزىقى) غا ئاساسەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان؛ باشقا بىر تەرەپتىن راشىدىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 5 ـ 8 ـ ئەسىرلەردىكى خىرىستىئان دىنى تارىخى ماتېرىياللىرى (ۋىزانتىيە، سۇرىيە ۋە لاتىن يېزىقلىرى) مۇ بۇ قەبىلىلەرنىڭ كاۋكاز، قارا دېڭىز ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كۆپ ئەھۋاللار ئاستىدا، 9 ـ 11 ـ ئەسىردىكى ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇڭلاشقا، 5 ـ 8 ـ ئەسىرلەردىكى خىرىستىئان دىنى تارىخ ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئارال دېڭىزىنىڭ غەرب قىسمىدىكى on—oghur/uighur قەبىلىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزى يەنى يىراق شەرق ۋە راشىدىنىڭ تارىخى ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان on—uyghur (ئون ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. پەقەت ئىرانىيلار كېلىپ چىققان سابىر ۋە ئالان (Alan) لاردىن باشقا، 6 ـ ئەسىردە ئۇلارمۇ تىلى

قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەر ئىدى. مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى on—uyghur بىلەن on—oghur لارنىڭ بىردەكلىكىنى يەنى، «ئون ئۇيغۇرلار» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ماقالىدىن، ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ 40 - يىللىرى ئەتراپىدا تېلې قەبىلىلىرى ئون ئۇيغۇرلار «ئون قەبىلە ئىتتىپاقى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن) نامى ئاستىدا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 5 — ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي ۋەزىيىتىدە توقۇنۇش ۋە مالىمانچىلىق ئەۋج ئالغاچقا ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى بىر قىسىم قەبىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن يەنى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئايرىلىپ غەربكە كۆچۈپ ئەڭ ئاخىرىدا كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى يايلاقتا بولۇپمۇ كاۋكازنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ئولتۇراقلاشتى. بۇ قېتىمقى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى بەلكىم ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار (يەنى شۇ قوۋملەر) ئاق قازار (Aq—Qazir)، خازار (Xazar)، سارىغ (Sarigh)، ئۇيغۇر (Uyghur)، بۇلغار (Bulghar)، ئوتۇرغۇر (Uturghur)، قۇتۇرغۇر (Kuturghur—Quturghur)، ئون ئوغۇندۇر [(on—oghundur)]، ئاۋار (Aβar (؟)) ۋە ئىزگىل (Isgil/Isgil/Izgil) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 7 — 8 — ئەسىردىن باشلاپ، غەربتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېڭى كۆچۈشنى باشلاپ يات مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۆزگىرىش ۋە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ياۋروپاغا كۆچۈشى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئورنى ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تامامەن يوقىتىپ قويدى.

توققۇز قەبىلىنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى، بىراق دەۋرى ئۇنىڭغا قارىغاندا كېيىنرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە توققۇز ئوغۇز (Toquz—oghuz—Toquz—oghus) ئىتتىپاقى، موڭغۇل ئېگىزلىكى بىلەن تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى تېلې قەبىلىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى 7 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىدى. 8 — ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلارنىڭ خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە زور دەرىجىدە كېڭەيمىچىلىك قىلغان ۋاقىتتا توققۇز قەبىلىنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن ھالقىپ، ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرى كاسپىي دېڭىز ئەتراپىدىكى يايلاق رايونىدا ئولتۇراقلاشتى. نەتىجىدە بۇ قەبىلە بىلەن ئانا يۇرتىنىڭ مۇناسىۋىتى تامامەن ئۈزۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر جەريانىدا ئىسلاملىشىپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئوغۇز، غۇز (Ghuzz)، ئۇز (uz) دەپ ئاتالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئاساسلىق قەبىلە ئۇيغۇرلار دەپ تونۇلدى. بۇ ئۆزگىرىش ئاساسلىقى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش بولۇپمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى غەربتىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرى يەنە يېڭى بىر سىياسىي گورۇھ بىلەن بىرىكىپ كەتتى. كېيىنچە ياۋروپا ۋە كىچىك ئاسىياغا كۆچۈش سەۋەبىدىن چېچىلىپ كەتتى.

ئىزاھات

⑩ «ۋېزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ توم 219 ـ بەت 217 ـ بەتلىرىدە بۇ خەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل شەكىللىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن.

⑪پرىسكۇس (priscus) نىڭ بۇ ماقالىسى ئۈچۈن مۇراۋسكىي: «ئون ئۇيغۇر تارىخى» 60 ـ 61 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. نېمىچ (Nemith) مۇراۋسكىنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىلەشلىرىگە ئاساسەن saragur نى sar(y)ogor (ئاق ئۇيغۇر) دەپ ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، ئۇ saragur لار يېقىنقى زامان چوۋاش خەلقلىرىنىڭكىدەك تۈرك تىلى لەھجىسىدە سۆزلىشىدۇ. بۇ لەھجىدە sura/ sarig نىڭ «ئاق رەڭ» دېگەن مەنىسى بار دەپ قارايدۇ. ھېراق ئومۇمىي تۈرك تىلىدا sarig «سېرىق رەڭ» نى كۆرسىتىدۇ. yuror «سۇتىرەڭ» نى كۆرسەتسە aq «ئاق رەڭلىك، ئاق رەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تۈركىيە تۈركچىسىدە sararmak «ئاق رەڭگە ئۆزگەرمەك (ئاقارماق)» دېگەننى كۆرسەتسە saPsari «ئاپپاق» دېگەننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، چوۋاش تىللىرىنى نەقىل ئېلىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن باشقا ھازار تۈركلىرىنىڭ سارىغشىن (sarighsin) شەھىرى ئەرەپ تىلىدا «ئاق» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ دون دەريا ۋادىسىدا قۇرغان ھەربى قورغىنى باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن «ئاق ئوردۇ» دەپ ئاتالغان. بۇ مەسىلە توغرىسىدا پائول پېللىوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرىلىرى» 215 ـ 214 ـ بەتكە قاراڭ. پائول پېللىئوتنىڭ ئۇسۇلى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. ئۇ چوۋاش تىلىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ بۇ سۆز ئىزاھلىغان.

⑫بېرتىسچېنىدېر (Bertschenider): «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» 1. توم. 263 ـ بەت. رادلوف (W.Rad) «قۇتادغۇبىلىك» 1. توم. 72 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬مۇراۋسكىي: «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 59 ـ بەت. دېنىس. سىنور (Denis.sinor) : «5 ـ ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچىشى» 34 ـ 15 ـ بەتكە قاراڭ. سىنور (sinor) نىڭ ئەسىردىن 460 ـ يىلدىن ئېلگىرىكى سابىر (sabir) لارنىڭ ئۇرال تېغىنىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي روسىيىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەققىدىكى ھېچقانداق كۆچلۈك ئىسپاتىنى بايقىمىدىم.

⑭o . فرانكې (o.Franke) : «جۇڭخۇا ئېمپېرىيىسى تارىخى» 3. توم. 283 ـ بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ. ABar دېگەن سۆز AB— («ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم توپلاشقان» دېگەن مەنىسىدە) دېگەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ «ئىندېكس» 51 ـ 50 ـ بېتىدە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە abaLa (بىر مۇنچە تەرتىپسىز كىشلەرنىڭ توپلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ) نى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. خەنزۇلار بەلكىم ABar دېگەن سۆزنىڭ بۇ خىل مەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا، شۇ سۆز ئارقىلىق رۇ ـ رۇ (جۇرجان — 蠕蠕 قۇرۇتقا ئوخشاش ئۆمىلەيدىغان، دېگەن مەنىسىدە ئول) لارنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

⑮ ئاكاتزىرلارنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا، «ۋېزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ توم. ماركۇئارت (J.Maquart) : «شەرقى ياۋروپا ۋە شەرقى ئاسىيا ساياھەت

خاتىرىسى» 43 - 40 - بەت، د. سىنور (D.Sinor) : «5. ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچىشى» 4 - 1. بەتلەرگە قاراڭ.

㊻ خوۋورت (Henry.H.HOWOrth) 1879 - يىللار ئاكاتىرلار، ئاق خازارلار (AQ— XaZar)غا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار 10 - ئەسىرلەردىكى ئىسلام مەنبەلىرىدىكى قازارلار (Qara —khazar) نىڭ قارمۇ- قارشىسى ئىدى، دەيدۇ. (ماركۇئارت (Marquart) «شەرقىي ياۋرۇپا ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 41 - بەت ② ئىزاھاتقا قاراڭ) بىز تۈرك - موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمى ئالدىغا ھەمىشە رەڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سېرىق ئۇيغۇرلار (sarigh — uyghur) ۋە قارا خازار (Qara — khazar) ئىراندىكى ئاق قويۇنلار (Aq— Qoyunlu) ۋە قارا قويۇنلار (Qara — QoyunLu)، كۆك تۈرك (kok—Turk) ۋە قارا خىتايلار (kara—khitai) قاتارلىقلار. بۇ جەھەتتە ئاق ھۇنلار ياكى ئېفتالىتلار (HephthaLites) نىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بىز ئاكاتزىر (Akatzir) لار بىلەن خازار (khazar) لار ئارىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمىز. ئېفتالىتلار ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا يەنە «ئاق قويۇنلار» دەپ ئاتالغان. خازارلارنىڭ ئىككى مەشھۇر شەھىرىنىڭ ئىسمىدىمۇ «ئاق» دېگەن سۈپەت سۆزى بىللە كەلگەن. (ماركۇئارت (Marquart)) نىڭ 1898 - يىل «ۋېينامە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 12 - توم 200 - 190 - بېتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىگە قاراڭ. («شەرقىي ياۋرۇپا ۋە شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 1 - بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ) بەلكىم خەنزۇلارنىڭ ئالەم قارىشىدىكى رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئۇسۇلى جەھەتتىن قەبىلىلەرنى ئاتاشنىڭ سەۋەبىنى ئىزلەشكىمۇ بولىدۇ. خەنزۇلار ئومۇمەن ئاق رەڭ غەربنى، قارا رەڭ شىمالنى كۆرسىتىدۇ. كۆك رەڭ شەرققە سىمۋول قىلىنىدۇ. قىزىل رەڭ جەنۇبنى بىلدۈرىدۇ. بىراق سېرىق رەڭ مەركەزگە يەنى جوڭگونىڭ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئالەم چۈشەنچىسىدىكى نۇرغۇن تەركىبلەرنى بولۇپمۇ كالىندار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىلەرنى بىلىپ بولدۇق. بىراق ئالتاي مىللەتلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ خىل كۆز قاراشلارنى قوللانغان.

ئەمما، ئاكاتزىر (Akatzir) لار بەلكىم قازىر (Qazir— ھەتتا ئاق خازاردىكى Aq— Xazir لارنىڭمۇ) زور شەرتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، iy— بىلەن ئاخىرلاشقان باشقا بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى Qazar/Xazar ئىدى. بىراق، ئەرمىيە مەنبەلىرىدە ئېلگىرى ھەقىقەتەنمۇ Xazarik دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. («شەرقىي ياۋرۇپا ۋە شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 41 - بەت ئىزاھات ② گە قاراڭ. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى «曷载» نىڭ ئاھاڭىغا ماس كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا ئۆتكەن زامان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىسى —r°— دا a/i ھەمىشە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە ئىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مېنىڭ ئەڭ غەلىتىلىك ھېس قىلغىنىم شۇكى، پائول پېللىئوت (pauL peLLiot) «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 214 — 210 — بېتىدە يېنىكلىك بىلەن رادلوف (Rod ma(ff («قۇتادغۇبىلىك» 1. توم،

P₇3)، هوتسما (Houtsma) «تۈركچە ـ ئەرەبچە سۆزلۈك» 24 ـ 23 ـ بەت ماركۇ ئارت (MaQuart) «شەرقىي ياۋرۇپا شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 41 ـ بەت) ۋە باشقىلار Akatzir (5» ـ ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىبتىملىق چوڭ كۆچمىشى» 4 ـ 2 ـ بەت) ۋە Aghac (ئورمان خەلقلىرى) ئارىسىدا سىلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. مەن بۇ خىل تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش ئادەمنى گۇمانغا سالىدۇ، دەپ قارايمەن. Aghac — eri غەلىتە بىر ئىسىم بولۇپ ئادەتتە «ئورمان خەلقلىرى» دەپ قارىلىۋاتىدۇ. هوتسما ئېلان قىلغان 1245 ـ يىلىدىكى قىسمەن ئەرەبچە ـ تۈركچە ۋە پارسچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر توپلىمىدىكى قەبىلىلەر نامى ئىچىدە بۇ خەت ئۇچرايدۇ. راشىدىنىنىڭ قارىشىچە بۇ قەبىلىلەر ئەڭ ئاخىرى ئوغۇزخاندىن كېلىپ چىققانمىش. ئەمەلىيەتتە، Akatzir بىلەنAgha—eri ئوتتۇرىسىدا ئىنتوناتسىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوق. (ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت a ۋە بىر r تاۋۇشلار ئوخشايدۇ) ah—ari (ئادەم) بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ خىل شەكىلنىڭ قەبىلە نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا مىسال كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا قەدىمدە مۇنداق ئىدى: يەنى aghac «دەرەخ» (ياغاچ) دېگەن مەنىدە بولۇپ «ئورمان» دېگەن مەنىدە ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ خەت پەقەت 13 ـ ئەسىردىلا ئاندىن كۆرۈلگەن. قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئورمان» i دېيىلسە، «دەرەخ» ighac دېيىلەتتى. بىز شۇنداق دەپ قارايمىزكى، بۇ ئالاھىدە تۈركچە سۆز Aghac—eri نى تىلغا ئالغان ئىككى ئەسەر دەل 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار پىرسىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئەسەر بولغاچقا ئۇنىمۇ تاسادىپىي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇبادا بۇ سۆز يۇقىرىقى ئىككى ئەسەر ھەقىقەتەنمۇ «ئورمان خەلقلىرى» دەپ قارىلىدىغان بولسا ئەمەلىيەتتە بۇ «ئورماندىكى كىشىلەر» دېگەننى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇمۇ سىرتتىن كەلگەن تىللار (موڭغۇل تىلى ياكى پارس تىلى) نى دوراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇمۇ پارسلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1245 ـ يىلىدىكى سۆزلۈكلەر توپلىمىدا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن. —ari بىلەن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سۆزلۈكلەر جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەنگە تامامەن ئوخشايتتى: ari (قوملۇقلار)، Turuk—ari (تۈركلەر)، Rum—ari (رۇملۇقلار)، ari (شەرقلىقلەر)، ur—ari (چېگرالىقلار) قاتارلىقلار.

㊼ مۇراۋسكىي: «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 6 ـ بەت.

㊽ ج. ماركۇئارت: «شەرقىي ياۋرۇپا شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 356 ـ بەت، چاۋاننىس (E.chayannees): «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 250 ـ بەت. مۇراۋسكىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 61 ـ بەتكە قاراڭ.

㊾ بۇ مىناندېرىسنىڭ قارشى مۇراۋسكىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى. 63 ـ بەت. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ توم. 79 ـ، 424 ـ بەتكە قاراڭ.

㊿ چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 230 ـ بەت. ئو. فىرانكې (O.Franke): «جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى تارىخى» 3 ـ توم 288 ـ بەت.

51 مۇراۋسكى: «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 1 ـ توم 546 ـ بەت.

چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 230 - ، 231 - ، 247 - بەت. ئو. فرانكى (O.Frake) : «جۇڭگو ئىمپېرىيىسى تارىخى» 3 - توم 288 - 285 - بەت. سىنور (D.sinor) «5 - ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچۈشى» 35 - 34 - بەت.

(52) مىناندېرىسنىڭ تەكشۈرۈپ تۈزىتىشىگە قاراڭ. چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 238 - بەت، مۇراۋسكىي: «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم 424 - بەت.

(53) مىناندېرىسنىڭ تەكشۈرۈپ تۈزىتىشىگە قاراڭ. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 65 - ، 424 - بەت.

(54) چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 247 - بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

(55) مۇراۋسكى: «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 64 - ، 74 - 71 - بەت. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم. 66 - 65 - بەتكە قاراڭ. ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاپتورنىڭ پەرزىگە ئاساسلانغاندا ئون ئۇيغۇرلار بۈيۈك خانلىقىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ پەرەز ئانچە ئىشەنچلىك بولمىغان پاكىتلارنى ئاساس قىلغان. يەنى on—oghundur بىلەن on—ghur لارنى بىردەك ئۇيغۇرلار دەپ قارىغان. چۈنكى، بۈيۈك بولغار خانلىقى مەسىلىسىدە تارىخ ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغىنى on—oghur لار ئەمەس بەلكى onoghunلاردۇر.

(56) «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 68 - 67 - بەت. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم. 66 - بەت.

(57) «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا ‹‹ىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم. 465 - 463 - بەت.

(58) ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدا، 837 - يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن ئون ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مۇراۋسكى: «ئون ئۇيغۇرلار توپلىمى» 80 - بەت. ۋېنگىر (ھۇنگىر) لار نامىنىڭ ئون ئۇيغۇرلار نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئۈچۈن مۇنكاسى (Munkaesi) : «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» غا قاراڭ. «ۋېنگىرىيە ئېتنوگرافىيە ئىلىمى ژۇرنىلى» 5 - تومىغا بېسىلغان 1896 - يىلى 10 - 7 - بەت، 92 - 89 - بەتلەرگە قاراڭ. نېمېچ (G.Nimeth) «ئۇيغۇرلار» 148 - بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ. موراۋسكى: «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 82 - 81 - بەت.

(59) ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىلنامە بىلەن خاتىرىلەنگەن كىشى ئاگاتون (Agathon) بولۇشى مۇمكىن. ئۇ 713 - 712 - يىللىرىدىكى unoghur (ئونوغۇر) -BuLygh (بولۇغ) لارنىڭ تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىنى بايان قىلغاندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم 217 - بەت.

(60) مۇراۋسكى مىسال كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلار ۋە ۋېنگىرلار ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى پايدىلانغان كىتابلار مۇندەرىجىسىگە قاراڭ. «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم 67 - ، 165 - ، 134 - بەتلەرگە قاراڭ.

(61) مۇنكاسى (munkaesi) نىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرىنىڭ 90 - بېتىگە

قاراڭ. ئاپتور ئۆزىنىڭ 1896 ـ يىلىدىكى ئەسىرىدە oghur لارنى oghuz دەپ تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن نۇرغۇن ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى تىترەڭگۈ تاۋۇش قانۇنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن 6 ـ ئەسىردىكى تۈرك قەبىلىسى بولغان uturghur لارنى otur—oghr يەنى ئوتتۇز ئۇيغۇرلار (otuz—oghuz) دەپ تەكشۈرۈپ تۈزەتكەن. بىراق، Tokurghur دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ تامامەن kutunrghur نى ئالمىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنى Tokuz—oghur=Toguz—oghuz كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان «توققۇز ئوغۇزلار» ئىدى دەپ قارىغان. نېمىچ: «ئون ئۇيغۇرلار» 151 ـ بەت.

㊷ تۈرك تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تىترەش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنكاسى (munkaesi) نىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرىگە قاراڭ. ماركۇئارت (marquarL): «قۇمان مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» 201 ـ 200 ـ بەت. «ۋېنگرىيە يىللىق مەجمۇئەسى» 1929 ـ بەت، 9. توم. 88 ـ بەتنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا قاراڭ. گومبۆز (Gombocz): «بولغارچە ـ تۈركچە سۆزلۈك»، «فىن ـ ئۇگۇر تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ماقالىلار توپلىمى»غا بېسىلغان. 1912 ـ يىل 30. توم 198 ـ بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ. پائول پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 209 ـ بەت. دىنىس سىنور: «5 ـ ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچۈش توغرىسىدا» 6・ ـ 5 ـ بەت. J. بېنزىڭ (J.Benzing): «تۈركىيە ئاساسىي تېلشۇناسلىق ئىلمىي» 1959 ـ يىل ۋىسبادىن، 697 — بەت، بارتولىد (BarthoLd) 805 — بېتىدىكى بولغار (r ئاتالغۇسىغا ئىشلىگەن ئىزاھاتقا قاراڭ. G. كىلاۋسون (G.klausun): «تۈركلەر، موڭغۇللار، توڭغۇسلار ئۈستىدە تەتقىقات» 1850 ـ يىلىدىكى «بۈيۈك ئاسىيا ژۇرنىلى» 8 ـ تومغا بېسىلغان. 117 ـ بەت.

㊸بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۈچۈن ج. بېنزىڭ (J.benzing): «تۈركىيە ئاساسىي تىلشۇناسلىق ئىلمىي» 693 ـ 692 ـ، 897 ـ بەتلەرگە قاراڭ. گومبۆر (Gombocz): «بولغارچە ـ تۈركچە سۆزلۈك» 201 ـ بەتنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا قاراڭ. مىنورسكىي (J.minorsky): «ھوددۇل ئالەم» 430 ـ بەت ۋە 12 ـ رەسىمگە قاراڭ.

㊹ماركۇ ئارت «ۋېينا ئىراق ۋە شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» 12. توم. 1898 ـ يىل 193 ـ بېتىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ، «تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ دەۋرى توغرىسىدا» 1898 ـ يىل نەشرى. 81 ـ بەت. ئىزاھات ④ (ئاپتۇر بۇ ئەسىرىدە uighur بۇ نامنىڭ ئەڭ توغرا تەلەپپۇزى دەپ قارايدۇ) ۋە 95 ـ بەتكە قاراڭ. 1908 ـ يىل «شەرقىي ياۋرۇپا شەرقى ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرنىڭ 45 ـ بېتىدە ئاپتور ئىلگىرى ئۆزى uyghur دەپ تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن ئۇسۇلدىن ۋاز كېچىپ ئەڭ ئاخىرى بۇ خەت oghuz دېگەن سۆزنىڭ تىترەڭگۈ تاۋۇشلاشقان شەكلى دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلدى. «قۇمان مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» 200 ـ بەتكە قاراڭ. 1929 ـ يىل 89 ـ بەت.

㊺ م. ف. گرېنارد (M.F.Grenard): «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» 1909 ـ يىلىدىكى «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېسىلغان. 117 ـ بەتتىكى ئىزاھات ①غا قاراڭ.

㊻ مۇراۋسكىي «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2. توم. 219

Turpanological Research

- بېتىدە uighur بىلەن uighor لارنىڭ ھەممىسىنى on—oghur دېگەن بىر ستونغا تىزغان. يۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىلەر oighur لارنى utighur لارنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشى دەپ قارايدۇ. مۇراۋسكىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرى، ماركۋئارت: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا» 81 - بەت، ئىزاھات ④ گە قاراڭ.

(67) شىنە ئۇسۇ مەڭگۇ تىشى ئۇچۇن گ. ج. رامىستېتى: «شىمالىي موڭغۇلدىن تېپىلغان ئىككى پارچە رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاش» 12 -، 13 -، 44 - بەتلەرگە قاراڭ. مۇئەللىپ بۇ سۆزنى مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: «مۇشۇ يەردە (چوڭ دەريا رايونىدا) تۇرۇپ قالغان خەلقلەر ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئۇيغۇر خەلقلىرىگە يۈز يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ ......» بۇنىڭ ئەكسىچە لوئىس بازىن (L.Bazin) نىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن مەن on—uyghur نى پۈتۈن جۈملىنىڭ ئېگىسى قىلدىم. qalmisi bodun بولسا «ئاشۇ ...... قېپقالغان مىللەتلەر (ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ پەقەت ياسالما سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. رامىستىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قارىتا بىزنىڭ بۆلەكچە پىكرىمىز بار. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر بىر «مىللەت» (bodun دېگەن سۆز bod «ئىتتىپاق» نىڭ بىرىككەن سۆزى بولۇپ، بىر كىچىك قەبىلىنى كۆرسىتەتتى) نىڭ ئىككى قەبىلە ئىتتىپاقىغا (uza— otur ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ياكى چەكلىك بىر سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولغان يەنە بىر ئىتتىپاق ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇچرىتالمايدۇ.

(68) گابائىن (A.Y.Gabain)، ۋېنستېر (W.Wienfer) : «تۇرپان تۈركچە تېكىستلىرى» 9. توم. 18 - بەت.

(69) مەن بېرېزىن (Berezin) نۇسخىسىغا ئاساسەن راشىدىنىنىڭ ئەسىرىنى نەقىل كەلتۈردۈم بەزىدە بولسا رادلوف (W.W.RadLoff) نىڭ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەقىل كەلتۈردۈم. «قۇتادغۇبىلىك» 1. توم. 26 - 25 - بەت. ئاپتور بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

(70) مىبىنىڭ ھېس قىلىشىچە پۇللىي بىلانىك (PuLLY BLank) («توققۇز ئوغۇز مەسىلىسىنىڭ قىسقىچە شەرھى توغرىسىدا» 41 - بەت) نىڭ تەمىن - ئىبنى بەھرىنىڭ بىر پارچە ئەسىرىگە قارىتا ئاقىلانىلىك بىلەن ئىشلىگەن شەرھىسىلا 9 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە موڭغۇر ئېگىزلىكىدە ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر سىياسىي ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

(71) ئېلتەبىر (EL.tabir) دېگەن ئۇنۋان ھەققىدە ئىزاھات ㉓ قاراڭ. كۆل ئىركىن (koL— irkin) دېگەن ئۇنۋان ھەققىدە ئىزاھات ⑩غا قاراڭ.

(72) پائول پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 229 - بەت. دىلىفېن (DiLifen) : «تۈرك تىلى گراممانىكىسى» 931 - بەت. ئوخشاش بىر قوشۇمچە بەلكىم جاراڭسىز دىماق تاۋۇشى شەكلىگە ۋەكىللىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى /kir— —kar/—kur ۋە —qir/—qar/qur دېگەنگە ئوخشاش. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى جاراڭلىق دىماق تاۋۇش قوشۇمچىلىرى بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى فونېتىكىسى ئارىسىدىكى ئۆزگىرىش مەسىلىسى ئۈچۈن گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گراممانىكىسى» 37 § قا قاراڭ. (73) ئەلۋەتتە، بىز ناھايىتى قاتتىقلىق بىلەن، oy (كولاش، بېسىش) دېگەن پېئىلنىڭ

ئۇلار ئىچىدىكى بىرخىل بولۇنۇپ چىققان شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز. بەلكىم قوشۇلۇپ كېتىش رولى ئارقىلىق uyghur غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. oyghur

⑭ بېرىنزىن نۇسخىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، بىرىنچى خىل ئېنىقلىما قايتىلانغان. رادلوۋ نۇسخىسى (يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 1. توم، 13 -، 19 -، 24 - بەت) دا يەنە بىرىنچى خىل ئېنىقلىمىسى «بىرلەشكەن، ياردەملەشكەن» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئىككىنچى خىل ئېنىقلىمىنى muVafaqat دەپ يازغان بولۇپ، بۇ «بىردەك، ئۇيغۇن» دېگەن بولماستىن «ياردەم قىلىش» دېگەن مەنىدە ئىدى: «ئۇ بىز بىلەن بىرلەشتى، ياردەم بەردى ۋە قوللىدى».

⑮ رادلوۋ: «قۇتادغۇبىلىك» 1 - توم، 9 - 2 - بەت. ئاپتور ئىلگىرى بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى بايان قىلغان: پائول پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 229 - بەت.

⑯ uya — دېگەن تۈرك رونىك يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككى پارچىسى يېنسەي دەريا رايونىدىن بايقالغان. باشقا بىرسى تۈركىستاندىكى قەدىمكى شەھەر تالاس (TaLas، «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» 2. توم، 134 - بەت، 5 - قۇر، 3. توم، 101 - بەت، 3 -، 118 - قۇرغا قاراڭ) دىن تېپىلغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىۋانى (1. توم 85 - بەت، 3. توم، 146 - بەت) دىكى چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، uya مەنىسى «ئورۇق - تۇغقان» دېگەنلىك بولاتتى. رادلوۋنىڭ لوغىتى (1. توم. 1628 - بەت) دە يەنە uyr نىڭ «بوغۇم»، «ئەۋلاد» دېگەن مەنىسى بار، دەپ قارايدۇ. گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 106 - پاراگرافقا قاراڭ.

⑰ ug(a)r — دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىقىدا يېزىلغان بەش پارچە مەڭگۈ تىشىدا يەتتە قېتىم كۆرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت پارچىسى يېنسەي دەريا بويىدىن بايقالغان. باشقا بىر پارچىسى بولسا ئورقۇن دەريا بويىدىن تېپىلغان. («قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» 2. توم، 122 - بەت، 3. توم، 96 -، 102 -، 199 -، 180 - بەتلەرگە قاراڭ) بۇ سۆز كۆرۈلگەن تېكىستلەرنىڭ باش ئاخىرىغا قاراپ ئۇنى ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(a)olug uyarlir armis

ئۇلۇكلەردە uyar بار».

(b)inim acim (~kadasim)uyarin icun.

(b) «ئېنىم (كەسىپداش) لىرىمنىڭ uyar ئۈچۈن (كىشىلەر بۇ مەڭگۈ تاشنى تىكلىدى)»: (c) uyar qadinim ucun كۆڭۈل ئېچىپتۇ، تاماشا قىلىشىپتۇ ۋە پۇزۇر ياسىنىشىپتۇ». تومسېن (V.Thomsen) نىڭ 1912 - يىل «پاد شاھلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» 201 -، 213 - بەتلىرىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ. «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» 2. توم 80 - بەت.

uyur/uyar(oyar?) مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە رادلوف: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» 356 - بەت. W. بانگ (W.Bang) ۋە گابائىن (A.V.Gabain) نىڭ

«ۋىنگىرىيە يىللىق مەجمۇئەسى» 8. توم، 250 - ، 254 - بەتلەردىكى ئىزاھاتتىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ. ئۇلار ئىككىيلەن تەتقىق قىلغان مانى دىنى دەستۇرىنىڭ كەمتۈك ياپىراقلىرىدىكى (uy)yrlarng نى ئوقۇش ئۇسۇلى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. چۈنكى، فاكسىمىل نۇسخىسىدا بىر تۆشۈكنىڭ ئۈستىدە بىر چېكىت بار. تۆشۈك دەل ئۇلار پەرەز قىلغان uy نىڭ ئورنىغا ئېچىلغان. شۇڭلاشقا بۇ جاي ئادەمنى ئەسلىي تېكىستتە r ھەرىپىمۇ ياكى q ھەرىپىمدۇ دېگەن قىيىنئاتامنىڭ uyar ئۈچۈن.

uyar usin sizima~ uyar bagimka~uyar qadasimqa adirildim

«مەن سىلەردىن ئايرىلىپ قالدىكم، ئايالىمنىڭ uyar، بەگلىرىمنىڭ uyar، قېرىنداشلىرىمنىڭ uyar». يەنە چاكۇل (cakuL) دىكى 5 - نومۇرلۇق مەڭگۈ تاش ((c) تېپقا تەۋە) دىكى uyar بىلەن ئۈچىنچى نومۇرلۇق مەڭگۈ تاشتىكى uya نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. «elig uyamgha adirildim»، «مەن ئەللىكتىن ئارتۇق ئورۇق توققىنىمدىن ئايرىلىپ قالدىم».

بۇنىڭدىن باشقا، uyur دېگەن سۆز ئىلگىرى «ئېرىق پۈتۈك» (irq Bitig) دىمۇ ئۇچرىغان. بۇ 9 - 10 - ئەسىرلەردىكى تۈرك رونىك يېزىقى بىلەن ھەجمى كىچىكرەك ئەسەر بولۇپ، كېيىن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ تېكىستىنىڭ باش ئاخىرى مۇنداق: «قاغان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شەھەر قەلئە ياسىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى داۋام قىپتۇ. تۆت ئەتراپتىكى ياخشى كىشىلەر ۋە uyurs لار ئۇ يەرگە يىغىلىپ گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ.

(78) بۇ ئىسىملىكنى ئوخشاشلا «تاڭنامە» (217 - جىلد ( I ) 2 - بەت) تەمىنلىگەن. بۇلار ئىچىدىكى كونكرېت ئەھۋاللار ئۈچۈن پۇللىي بىلانىك: «Toquz — oghuz (توققۇز ئوغۇز) مەسىلىسىنىڭ قىسقىچە شەرھىسى توغرىسىدا» 41 - 38 - بەت، چاۋاننېس (E. ChaVANNEES) «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 94 - 93 - بەت، پېقىرنىڭ كونا ئەسىرى: «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى» 4 - 3 - بەتكە قاراڭ. بۇ ئىسىملىكتە پەقەت 19 ئورۇقنىڭ نامى بار. بۇ دەل پروفېسسور پۇللىي بىلانكىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىردىكى چۈشەندۈرۈشكە ئوخشاش ئىدى. «كونا تاڭنامە» نىڭ مۇئەللىپى «توققۇز ئوغۇز» (Toquz oghuz، ئۇيغۇلارنى پاش قىلغان. قەبىللەر ئىتتىپاقى) بىلەن ھەقىقىي ئۇيغۇر ( 回鹘 ) لارنى يەنى ئون ئۇيغۇرلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كېيىنكىسى ئەمەلىيەتتە ئون ئورۇق ئىدى.

(79) رېنې گرائۇد (Rene. G. raud): «بايىن چوكتۇ مەڭگۈ تىشىنىڭ شەرھى» 1961 - يىلى. پارىژ. 65 - بەتكە قاراڭ. ئاپتور تونيۇقۇق (Tonyuquq/Toniyuquq) دېگەن نامنى شەرھىيلەپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ نام toni+yuqoq دىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭ مەنىسى «تونىغا مەينەت نەرسىلەر يۇقۇپ قالغان كىشى» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇبادا ياغلاقار (yaghLaqar) قەبىلىسىنىڭ نامى ئۈچۈن باشقا بىر ئېتىمولوگىيە ئىزدىمەكچى بولساق، ئۇ ھالدا شۇنداق ئويلاشقا بولىدۇكى، yaghiLa دېگەن پېئىل، yayi «دۈشمەن» دېگەن سۆزدىن ئايرىلىپ چىققان بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «دۈشمەنلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش» دېگەنلىك بولاتتى.

(80) گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 161 - پاراگرافقا قاراڭ.

⑧1 .W.B هورنېل (W.B.HorneL) نىڭ «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەۋەرلىرى» 9. توم 555 ـ بەتتىكى چۈشەندۈرۈشكە، بېيلى (H.W.Baily) نىڭ «بۈيۈك ئاسىيا ژۇرنىلى» 2 ـ توم، 1 ـ سان، 19 ـ بەتتىكى چۈشەندۈرۈشكە، پۆللىي بىلانىك (P. BLank) : «Toqoz oghuz» مەسىلىسىنىڭ قىسقىچە شەرھى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ 40 ـ بېتىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ. K.W.F. مۈللېر (F.W.K.muller) : «مانى دىنى مەدىيە دۇئاسىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى» («ماھىرناماگ mahrnamag —») 9ـ، 21 ـ، 20 ـ بەتلەرگە قاراڭ. بۇ قاغاننىڭ ئىسمى توغرىسىدا چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 154 ـ بەت. «تاڭنامە» 221 جىلد ( I ) 2 ـ بەتكە قاراڭ. يەنە «تاڭنامىنىڭ مۇھىم تەپسىلاتلىرى» 98. جىلد 9 ـ بەت؛ «كىتابلار جەۋھىرى» (967 ـ جىلد 14 ـ بەت. «تاڭنامە» 217 ـ جىلد ( I ) 2 ـ بەت: «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى» 141 ـ بەتكە قاراڭ. بۇنىڭدىن باشقا، بىز ئىلگىرىكى ماقالىدا تەتقىق قىلىپ بولغان. 600 ـ يىللاردىكى تېلىلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىسىنىڭ ئىسمىلىكىدىكى 曷载 (Xazirھازىر) مۇ بەلكىم khazar دېگەن نامنىڭ تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن.

⑧3 خازارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرخىل تەلەپپۇز شەكلى توغرىسىدا چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 256 ـ بەت، پائول يېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 208 ـ 207 ـ بەتلەرگە قاراڭ. پائول يېللىئوت گەپ سېتىپ khazar دېگەن نامنى تەتقىق قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرىنىڭ 208 ـ بەت ئىزاھات ① دا: «« 曷载 » پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلىدۇ. مەيلى ئۇنى « 葛萨 » نىڭ خاتا يېزىلىشىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.» دەپ يازىدۇ. بىراق « 葛萨 » دېگەن بۇنداق شەكىل يەنە بىر ئۇيغۇر قاغانىنىڭ نامىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. پائول يېللىئوت بۇ ھەقتە ھېچنىمە بىلمەيدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. يەنە كېلىپ « 曷 » بولسا چىش تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. شۇڭلاشقا پائول يېللىئوتنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنىڭ 209 ـ بېتىدىكى چۈشەندۈرۈشى بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە «تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلىدا بۇ ئىككى ئوخشاش تەلەپپۇزلۇق خەت Qasar نى ئاساس قىلغان بولۇپ Qazar نى ئاساس قىلمىغانمىش. ئۇنىڭدىن باشقا khazar دېگەن نامنى تەتقىق قىلغاندا پائول يېللىئوت كۈچىنىڭ بارىچە —Z— تاۋۇشىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرىنىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى تۈرك تىلىدا تىترەڭگۇ تاۋۇشلۇشۇش نەزەرىيىسى بار دېگەندە چىڭ تۇرىدىغانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ بوغۇم بەكلا پوتلىكاشاڭ بولاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، خازار تۈركلىرى يەنى قەدىمكى بولغارلاردۇر. ئەلۋەتتە on—oghur ئومۇمىي تۈرۈك تىلىدا r تاۋۇشى z تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. بىراق مەن پائول يېللىئوتنىڭ ئۇسۇلىغا قارىتا يەنىلا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتىمەن. ئۇ — qac (قېچىش) دىن Qazar ۋە Qazaq نى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان. بۇ ئۇسۇل ئادەمنى گۇمانغا سالىدىغان قەدىمكى لەھجە qas ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇ بۇ جەھەتتە qaz غا قارىغاندا ئانچە مۇھىم بولمىسا كېرەك.

⑧4 رامىستېت: «شىمالىي موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش» 23 ـ، 53 ـ بەت.

⑧5 گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» 5. 35 § غا قاراڭ.

(86) «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى» 4 - بەتكە قاراڭ.

(87) بۇ ئىسىملار ئۈچۈن پائول پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 197 - 195 - بەتكە قاراڭ. بىراق پائول پېللىئوت بۇنىڭغا قارىتا تامامەن ئوخشىمايدىغان چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ.

(88) كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى شىمالىي تەرەپ 3 - قۇرغا قاراڭ. ئىزاھات (53) دە lsgiL بىلەن izgiL ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقى ئاللىقاچان كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

(89) «كونا تاڭنامە» دىكى بۇ بۆلەك ھۆججەتنى چاۋاننېس تەرجىمە قىلىپ ئۆزىنىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 91 - بېتىدە ئېلان قىلدى. ئۇ «تاڭنامە» «跌结» نىڭ يېزىلىش شەكلى «跌结» غا قارىغاندا تېخىمۇ جايىدا بولغان دەپ قارايدۇ. بىز «跌跌» خېتى ئارقىلىق Adiz /— Idiz نى ترانسكرىپسىيە قىلغاندىن كۆرە ئۇنى izgiL دېگەن نامنىڭ ئەڭ ياخشى تەلەپپۇزى دېسەك تېخىمۇ جايىدا بولغان بولىدۇ.

(90) ماركۋارت: «شەرقىي ياۋروپا شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 162 -، 515 - بەتلەرگە قاراڭ. مىنورسكى: «ھودودۇل ئالەم» 162 -، 320 -، 461 - بەتلەرگە قاراڭ.

(91) مۇراۋسكى: «ئون ئۇيغۇرلار تارىخى» 74 - 67 - بەت: «ۋىزانتىيە تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2. جىلد on og hundur بابىغا قاراڭ.

(92) مىنورسكى: «ھودودۇل ئالەم» 162 -، 465 -، 471 - بەت، يېزىلىشى ئېنىقلا خاتا بولغان بۇ خەتلەر توغرىسىدا مەن ئۇنى on—oghundur نىڭ قىسقارتىپ يېزىلغان شەكلى onundur ياكى oghundur ياكى on—oghundur نىڭ بىر قانچە خىل خاتا يېزىلىشىمۇ دەپ ئويلاش كېرەكمۇ - يوق بىلەلمەي قالدىم.

(93) Bayundur ۋە CavuLdur لار مەسىلىسى توغرىسىدا، پائول پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرلىرى» 197 - 194 - بەتكە قاراڭ. ZaBendar لار توغرىسىدا چاۋاننېس (E.Chvannes) : «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 248 - بەتكە قاراڭ.

(94) 795 - يىلىدىكى قاغاندىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا ئارىز كىچىك خانلىقى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا مەسىلىلەر ئۈچۈن، ئابىتاكىيو: «غەربىي ئۇيغۇرىيە خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 170 -، 199 -، 194 -، 266 - بەتكە قاراڭ.

(95) بېرىزىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرىگە قاراڭ. 7. توم، 161 - بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

(96) Adiz ۋە ABar نامىلىرى ئارىسىدىكى ترانسكرىپسىيە سۆزىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا، چاۋاننىس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 88 - بەتتىكى ئىزاھات؛ فرانكې (O.Franke) : «جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى تارىخى» 3. توم، 292 - بەت. لىيۇماۋتسىيە (Liu—mao—tsai) : «شەرقىي تۈرك تارىخىغا دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللار» 2. توم، 527 - بەت.

(97) جۇۋەينى (JuWaini) ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنى موڭغۇللار دەۋرىدە ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پايتەختىدىن بايقالغان بىر پارچە مەڭگۈ تاش (بەلكىم قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن) دىن ئوقۇپ بىلدىم، دەيدۇ. ھەم يەنە Q(a)

mLanJu بىر يەر نامى. ئۆتتۈغلار دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدۇر. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىكى بۇ قۇغان (Buquhan) دەل ئاشۇ يەردىكى بىر تۈپ دەرەخ كاۋىكىدىن تۇغۇلغان، دەپ قارايدۇ. «قۇمان مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» 60 ـ 59 ـ بەت، جون ئاندرېۋ بويلې (John AndreW.Boyle) : « جۇۋەينىنىڭ ‹دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى› دېگەن ئەسىرى توغرىسىدا» 15 ـ بەت.

⑱ بۇ نام ھەققىدە يەنە ئابىتاكىيۇ: «غەربىي ئۇيغۇرىيە خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 195 ـ بەتكە قاراڭ. ئاپتور ئادىز (Adiz) قاغاننىڭ قايتا ترانسكرىپسىيە قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. چۈنكى، 759 ـ يىلىدىن تارتىپ ئادىز (Adiz) قاغان ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى بولىدۇ.

«ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1962 ـ يىل، 259. توم، 1 ـ سان

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلەت ئوبۇلقاسىم
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق



# ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدە

غالىپ بارات ئەرك

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى ھەم پارلاق مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىلىمىزدە نىسبەتەن ئاز يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخىچە ھەل بولمىدى، ئەلنىڭ تېررىتورىيىسى شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، تېخىچە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنمىغاچقا، تۈرلۈك كىتاب - ماتېرىياللاردا ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تېخىچە پىكىر بىرلىكى بولمىدى. مەن بۇ ماقالەمدە ئۆزەمنىڭ شۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئورقۇن - يەنسەي ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ بىر ئەسىردىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورقۇن دۆلىتى مىلادىيە 840 - يىلى ئۆزىگە قارام بولغان قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى، ۋەزىر كۆلباغىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە بىر قانچە يىللىق ئىچكى نىزاھ ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ئىچكى ئىتتىپاقلىقى يوقالغان بۇ «خاقانلىق» تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرى (قارابالغاسۇن) نىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر دۆلىتى تېررىتورىيىسىدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بىر بۆلىكى يەنى ۋەزىر كۆلباغانىڭ تەرەپدارلىرى كونا ماكانلىرىدا قېلىپ قىرغىز خانلىقىغا پۇقرا بولغاندىن باشقا ھەممىسى ھەر تەرەپكە كۆچۈپ ھاياتلىق ماكانى ئىزدىدى. بىر بۆلىكى يەنى پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرىگە يېقىن جايلاشقان 13 قەبىلە (تەخمىنەن 20 تۈمەندەك ئاھالە) ئۆگە تېگىن باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى، بۇ بۆلەكتىن باشقا يەنە تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە ئورمۇزد تېگىن باشچىلىقىدا كۆچكەن بىر بۆلەك ئاھالە (تەخمىنەن 9 تۈمەن) كۆچكەن ئىدى، جەنۇبقا يەنە تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا كۆچكەن بۇ ئاھالىلەر نوپۇس سانى جەھەتتىن جەمئىي 29 تۈمەن ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ زىددىيەت بولۇپ، ئارمۇزد تېگىن باشچىلىقىدىكى ئاھالە ئۆگە تېگىننى (ئۆگە تېگىن قاغانلىققا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، غەرپكە كۆچكەن توپنىڭ رەھبىرى پانتېگىنمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىغان ئىدى) ئېتىراپ قىلمايتتى (ئورمۇزد تېگىن ئاخىرى ئۆگە قاغاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مۇۋاپپەق بولدى). ئورمۇزد تېگىنلەر تاڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارنىڭ باشچىلىرىغا مەنسۇپ لى فامىلىلىك ئىسىم ئاتا قىلغان ئىدى. ئۆگە تېگىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرمىغانلىقتىن چېگرا رايونلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە بەيئەت قىلغان بىر قىسمىنى خۇددى ئورمۇزد تېگىننىڭ ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرغاندەك ئىچكى جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى، ئۆگە تېگىننىڭ مەغلۇپ بولغان بىر قىسىم ئاھالىلىرى شىرۋىلەر يۇرتىغا قاچقان بولۇپ، شىرۋىلەرمۇ ئۇلارنى يەتتە قەبىلىسىگە تارقاقلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ يۇقاتتى. ئاخىرقى ھېسابتا تاڭ سۇلالىسى چېگرىلىرىغا كۆچكەن 29 تۈمەندەك ئاھالە تاڭ سۇلالىسىگە

قوشۇلۇپ كەتتى.

بىر بۆلەك پان تېگىن (فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خامىلتون بۇ نامنى مەڭلىگ تېگىن دەپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ) نىڭ باشچىلىقىدا 15 قەبىلە (تەخمىنەن 20 تۈمەندىن ئوشۇقراق ئاھالە) تەڭرىتاغ بويلىرىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى غەربىي ئۇيغۇرلارنى پاناھ تارتىپ كۆچۈپ كەلدى، ئەمما ئۇلارمۇ يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر بۆلىكى كەڭسۇ (گەنسۇ) دائىرىسىگە كېلىپ، شۇ يەردە مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ دەسلەپ ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى (847 ـ 1036) نى، كېيىن ئۇيغۇر شاجۇ ئېلى (بۇ ئەل ھەققىدە تېخى پىكىر بىرلىكى يوق بولغاچقا قۇرۇلغان ۋە ۋەيران بولغان ۋاقتىنى ئالمىدىم) نى قۇردى. بىر بۆلىكى بولسا داۋاملىق كۆچۈپ غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرپان، قۇمۇل، قارا شەھەر ئويمانلىقلىرىنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنى (866 ـ 1369) قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ ئەل گەرچە 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ تارىخى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكىدىن تېررىتورىيىسى ھەققىدە تەتقىقاتلاردا پىكىر بىرلىكى بولمىدى، تۆۋەندە بىز بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى:

لىن گەن، گاۋ زىخۇلار «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» دا: «قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنى شەرقتە گۇاجۇ، شاجۇدىن ھالقىپ كەتمىگەن، بەلكى گۇاجۇ، شاجۇ بىلەن ئېۋىرغول ئارىسىدىكى قاقاسلىقنى چېگرا قىلغان ... شەرقى جەنۇبى تەرىپى سېرىغ باش ئۇيغۇرلار بىلەن تۇتاشقان بولۇپ ... بۈگۈنكى چىڭخەي بىلەن شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان يېرىدە بولغان. جەنۇپتا قارا خانىلار خاندانلىقى ئۇدۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى تارىم چۆللۈكىنى چېگرا قىلغان. غەرپتە ئاقسۇ بىلەن باي ئارىسىدىكى قاقاس تاغ ۋە قۇملۇقلار بولغان ...»① دەپ يازىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى ئەسلىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، باشبالىق قاتارلىق ئۈچ ئوبلاستىنى ۋە كىنگىت، كۇچار دۇدۇ مەھكىمىلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ...»② دېيىلگەن.

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» دا: «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزارت داۋىنىغىچە يېتىپ باراتتى، جەنۇبتا ئەينى زاماندا تۇبۇتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان ئورۇن بىلەن تۇتىشاتتى...»③ دېيىلىدۇ.

گېرمانىيىلىك ئالىم گاباتىن خانىم «قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ھايات» دېگەن كىتابىدا: «بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى (تارىم ئويمانلىقى) بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى (جۇڭغار) نىڭ بىر قىسىم جايلىرى بولغان، ئەمما شەرق ۋە غەربى چېگرىسى تارىختا مۇقىم بولمىغان. بۇ يەردە ئېيتىش كېرەككى، شەرققە ۋە غەرپكە كېڭىيىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ...»④ دېيىلگەن.

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاپتا: «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغار ئۈچ ئويمانلىقىدىن ھالقىغان بولۇپ، شەرقتىن غەرپكە قۇمۇلدىن ئاقسۇغىچە ئارىلىقتا چۆل ـ جەزىرە ۋە بوستانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دۆلەت دائىرىسىدە قوچونى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا غەرپتە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، ئۇلار غەرپتە ئاقسۇنىڭ مۇز داۋان، جەنۇپتا تارىم دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كۇسەن ئۇيغۇرلىرى پۈتۈن ئەلنىڭ غەربىدىكى بىر قىسىم زېمىنىنىلا ئىگىلەيدۇ...»⑤ دەپ قارايدۇ.

ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىقلار «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «شەرقتە بارىكۆل، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، غەرپتە قارا شەھەرنىڭ غەربى، جەنۇپتا قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇنىڭ زېمىنى غەرپتە ھازىرقى كۇچانىڭ غەربىگە سوزۇلغانىدى»⑥ دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىدىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ھەرخىل. بۇ ھەقتە بىرقەدەر ئەتراپلىق ھەم كەڭ دائىرىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن ياپونىيىلىك ئالىم ئابتاكىئو ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسىرتاتسىيىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە توختالغان. مەن تۆۋەندە ئالىمنىڭ شۇ ئەسىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئۆز ئىزدىنىشىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنىمەن.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىنى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي تارىخىغا ئاساسەن دەسلەپكى دەۋرى، كۈچەيگەن دەۋرى، ئاخىرقى دەۋرى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ئەمدىلا قۇرۇلغان ۋاقتى بولۇپ، 10 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە تېررىتورىيىسى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ تۇرپان، قۇمۇل، قارا شەھەر ئويمانلىقلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. چۈنكى ئۇيغۇر ئورقۇن دۆلىتى يىمىرىلگەندە ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرغىز خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى ۋە ۋەزىر كۆلباغا ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە پۈتۈن ئەل ۋەيران بولدى، پايتەخت ئۇيغۇر شەھىرى (قارابالغاسۇن) نىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇنداق تارىخىي مۇھىتتا تېرە - پېرەڭ بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولۇپ، 840 - يىلدىن بۇرۇن بىر قانچە يىل ۋابا تارقىلىپ ئاھالىلەر قىرىلغان، بىرقانچە يىل قاتتىق جۇدۇن تەبىئىي ئاپەت بولۇپ ئىگىلىكى ۋەيران بولغان ئىدى. ئۇرۇش تۈپەيلى ئارمىيە مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈن ئەل جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان ئىدى. يەنە ئەڭ مۇھىمى ئەل باشچىلىرى ئىچىدە نىزاھ بولۇپ، ئەل بىر قانچە توپقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئاقىۋەت ئىتتىپاقلىق يوقالغان،

ئورتاق بىر باشچىسى بولمىغان ھالدا بۇ قۇدرەتلىك ئەل ئۆز قۇدرىتىنى يوقىتىپ ۋەيران بولدى. ئۇلار ئەنە شۇ ۋەيرانچىلىقتا بىر قانچە توپقا بۆلىنىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. شۇلاردىن بىر توپ يەنى پان تېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا ياشاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىنى پاناھداپ يول يۈرگەن بولسىمۇ ئەيتاۋۇر بىر سەۋەب تۈپەيلى ئىككىگە بۆلۈنگەندۇ. بىر بۆلىكى گەنسۇ رايونىدىكى قېرىنداشلىرى يېنىغا، يەنە بىر بۆلىكى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. ئىگىلىكى، ئارمىيىسى، ئىقتىسادى، جەڭگىۋارلىقى يوقالغان بۇ بىر توپ 10 نەچچە تۈمەن ئاھالە ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق كۆرۈشىگە قېرىنداشلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئاتلىنىپ تۇبۇت ھۆكۈمرانلىرىنى بۇ ئانا تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ھەم ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ تەرىپى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىدە ئىپادىلەندى. شۇڭىمۇ ئەلنىڭ تېررىتورىيىسى دەسلەپكى چاغلاردا ئىنتايىن كىچىك بولۇپ تۇرپان، قۇمۇل، قارا شەھەر ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرلىرى 10 - ئەسىر بولۇپ، بۇ دەۋردىكى تېررىتورىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلار تېپىلدى، شۇلاردىن بىر پارچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك (10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەنسۇپ) بولۇپ، بۇ تارشا پۈتۈك «قۇتلۇق كى ئوت قۇتلۇق قويىن يىل ئىككىنتى ئاي، ئۈچ ياڭىقا، كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورناتمىش. ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالىپ ئارسلان كۆل بىلگە تەڭرىخانىمىز ... خان ئولۇرمىش. ئۆڭتۈن ساچۇكىدىن نۈچ بارىسخاتقا تەگ ئىلىنو ئەركىسنۇ يەرلىقا يۇر ئوغۇرد ا... خان تەڭرىكەن... ئىل ئۆگسى ئالىپ تۇتۇغ ئۆگە. قۇتلۇق قوچو ئۇلۇسۇغ باشلايۇر ئەركەن (يەشمىسى: قۇتلۇق كى ئوت قۇتلۇق قوي يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 3 - كۈنى كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورناتمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالىپ ئارسلان قۇتلىغ كۆل بىلگە تەڭرى خانىمىز...خان بولغان. شەرقتە ساجۇ

(گەنسۇ) غەربتە نۇچ بارسغانغىچە (ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى جەنۇبى) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىۋاتقاندا.... خان... تەڭرىكەن... ئىل ئۆگەسى ئالپ تۇتۇغ ئۆگە قۇتلۇق قوچو دۆلىتىنى باشقۇرار ئىدى)» ⑦ دېيىلگەن بولۇپ، ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ شەرقتە Saciu (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى) غا، غەربتە NucBarsxan غا يېتىدىغانلىقى يېزىلغان، قوچونىڭ ئەل نامى بولۇشىغا كەلسەك مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوچو دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. غەربىي چېگرا ھېسابلانغان NucBarsxan نى بەزى ئالىملار ئەرەبچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان Nugkat يەنى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى نۇچ دەپ قارايدۇ. بارتولد بولسا شاش يەنى ھازىرقى تاشكەنتنىڭ چىرچىق ئەتراپى دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن، نۇچ سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىنى كۆرسىتىدۇ. بارسخان بولسا ئىسسىق كۆلگە يېقىن جايلاشقان ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسىمۇ بىر مەزگىل بۇ جايغا ھۆكۈمدار بولغان، بۇ ئەلۋەتتە خاقانىيە قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىن پارچىلىنىپ چىققاندىن كېيىنكى ئىش.

ئارخېئولوگ ۋون لېكوك ئېلان قىلغان مانى يېزىقىدىكى T.M.176 نومۇرلۇق يادىكارلىقتا مۇنداق جۈملە بار:

qoco ulus ikii otuz baliq qutii waxsikii

(يەشمىسى: قوچو ئېلىدىكى يىگىرمە ئىككى شەھەرنىڭ قۇت ۋە قوغداش ئىلاھى) ⑧. بىز بۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ خېلى كەڭ تىرروتورىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەلۇم مىقداردا جۈملىدىن كەم دېگەندىمۇ 22 شەھەر ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى پارچىلىنىپ خاقانىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقىنىدەك ئۇلارنىڭ بەشلا شەھىرى بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى پەقەت ئەڭ مەشھۇرلىرىنى يازغىنىدىن باشقا كۆپىنى دىنىي ئەقىدە سەۋەبىدىن يازمىغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە لوپ شەھىرى، كېتىك شەھىرى، مەردەك شەھىرى قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەر بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارمۇ يېزىلمىغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې (938 - 1006) (يازغان «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە 985 - يىللىرى ئەلچى بولۇپ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىگە بارغاندا كۆرگەن بىلگەنلىرىنى يازغان. ئۇ: «جەنۇپتا ئۇدۇن (خوتەن) غا، غەربىي جەنۇپتا تاجىك - پارسلارغا، غەربتە غەربىي ئەنەتكەك (ھىندىستاننىڭ بولۇر، قارلىقتاغ، پامىرلارغا تۇتىشىدۇ ... ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا جەنۇبى تۈرك، شىمالىي تۈرك، ئۇلۇغ چىگىل، كىچىك چىگىل، ياغما، قىرغىز، بارمان، قارلۇق، كېتو، يۇرۇڭ قەبىلىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئاھالىلىرى بار...» ⑨ دېيىلگەن. ۋاڭ يەندىنىڭ بايانى ئەلۋەتتە شۇ قېتىمقى زىيارىتى داۋامىدا ئىگىلىگەن ماتېرىيال ئۇچۇرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئەلنىڭ ۋاستىلىق تەمىنلىگەن ئۇچۇرىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە بەزى ناملار شۇ چاغدىكى خەنزۇچە ئاتالغۇلار بويىچە تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تۈرك ئاتالمىسى 大食 ئەرەب دەپ ئېلىشىمۇ مۇمكىن، يۇقىرىقى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ بولىشىمۇ تېررىتورىيىسىنىڭ ئۇنداق كىچىك ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىقى قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، چىگىللەر تالاس شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىلى ۋادىلىرىغىچە جايلاشقان. ياغما قەبىلىسى ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىگە تارقالغان بولۇپ، خاقانىيە ئەرەپ ئىسلام ئەللىرىدە ياغما ئېلى نامىدا مەشھۇرلانغان. قىرغىزلارنىڭ ئاساسى قىسمى يەنىلا يەنسەي ۋادىسىدا بولۇپ، بىر قىسمى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دائىرىسىگە كۆچكەن بولۇشلىرى مۇمكىن. قارلۇقلارنىڭ ئاساسى قىسمى چۇ دەريا ۋادىسىدا بولسا بىر قىسمى يەنە ھازىرقى ئاقسۇ دائىرىسىدە ياشىغان.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىن ۋاستىلىق ھالدا قالغان يەنە بىر ئۇچۇر بولۇپ ئۇ «ئۇيغۇر ئىدىقۇتى تۆھپە مەڭگۇ تېشى»، بۇ

مەڭگۈ تاشنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ باش قىسمى يەنى تېروتورىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك جايلىرى يوقالغان، 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تىكلەنگەن بۇ ئابىدىنىڭ خەنزۇچىسىنىڭمۇ ئالدىنقى قىسمى يوقالغان بولسىمۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئابىدىدىن كۆچۈرگەن كۆچۈرمىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «يارغول ( 交州 ) بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئېلىدۇر، چېگرىسى شىمالدا ئامۇر دەرياسىغىچە، جەنۇبتا جيۇچۇەنگىچە، شەرقتە ئۇدۇن- كاشغەرغىچە، غەربتە تىبەت ( 西番 ) گىچە بارىدۇ» ⑩ دەپ يېزىلغان.

ياپونىيىلىك ئالىم ئابىتاكىئۇ بۇ باياننى چۈشىنىشلىك قىلىپ «غەربتە ئامۇر دەرياسىغىچە، شەرقتە سۇجۇغىچە تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپى خوتەن ۋە قەشقەر بىلەن تۇتاشسا، جەنۇبتا شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ يەردە 高昌 دېگەن نامنى ئۇيغۇر دەپ ئالدىم، چۈنكى 14 - ئەسىر قاراشلىرىغا تالىق «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە 高昌 ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ئۇيغۇر» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىلغان مەزكۇر ئابىدىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازغان بولۇپ، خەنزۇچىسى ئۇيغۇرچىسىنى مەنبە قىلىپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ماتېرىيالنىمۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت جەمەتى تەمىنلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېگىن تەرجىمىھالى» دا: «شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەرپ تەرىپى تىبەتلەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدىكى جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇب تەرىپى گەنسۇنىڭ جۇچۈەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ» ⑪ دېيىلگەن.

982 — يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان نامەلۇم ئاپتورنىڭ «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دەپ يېزىلغان. «شەرق تەرىپى چىنىستان، جەنۇبى تۈبۈتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق، غەربى قىرغىزلارنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرى، شىمال يېقىمۇ قىرغىزلار بولۇپ، (قىرغىزلار؟) توققۇز ئوغۇز ئېلىنىڭ پۈتۈن چېگرىسىنىڭ ئەتراپلىرىغا تارقالغان… تۈرك ئەللىرى ئىچىدە توققۇز ئوغۇز ئېلى ئەڭ چوڭ ھەم ئاھالىسىمۇ كۆپ، قەدىمدە پۈتۈن تۈركىستاندا قاغانلار مۇشۇ توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىدىن چىققاتتى» ⑫ دەپ يېزىلغان.

«ھۇددۇل ئالەم» دە يەنە «چىنىستاننىڭ شىمالىدا تۈبۈت، توققۇز ئوغۇز ۋە قىرغىز يەرلىرى بار»، «تۈبۈتنىڭ شىمالىدا قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بار»، «ياغما ئېلىنىڭ شەرقى توققۇز ئوغۇز ئېلى… ئۇلارنىڭ خاقانى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىدىقۇتى بىر ئۇرۇقتىن»، «قىرغىز ئېلىنىڭ جەنۇبى توققۇز ئوغۇز چېگرىسى ھەم قارلۇقلارنىڭ مەلۇم جايلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ»، «قارلۇقلارنىڭ شەرقى تەرىپى تۈبۈتلەرنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى، ياغما ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرىلىرىدۇر… شىمالىدا تۈركەشلەر، چىگىل ۋە توققۇز ئوغۇزلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ»، «بارسخان كۆل بويىدىكى بىر شەھەر… بېگى قارلۇق بولسىمۇ ئاھالىلىرى توققۇز ئوغۇزلارغا سادىق»، «كۇچا چېگرا رايوندا بولۇپ، چىنىستانغا تەۋە، ئەمما دائىم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ» ⑬ دېيىلگەن.

گەرچە «ھۇددۇل ئالەم» دە خېلى كەڭرى مەلۇماتلار بولسىمۇ ئاپتور كىتابنى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغانلىقى، يەنە كېلىپ پايدىلانغان ماتېرىياللار بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولمىغىنى، چۈشەنچىلەردە ئارىلىشىپ قېلىش، دەۋرى جەھەتتىن پەرقلەندۈرمەسلىك سەھۋەنلىكى مەۋجۇت. شۇڭا، بىز باشقا ماتېرىياللارنى ئاساس «ھۇددۇل ئالەم» نى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇ ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ تۈبۈت، ياغما (خاقانىيە)، قىرغىز، قارلۇق، چىگىل، قىماقلار بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاپ

بەردىكى، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتى كۆچەيگەن چاغلاردا پۈتۈن تۇركى ئەللەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۈچلۈك ئەلگە ئايلانغان بولۇپ، غەربى چېگرىسى ئامۇ ـ سىر ۋە چۇ دەريالىرىغىچە بارغان بولسا، شەرقى چېگرىسى دۇنخۇاڭ ـ جۇچۇەنلەرگىچە (دوكتور ئابىتاكىئو كىتابىدا بەزى بايانلىرىدا ۋە كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە دۇنخۇاڭ، ئەنشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى تېرىتورىيىسىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا شەرقى شىمال چېگرىسى ئۆتۈكەن تەرەپكىمۇ تۇتاشقان بىر قىسىم زېمىنلىرى بولغان، دوكتور ئابىتاكىئو مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ قارىشىنى قوللايدۇ) تۇتاشقان. جەنۇپتا قەشقەر رايونىدىن تارتىپ كېيىنكى دەۋرلەردە بۆلۈنۈپ چىققان خاقانىيىنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ھۆكۈمىگە ئالغان بولۇپ، خوتەن رايونىنى مەركەز قىلغان «ئالتۇن ئەل» ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى تەرەپتە چېگرىسى مۇقىم بولمىغان بولۇپ، ئىلى دەريا ۋادىلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. دېمەك، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلغاندەك ئۇنداق كىچىك بىر خانلىق بولماستىن كۆچەيگەن چاغلىرىدا خاقانىيەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر ئەل بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن پارچىلانغان ھەمدە «خاقانىيە» سۇلالىسى بارلىققا كەلگەن، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كىچىكلەپ ئىككى ئەل «ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى» ۋە «خاقانىيە» گە پارچىلانغان. بۇ ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىدىن باشقا يەنە خوتەن رايونىنى مەركەز قىلغان ئالتۇن ئىل ھەم دۇنخۇاڭ رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر گەنجۇ ھاكىمىيىتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر خېشى ھاكىمىيىتى بولغان. بۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرىدە بىرىكىش، يوقۇلۇش، پارچىلىنىش بولدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ھاكىمىيىتى پارچىلاندى. ئۇيغۇر گەنجۇ ھاكىمىيىتى يوقالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خېشى ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى ھەم يوقالدى. خاقانىيە غازات قىلىپ ئالتۇن ئىل ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان 40 يىللىق سوزۇلغان كۈرەشتە يېڭىپ ئۇنى يۇتۇۋالدى ھەتتا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىگە تەھدىت پەيدا قىلدى ۋە بىر قىسىم زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى.

ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى يەنى خاقانىيە پارچىلىنىپ چىققاندىن كېيىنكى تېرىتورىيىسى ھەققىدە خاقانىيە خان جەمەتىدىن بولغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە قالدۇرغان ئېنىق مەلۇماتلىرى بىزنى مەنپەئەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۈسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا⑭.

ئۆتۈكەن. تاتار (موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن⑮.

ئاراموت. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى⑯.

تۈبۈت. ... بۇ يەرنىڭ شەرقى تەرىپى چىنغا، غەرپ تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا ... تۇتۇشىدۇ⑰.

بۇگۇر. كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەرگە چېگرا⑱.

تالاس. تىراز دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى ئۇلۇغ تالاس دېيىلىدۇ، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا بولۇپ، كەمى تالاس ـ كىچىك تالاس دېيىلىدۇ⑲.

ئىلى ۋادىسى بىلەن يافىنچ ۋادىسى ئارىلىقىدا چېگرىغا جايلاشقان بىر شەھەرمۇ ئىككى ئۆگۈز دەپ نام بېرىلگەن⑳.

بەدەل ئارت. ئۇچ بىلەن بارسخان ئارىسىدىكى بىر داۋان㉑.

تارىم. ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى كۇچا دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي㉒.

كۈسەن. كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان㉓.

چۇرچان ـ چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى㉔.

كەمى تالاس. كىچىك تالاس. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى㉕.

Turpanological Research

كىنگۇت. ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى㉖.

يافىنچ. ila ئىلى يېنىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى㉗.

بارسخان. ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسخان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر㉘.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرى قىممەتلىك پاكىت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرى بۈيۈك ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن تۈركى خەلقلەرياشىغان زېمىنلاردا ئۇزۇن يىللاردىن ئۇشۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا ئۇ خان جەمەتىدىن بولغىنى ئۈچۈن بەزى ئىچكى سىرلاردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن ھەمدە ئۇنىڭدەك يېتىلگەن ئالىم، خان جەمەتىگە مەنسۇپ شەخس، يەنە ئۇزۇن نەچچە يىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ماتېرىيال توپلىغان. شۇڭا، بۇ ئۇچۇرلارنى تامامەن ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ.

بىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىغا ئاساسلىنىدىغان بولساق غەربى جەنۇپتا چەرچەنگە (كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ سۈرۈلۈپ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋاش شەھىرى يېزىسىنىڭ شەرقىگىچە) كېلىپ قالغان. تۈبۈتلەر تەرەپتىكى چېگرىسى ئۆزگەرمىگەن. خاقانىيە تەرەپتە چېگرىسى دەسلەپ ئاقسۇدا (16 - ئەسىردە ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى) «تارىخى رەشىدى» دە ئاقسۇنىڭ شەرقىنى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بويىچە «ئۇيغۇرىيە» دەپ ئاتىغان بولسا كېيىنچە سۈرۈلۈپ كۇچاغا، ھەتتا بۈگۈرگىچە كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆتۈكەن ھەققىدە ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن دەپ يېزىشىغا قارىغاندا، شەرقى شىمال تەرەپتە چېگرىسىنىڭ ئۆتۈكەنگىچە تامان سوزۇلغانلىقىنى، ئۇ تەرەپلەردىمۇ بىر قىسىم زېمىنلىرى بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دەسلەپ تامامەن ئاجىز ھالەتتە بولۇپ، شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن غەربى ئۇيغۇرلارنىڭ [illegible]ردىمدە تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئويمانلىقلىرىنى ئىگىلەپ مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان، بۇ ئەل 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۈچىيىپ تېرىتورىيىسى تارىم ۋادىسىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ئامۇر، سىر، چۇ دەريا بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان. ھازىرقى تاشكەنت، ئالما - ئاتا، جامبۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. 10 — ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خاقانىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ غازات نامى بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتى نۇرغۇن زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، جۈملىدىن ئىلى رايونىدا ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىپ ئاخىرقى ھېساپتا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتى مەغلۇپ بولغان بولسا كېرەك، تاكى ئامۇر، سىر، چۇ دەريا بويلىرىغىچە بولغان زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ سوقۇشلار ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە مۇناسىۋەتلىك شېئىر، قوشاقلار خاتىرىلەنگەن. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئىككى ئەلنىڭ جەنۇپتا چەرچەن (كېيىنچە چاقىلىقنىڭ ۋاش شەھىرى يېزىسىنىڭ شەرقىدىراق)، كۇچالار (كېيىنچە بۈگۈر بولغان بولسا كېرەك) چېگرا بولغان. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا ئىلى ۋادىسىدا بىر قىسىم جايلىرىنى ساقلاپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ قىسىم جايلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) دۆلىتى خاقانىيىگە خېلى كۆپ زېمىنلىرىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن تېرىتورىيىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى، ئۇ مەيلى قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغاندا بولسۇن تېرىتورىيىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. شۇڭا، 11 — ئەسىرلەردىن باشلاپ تاكى يوقالغىچە بولغان ۋاقىتتىكى تېرىتورىيىسىنى ھېساب قىلىدۇ.

ئىزاھلار:

① لىن گەن، گاۋ زىخۇلار «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 256 - بەت

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1982 - يىل،

252 - بەت

③ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى،
ئۇيغۇرچە، 236 - بەت

④ گابائىن «قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە هايات» تۇرپان ۋىلايەتلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى
خەنزۇچە نەشرى، 1989 - يىل، 7 - بەت

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995
- يىل، خەنزۇچە، 58 - بەت

⑥ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 1991 -
يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 599 - بەت

⑦ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىل ئۇيغۇرچە 1 - سان،
94 - بەت

⑧ ئابىتاكىئو «غەربى ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 313 - بەت

⑨ «قەدىمكى دەۋردىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرلىرى ھەم شەرھى» نىڭشا خەلق نەشرىياتى
1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 159 - 160 - بەتلەر

⑩ ۋۇۋېينىڭ «تارىخ جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات» خەنزۇچە

⑪ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە
نەشرى، 115 - بەت

⑬⑫ «ھوددۇل ئالەم» ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا
تەتقىقات ئورنى، 1983 - يىلى خەنزۇچە باسمىسىدىكى مەلۇماتلاردىن ئېلىندى.

⑭⑮⑯⑰⑱⑲⑳㉑㉒㉓㉔ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 18 -، 175 -، 187 -، 468 -، 474
-، 510 -، 515 -، 526 -، 567 - بەتلەر

㉕㉖㉗㉘ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984
- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم 223 -، 495 -، 511 -، 569 - بەتلەر

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلىگراف ئىدارىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق



# تۇرپان

ۋ. ۋ. بارتولد

ئىلاۋە: جاھان شەرقشۇناسلىقىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان مەرھۇم تارىخشۇناس، ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىنغان ئالىم ۋ. ۋ. بارتولد (1860 - 1930) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا بېغىشلانغان ماقالە - ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھازىرقى كۈندىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. غەربىي يۇرت تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ھازىرقى كۈندىكى كەڭ مىقياس ۋە چوڭقۇرلۇقتىن تېخى كۆپ يىراق تۇرۇۋاتقان ئەينى زامان شارائىتىدا مۇئەللىپنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، مىللەتلەر تارىخى قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەر بويىچە ئىشلىگەن ئەمگەكلىرى بۈگۈنكى كۈندە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنسا قىلچە ئارتۇقلۇق ھېساپلانمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن مۇئەللىپنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (E–1) ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن «تۇرپان» ۋە «بېشبالىق» ماۋزۇسىدىكى ئىككى پارچە ماقالىسى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

تۇرپان ئاتالمىسى ئادەتتە «تۇرفان» شەكلىدە يېزىلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى بىر شەھەر. يېرى مۇنبەت، ئەمما سۈيى قىس، بۇ بوستانلىق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي تۇرمۇش ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان؛ يەنە كېلىپ ھازىرقى تۇرپاننىڭ ئورنىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىگە جايلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە بۇ جايدا قوس - غۇز دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 — يىلى خەن سۇلالىسى قوس خانلىقىنى يوقاتقان؛ ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەكىللەنگەن ۋە ئانچە چوڭ بولمىغان سەككىز رايوننىڭ بىرى تۇرپان بولۇپ، ئالدى قوس - غۇز دۆلىتى تەۋەسىدە بولغان. بۇ رايونلارنىڭ مەركىزى ئانچە چوڭ بولمىغان شەھەر بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئۇنى « 河交 » (جياۋخې) دەپ ئاتىغان. بۇ جاينىڭ خارابىسى تۇرپاننىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. كىيىمىنىز ئۇنى «يارخوت» دەپ ئاتىغان (كىيىمىنىز: «تۇرپان» 24 - بەت). كېيىنكى خەنزۇ كۆچمەنلىرى بۇ جاينى « 高昌 » (گاۋچاڭ) دەپ ئاتىغان بولسا، تۈركچە دەسلەپ قوچو (مەھمۇد كاشغەرى، 1 - توم، 103 - بەت، قوچو)، كېيىنچە «قارا غوجا» دەپ ئاتالغان، ھازىر بولسا تۇرپاننىڭ 40 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بۇ جاي «ئىدىقۇت شەھرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى تۇرپاننىڭ نەق جەنۇبىدا بىر خارابىلىك بولۇپ، كىيىمىنىز ئۇنى «كونا تۇرپان» دەپ ئاتىغان. («تۇرپان»، 28 - بەت)، س. فرانكىنىڭ پىكرىچە («ئىبادەتخانا يازمىلىرى» 36 - بەت) بۇ خارابىلىق «قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بولۇپ، ئانچە كۆپ بولمىغان كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى»، ئەمما ئۇلار خېلىلا چوڭ كۆلەمدىكى مەيدانغا ئىگە بولۇپ (ئۈچ كۋادىرات كىلومېتىردىن چوڭ)، ئىدىقۇت شەھرىدىن چوڭ ئىدى.

موڭغۇللار دەۋرىدە «تۇرفان» دېگەن نام تىلغا ئېلىنمايدۇ، 1331 - يىلىدىكى جۇڭگو خەرىتىسىدىمۇ (برېتشنېيدېر: «تەتقىقات» 2 — توم) بۇ نام ئۇچرىمايدۇ. تۇرفان شەھرى ھەققىدىكى يېگانە ئۇچۇر ئېھتىمال ستېين. كونوۋ دۇنخۇاڭدىن تاپقان ۋە ئېلان قىلغان قەدىمكى زامانغا خاس ساكچە ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان Tturpanna Kamtkha دېگەن ئاتالغۇ بولسا كېرەك («ساكچە ھۆججەتلەر» 137 -، 143 - بەت). تۇرپان ھەققىدە تېپىلىدىغان جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى تۇنجى مەلۇمات («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى « 土魯番 » (تۇلۇفان) دېگەن نام) 1377 — يىلىغا مەنسۇپ. ئاز بولمىغان چەتئەل ئەلچىلىرى تۇرپانغا يېقىن جايلاردىكى

جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىدا قاقتى - سوقتى قىلىنغانلىقتىن مىڭ قوشۇنى تۇرپان ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى ئەۋەتىلگەن. (برېتشنېيدېر: «تەتقىقات»، 2 - توم، 193 — بەت). مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى «تۇرپان» نامىغا ئائىت تۇنجى مەلۇمات خېلىلا كېيىنكى زامانلارغا تەئەللۇق. «تارىخى رەشىدى» گە ئاساسلانغاندا، موغۇلىستان خانى خىزىر خوجا (تەخمىنەن 1389 - ~ 1399 — يىللار) «جۇڭگو چېگرىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىككى شەھەر - قاراغوجا ۋە تۇرفانغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلانغان»، شەھەر ئاھالىسى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلىنىپ ئىككىلا شەھەر ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار دۇنياسى قاتارىدا سانالغان (دەررۇل ئىسلام) (مۇھەممەد ھەيدەر، 52 - بەت). ئەمما تېمۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئەلچىلىرىدىن بولمىش شاھرۇھ بۇ يەردىن ئۆتكەن 823 - يىلى (مىلادىيە 1420 - يىلى) بۇ جاينىڭ ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېخى بۇددىستلار ئىدى؛ بۇ جايدا چوڭ ئىبادەتخانىلار، ساكيامۇنىنىڭ چوڭ ھەيكىلى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەيكەللەر بولغان، بۇ ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى كونا ھەيكەللەر بولسا، بەزىلىرى تېخى يېڭى ياسالغان ھەيكەللەر ئىدى (قاراڭ: بارتولد: «ھافىزى ئابرۇ» 27 - بەت). تۇرپاننىڭ ھازىرقى ئاھالىسى (تۇرپانلىقلار) بۇ جايدا ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقىنى، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر مۇسۇلمانلار دەپ قارىلىدىغانلىقى ئېنىق؛ بۇددىزمنىڭ بارچە قالدۇقلىرى دەقيانۇسنىڭ پادىشاھى بولغان قالماقلار (موڭغۇللار) دەپ قارىلىدۇ (كلېمېنز: «تۇرپان» 20 — بەت؛ ۋېنسىنىڭ: «ئەسھابۇل كەھف»).

تۇرپان ئەينى ۋاقىتتا سۇ قىسلىقىنىڭ دەردىنى ھازىرقى كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك تارتقان ئىدى. ئۇۋەيس خان زامانىسىدا (1418 - ~ 1428 - يىللار) بۇ جايدىكى تېرىقچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى ئاددى ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. خان چوڭقۇر قۇدۇق كولاشقا يارلىق چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوللىرى تېرىلغۇ ئېتىزلىرى ئۈچۈن كوزا - كوزا سۇلارنى توشۇغان (مۇھەممەد ھەيدەر).

كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېرىقچىلىق شارائىتلىرى خېلى ياخشىلانغان بولسا كېرەك؛ 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە چالىش رايونى (ھازىرقى قاراشەھەر) تۇرپاندىن ئاشلىق يۆتكەيدىغان بولغان (بارتولد: «تۈركىستان ساياھىتىدىن دوكلاد» 251 - بەت؛ خارتمان: «شەرقتە ئىسلام»، 1- توم، 302 — بەت). ھازىرقى كۈندە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەر ئاستى سۇغىرىش يوللىرى (كارىز) بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 17 - ئەسىردە قېزىلغان ئىكەن (ستېيىن: «ئۈچىنچى قېتىملىق ساياھەت» 47 - بەت).

چاغاتايخانىنىڭ ساختا ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زامانلاردا (15 - ~ 17 - ئەسىرلەر) تۇرپان دائىم ئايرىم خانلارنىڭ ئوردىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. كېيىن بۇ جاي پۈتكۈل مەملىكەتكە ئوخشاش دەسلەپ موڭغۇللارنىڭ تەسەۋۋۇپىغا ئۆتتى، كېيىنچە يەنى 1758 - يىلى قالماق دۆلىتى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. 1765 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئۈچ شەھىرى (ئاقسۇنىڭ غەربىدە) ۋەيران قىلىنىپ ئاھالىسى تولۇق قىرىپ تاشلاندى. شەھەرنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن باشقا شەھەرلەردىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىندى، بولۇپمۇ تۇرپاندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەر ئەڭ كۆپ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈچ شەھىرى «ئۈچ تۇرفان» ياكى «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتالدى. ھازىرقى تۇرپاننى بۇنىڭدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كونا تۇرفان» دەپ ئاتاشتى. ياقۇپ بەگ زامانىسىدا (1866 - ~ 1877 — يىللار) تۇرپان ئۇنىڭ شەرقتىكى چېگرا شەھىرى بولدى، 1876 - يىلى ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى ھارغىچە تارتقان بۇ شەھەر 1877 — يىلى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭغا قارايدۇ. تۇرپاننى زىيارەت قىلغان تر جى ياۋروپالىق دوكتور ئا. رېگېل بولۇپ، ئۇ 1879 - يىلى بۇ جايغا كەلگەن ئىدى. ھازىرقى تۇرپان قورغانىنى ئۇ ياقۇپ بەگ بىنا قىلغان قورۇلۇش دەپ قارايدۇ؛ ئۇنىڭ شەرقىدە خەنزۇلارنىڭ قورغىنى بولۇپ، گروم گرژىمايلو ئۇنى 1886 - يىلى

ئاندىن بەرپا قىلىنغان دەپ قارايدۇ («سەپەر خاتىرىلىرى»، 1 - توم، 275 - بەت)، ئەمما بۇ قورغاننى رېگېل تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. رېگېلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭمۇ شەرقىدە «كۆپلىگەن چىرايلىق قەبرىلەر ۋە چىرايلىق بىر مۇناردىن تۈزۈلگەن كېيىنكى ئەسىرلەردىكى تۇرپان خارابىسى مەۋجۇت». بىر - بىرىگە تۇتاش بولغان گۈمبەز، مۇنار ۋە مەسجىد كۆپ قېتىملاپ تىلغا ئېلىنىدۇ (كلېمېنز: «تۇرپان»، 49 - بەت؛ دوننېر: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، 120 - بەت؛ لېكوك: «روشەن ئىزلار»، 2 — بەت). مۇنار خىرىستىيانلارنىڭ سائەت قوڭغۇرىقى بولماستىن 1760 - يىللىرى ئەتراپىدا لۈكچۈن ۋاڭى تەرىپىدىن ياسىتىلغان. بۇ خارابىلىقلار ئېھتىمال كلېمېنز تىلغا ئالغان كونا تۇرپان بىلەن بىر بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا گو. فرانك ۋە گرۈنۋېدېل قىياس قىلغاندىنمۇ كېيىنكى زامانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ؛ كلېمېنز «مىڭ جۇغراپىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «تۇ - لۇ - فان» بىلەن ھازىرقى كۈندىكى تۇرپاننىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان كونا تۇرپاننى بىر بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ («تۇرپان»، 28 - بەت). قەدىمكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆپ قىسىم خارابىلىرى قارىغاندا 1879 ~ 1898 — يىللىرى ئارىسىدا ۋەيران بولغان بولسا كېرەك. ئەمما ئولدېنبۇرگ 1909 - يىلى ھۆكۈم قىلغاندەك بۇ خارابىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى كلېمېنزنىڭ خاتىرىلىگىنىدىن كۆپ ئىدى. ھازىرقى شەھەر سودا مەركىزى دېگەندەك كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە، شەھەر ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولسا 2 تۈمەن چىقىدۇ.

## بېشبالىق

بېشبالىق ئادەتتە «بەشبالىق» ياكى «باشبالىغ» شەكلىدە يېزىلىدۇ (تۈركچە «بەش شەھەر» دېگەن مەنىدە)، خەنزۇچە ( 北廷 ) «بېيتىڭ» («شىمالىي شەھەر» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان شەھەر. 7 — ئەسىردىن (ئورقۇن ئابىدىلىرىدە) 15 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە نامى ھەرقاچان تىللاردا زىكرى قىلىنىپ كەلگەن بۇ شەھەرنىڭ ئورنى خېلىلا كېيىنكى زامانلاردا ئاندىن مۇقىملاشتۇرۇلدى. كلاپروت ۋە ئەبۇل رەمىۇزدىن تارتىپ خەنزۇشۇناسلار ۋە جۇغراپىيونلار بېيتىڭ ۋە بېشبالىقنى ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن ئىزدەپ كەلدى. گرۇم گرژىمايلو («سەپەر خاتىرىلىرى»، 1 - توم، 221 - بەت) دەسلەپ (1896 - يىلى) شەھەر جەزمەن تېخىمۇ شەرقتىرەك بولسا كېرەك، مەسىلەن، ھازىرقى گۇچۇڭ بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ، دېگەن پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى؛ ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى تومىدا بولسا (1899 - يىلى، 42 - بەت) پوپوۋ 1885 - يىلى تەرجىمە قىلغان «موڭغۇل يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان تەپسىلىي نەقىلگە بېرىپ توختىتىدۇ. 1903 - يىلى ئې. چاۋاننېس («غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 11 - بەت) پوپوۋ ۋە گرۇم گرژىمايلونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا جۇڭگو مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان («غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىنلار تەپسىراتى») باشقا بىر مەلۇماتنى يەتكۈزدى. دولبېژىۋ جۇڭگولۇقلار كۆرسەتكەن جايدا (قەدىمكى خۇپۇزىغا يېقىن جايدا، يەنى جىمسارنىڭ شىمالىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا) ھەقىقەتەنمۇ بىر خارابىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ ھازىر «پوچېڭزى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ خېلىلا چوڭ (دائىرىسى 4 كىلومېتىر) شەھەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى («بېشبالىق خارابىلىكىگە سەپەر»، 66 ~ 70 - بەتلەر). بۇ تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى م. خارتماننىڭ («جۇڭگو تۈركىستانى»، 7 - بەت) ياكى بلوشېنىڭ («كىرىش سۆز»، 212 — بەت) ئەسەرلىرىدىن مەلۇملۇق بولۇپ، ئالدىنقى ئەسەردە بېشبالىق ئۈرۈمچى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلىدۇ.

جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زامانلاردا (كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى مىلادىيە 25 ~ 220 - يىللىرى) يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ بولغۇسى ئوردا - قورغىنى بولغان بۇ شەھەر «قاغان ستۇپ» دەپ ئاتالغان (قاراڭ: چاۋاننېس: «ماتېرىياللار»، 19 -، 305 - بەتلەر)؛

پەقەت 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن خەنزۇچە ئاتاق نامى بولغان 金满 «جىنمەن» ياكى «بېيتىڭ» دېگەنلەر بارلىققا كەلگەن. 658 ـ يىلىدىن تارتىپ بېيتىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى، بۇ مۇداپىئە رايونىنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقى بەزىدە تاڭ سۇلالىسى ۋالىيسىغا هاۋالە قىلىنسا، بەزىدە تۈرك بەگلىرىگە هاۋالە قىلىنىدى. 714 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوماندانى بەگ چۇر قاغاننىڭ ئوغلى باشچىلىقىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ هۇجۇمىنى ئوڭۇشلۇق چېكىندۇردى؛ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا تۈركلەر ۋە تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇرۇۋاتاتتى. بېيتىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن بولسىمۇ 791 ـ يىلى بۇ شەهەرنى قارلۇقلار ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ كەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ شەهەر ئۇيغۇر بېگىنىڭ ئوردىسى سۈپىتىدە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بېيتىڭدىكى ئەنە شۇ ئوردا قوۋۇقى ئالدىدا 982 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوبۇل قىلىنغان ئىدى. مەزكۇر ئەلچىنىڭ دوكلاتىدىن (س. جۇلىيان تەرجىمە قىلغان: «ئىزاهلار» (50 ـ بەت)، بىز بېشبالىق هەققىدىكى ئېرىشىش مۇمكىن بولغان ئەڭ تەپسىلىي مەلۇماتلارغا مۇيەسسەر بولالايمىز. شۇ سەۋەپتىن بېشبالىقنىڭ پوچېخزى (破城字) خارابىلىكى بىلەن بىر جاي بولۇشى شۇ قەدەر مۇهىمكى، دولبېژېۋ ۋاڭ يەندې ئېيتقان شەهەرنىڭ ئورنى، شەهەر ئەتراپى ۋە باشقىلار هەققىدىكى بارلىق مەلۇماتلارنىڭ پوچېخزىدا ساقلىنىۋاتقان قالدۇقلار بىلەن تولۇق ماس كېلىدىغانلىقىنى، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئىسپاتلاپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ۋاڭ يەندېنىڭ قېيىقتىكى سەپىرى تەسۋىرلەنگەندە تىلغا ئېلىنغان كۆل شۈبهىسىز هالدا شەهەرنىڭ شەرقىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا؛ ئۇ جايدا دەريا سۈيىنىڭ كۆلگە قويۇلۇشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان توسما ئىزى ساقلانغان. قارىغاندا، خارابىلىقنىڭ غەربىدە بۇددا مۇناستىرلىرى سېلىنغان بولسا كېرەك. ۋاڭ يەندېنىڭ يازغانلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتا بېيتىڭدا 637 ـ يىلى ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولغان.

شەهەر ئاهالىلىرىدىن باغۋەنچىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن سىرت، يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن تۈرلۈك جابدۇقلارنى ياسايدىغان ئۇستىلار كۆپ ئىدى.

موڭغۇللار دەۋرىگە قەدەر بولغان مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىدە بېشبالىققا ئائىت يېگانە بىر مەلۇمات ساقلانغان: نامەلۇم ئاپتور يازغان «هۇدۇدۇل ئالەم» (372/982 ـ 983) دە «پەنجىكەنت» (بەش شەهەر، شۈبهىسىزكى بۇ «بېشبالىق» نامىنىڭ پارسچە تەرجىمىسى) شەهىرى تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە شەهەرنىڭ «تافقان» (تىيانشان) تېغىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ توقۇزغۇزلار پادىشاهىنىڭ يازلىق ئوردىسى ئىكەنلىكى، ياز پەسلىدە بۇ جاينىڭ هاۋاسىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى باشقا جايلارغا قارىغاندا سالقىنراق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. گەرچە موڭغۇللار دەۋرىدىكى مەلۇماتلار هازىرقى گۇچۇڭ بىلەن ماس كېلىدىغان بېشبالىقنىڭ ئۆز زامانىسىدا چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ موڭغۇلىيىگە بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشتەك ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسىمۇ، گەردىزىنىڭ (بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدىن دوكلات»، 86 ـ بەت) توقۇزغۇزلار دۆلىتىدىن كۆگمەن تېغى (سايان تاغلىرى) غىچە سەپەر خاتىرىسىدە «بېشبالىق» (پەنجىكەنت) نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن 13 ـ ئەسىردە بېشبالىق رايونى دەسلەپ چىڭگىز خاندىن قورقۇپ موڭغۇلىيىدىن قېچىپ كەلگەن قەبىلىلەر، كېيىنچە زور ساندىكى ئىستىلاچى قوشۇن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۇنجى مەدەنىيەتلىك ئوبلاستلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئەينى ۋاقىتتا بېشبالىق «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىدا ئاتىلىۋاتقان ۋە قارا قىتانلارنىڭ خانى گۇرخانغا قارام بولۇۋاتقان ئۇيغۇر بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولمىش قاراغوجا (هازىرقى تۇرپانغا يېقىن جايدا) بىلەن بىر قاتاردىكى شەهەر ئىدى. 1209 ـ يىلى ئىدىقۇت چىڭگىزخاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن پايدىلىنىپ ۋاسسال هۆكۈمرانلىق مۇناسىۋىتىنى چۆرۈپ تاشلىدى ۋە موڭغۇللاردىن پاناهلىق تاپتى. تارىخشۇناس جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا (بارتولد:

«تۈركىستان»، 1 - توم، 115 - بەت) شۇ ۋاقىتتىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە خارەزىم شاھى مۇھەممەدنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىلگەن ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان سودا كارۋىنى بېشبالىقتىن ئۆتكەندەك قىلىدۇ. جۇۋەينىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلىرىدىن، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەزكۇر ئىدىقۇت بىلەن مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت كۆپلىگەن ئۇچۇرلارغا مۇيەسسەر بولالايمىز. مۇڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ئىستىلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشىگە ئىدىقۇت (بارچۇق ئارتېگىن) بىر تۈمەن لەشكەرگە شەخسەن باش بولۇپ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار دۆلىتى پۈتۈنلەي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئوبلاستلارنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالدى ھەمدە ئىسلامىيەتكە ئانچە ئۇزۇن قارشىلىق كۆرسىتىپ كېتەلمىدى، ئەكسىچە مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۆزلىرىنىڭ باي - باياشاتلىقى ۋە مەرىپەت - مەدەنىيىتىگە تايىنىپ موڭغۇلىيە ۋە ھەتتا جۇڭگودا تەسىر كۆرسەتكۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولدى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولغان ئۇيغۇرلارنى تەدرىجىي سىقىپ چىقاردى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. مۆڭكە خان زامانىسىدا (1251 ~ 1259) خارەزىملىك مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد بەگكە خارەزىمدىن تارتىپ تاكى جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بېرىلدى، جۇڭگو مەنبەلىرىدە بولسا ئەنە شۇ مەسئۇد بەگ بېشبالىقنىڭ ۋالىسى (ئۆلكە باشلىقى) سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، يەنى ھىجرىيە 650 / مىلادىيە1252 - 1253 - يىلى بېشبالىقتا تۇرۇۋاتقان سەيفىدىن (ئېھتىمال ئۇ مەسئۇدبەگنىڭ ۋەكالەتچىسى بولسا كېرەك) ئىدىقۇتنى ئۇنىڭ مەزكۇر ئەلدە تۇرۇۋاتقان پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدە يوشۇرۇن يارلىق چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىپلىدى، موڭغۇللاردىن بەلگىلەنگەن سوت مەزكۇر ھۆكۈمراننى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن، دەپ قارىدى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بېشبالىقتا ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. ھىجرىيە 649 - ~ 651 - يىللىرى / 1250 - 1251~1253 - 1254 جۇۋەينى شەخسەن پېرسىيىدىكى موڭغۇل باش ۋالىي ئارغۇن ئاغىنىڭ ھەمراھلىرى قاتارىدا موڭغۇلىيىگە بولغان سەپەرنى تاماملىغان ۋە ھېچ بولمىغاندا قايتىش سەپىرىدە بېشبالىقتا بولغان. ئەمما ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان بېشبالىقنىڭ بەرپا بولۇشى قاتارلىق رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنىلا يەتكۈزىدۇ (رادلوۋ نەشرگە تەييارلىغان «قۇتادغۇبىلىك» كە قاراڭ).

شۇ شەھەرنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ھەيۋىتى ياكى باشقىلار توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمەيدۇ، ھەتتا 13 - ئەسىردە بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلغان باشقا سەيياھلار، جۈملىدىن جۇڭگولۇق چاڭ چۈن ئەۋلىيا (1221 - يىلى، قاراڭ: برېتشنېيدېر: «تەتقىقات»، 1 - توم، 65 - بەت) ۋە كىچىك ئەرمېنىيە پادىشاھى خېتۇم (1255 — يىلى) قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى ئاز مىقداردىكى مەلۇماتلارنى قالدۇرىدۇ. گەرچە ئالمىلىق (غۇلجىغا يېقىن جايدا) تىن خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) قىچە بولغان يول پېگولوت (قاراڭ: خ. يۇلې: «جۇڭگو»، 1 - توم، 288 - بەت)، مارىنوللى (ئالدىنقى ئەسەر، 338 — بەت) ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنسىمۇ، موڭغۇللار دەۋرىدىكى غەربىي ياۋروپا سەيياھلىرى بېشبالىق توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار سەپەر ئۈستىدە جەزمەن بېشبالىق بىلەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇچراشماي قالمىغان. ۋاسسافنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، (خاممېر نەشرى، 24 - بەت؛ بومباي نەشرى 12 - بەت) ئالمالىقتىن بېشبالىققىچە بولغان ئارىلىق ئىككى ھەپتىلىك مۇساپە چىقىدۇ.

شەھەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە ئاخىرقى ۋەيران بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدا بىز ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنىلا بىلىمىز. چىڭگىزخان بەرپا قىلغان خاقانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن ئىدىقۇت كۆپ قېتىملاپ ئۇلۇغ خاقان ئىمپېرىيىسى (جۇڭگو) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل كۆپ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يادرولۇق ئورۇنغا مۇشەررەپ بولدى. 1275 - يىلى ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا باشلانغان ھەربىي يۈرۈشنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك چېكىندۈردى (دوسسون: «موڭغۇل تارىخى»، 2 - توم، 451 - بەت). 1331 — يىلىدىكى جۇڭگو خەرىتىسىگە ئاساسلانغاندا (برېتشنېيدېر: «تەتقىقات»، 2 - توم، تىتۇل تىزىملىكى)، سابىق ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى جۇملىدىن بېشبالىق ۋە قاراغوجا ئەينى ۋاقىتتا چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالغان ئىدى (قاراڭ: بارتولد: «چاغاتاي خان»). ئىدىقۇت سۇلالىسى قارىغاندا مۇشۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۇلۇغ خاقان ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يوقالغان بولسا كېرەك. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ۋە جەڭگى - جېدەللەر شەھەر تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېغىر ئاپەت بولغانلىقى ھېچقانداق شەك تەلەپ قىلمايدۇ. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر (مىلادىيە 15 - ئەسىر) نىڭ يېزىشىچە، 13 - ~ 14 - ئەسىرلەردە تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ ئوبلاستىكى بالاساغۇن، ئالمابالىق ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش بېشبالىق ئوبلاستىمۇ بالقاش كۆلىدىن جۇڭگو چېگرىسىدىكى بارسكۆل (ھازىرقى بارىكۆل) گىچە كېڭەيگەن (مۇھەممەد ھەيدەر، 365 - بەت) موغۇلىستان مەملىكىتىگە مەنسۇپ بولغان، شۇنداقلا بېشبالىق بۇ ۋاقىتلاردا ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقتىن قالغان بولسا كېرەك. قارىغاندا، 15 - ئەسىرگە كەلگەندە جۇڭگولۇقلار «بېشبالىق» سۆزىنى ئوبلاست نامى سۈپىتىدە قوللانغان بولسا كېرەك. يۈز يىللاپ بۇ شەھەردە يىلتىز تارتقان بۇددىزىم قارىماققا ئىسلام دىنى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك قىلىدۇ.

15 — ئەسىرگە كەلگەندە قالماقلارنىڭ چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىلكىدىكى دۆلەتكە قىلغان تۈنجى قېتىملىق ھۇجۇمى خاتىرىگە ئېلىنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (ئاپتور بۇ جايدا ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنى قوشۇپ تىلغا ئالغان - ئەسلى ئەسەر ئىلاۋىسى) شەرقىي يېرىمىنى تەشكىل قىلىۋاتقان پۈتكۈل مەملىكەت قالماقلار قۇرغان زور كۆچمەنلەر دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى، بۇ دۆلەت بولسا 1755 - ~ 1758 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. بۇ ۋاقىت شۈبھىسىزكى، شەھەر تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق مەزگىل بولالمىدى. شۋېد ئوفىتسېرى رېنات قالماقلار ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە (1716 - ~ 1733 - يىللار) سىزغان خەرىتىدە ھازىرقى گۇچۇڭ رايونىنىڭ ئورنىدا بۆرىبېنسىن شەھىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەلۇم ئەمەس. گۇچۇڭ (تۈركچە «كۇشاڭ») جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئاندىن بىنا قىلىنغان شەھەردۇر.

«ۋ. ۋ. بارتولد: تارىخىي جۇغراپىيە تەتقىقاتلىرى» (موسكۋا، شەرق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى، رۇسچە)

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان تۇران
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# بېزەكلىك مىڭ ئۆي 26 - نومۇرلۇق غاردىكى چاغاتايچە بېغىشلىمىغا «تولۇقلىما»

ئۆمەرجان نۇرى

قەدىمكى تۇرپان مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ كېلىۋاتقان خەزىنە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، سانسىزلىغان مەدەنىيەت مىراسىنى ساقلاپ كەلگەن تەبىئىي مۇزېي. هازىر تۇرپاندىن تېپىلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق يادىكارلىقلار بولۇپمۇ تىل — يېزىق تەتقىقاتىغا زۆرۈر بولغان ۋەسىقىلەر، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىق تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناهايىتى مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ۋە يېزىقىدىكى مەنبەلەردىن ئۆزگە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى بىلەن خاتىرىلەنگەن مەڭگۈ تاش (يەنى ئىمىن خوجا مۇنارى ئىچىدىكى ئىككى خىل تىل - يېزىقتا يېزىلغان خاتىرە تاش) ۋە تامغا چىجاپ يېزىلغان بېغىشلىما خاتىرىلەر ئىسلاملاشقاندىن كېيىنكى تۇرپان تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر تىلى - يېزىقى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۈچۈن يېڭى بىر مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. بېزەكلىك مىڭ ئۆي 26 - نومۇرلۇق غارنىڭ تورۇسىغا يېزىلغان چاغاتايچە بېغىشلىما ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

تەتقىقاتچى ئابلىم قېيۇم ئەپەندى بېزەكلىك مىڭ ئۆي 26 - نومۇرلۇق غارنىڭ تورۇسىغا يېزىلغان چاغاتايچە بېغىشلىمىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى، ئۈچ قۇر بېغىشلىمىنىڭ چاغاتايچە يېزىلىشى ۋە بېغىشلىمىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك كۆز قارىشىنى بايان قىلغان. ① ھەم ئىلمىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈچ قۇر بېغىشلىمىنىڭ فوتو سۈرىتىنى ناهايىتى ئېنىق قىلىپ تەمىنلىگەن. بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان خاننىڭ نامى، خاتىرە قىلىپ يېزىلغان ۋاقىت كونكرېت يېزىلغان.

مەن ئابلىم قېيۇم ئەپەندىنىڭ بۇ بېغىشلىما ھەققىدىكى ماقالىسىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوقۇۋېتىپ، بېغىشلىمىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى كۆز قارىشىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇپ قالغانلىقىنى، بېغىشلىمىدا كۆپلىگەن ۋاقىتنىڭ كونكرېت قىلىپ مىلادىيىگە ئۇدۇللاشتۇرۇلمىغانلىقىنى ھەم سۈرەتتىكى مەنى بىلەن ترانسكرىپسىيە ئوتتۇرىسىدا ئازراق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، ھېس قىلغانلىرىمنى ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە، بۇ قىسقىچە تولۇقلىمىنى نەزىرىڭىزلارغا سۇندۇم.

1. بېغىشلىما ھەققىدىكى تولۇقلىما:

Tongji xanning ucunci y(i)li altinci ayning on ikisi j(a)ngbolƔanda kafirlar (ni) olturup bu y(a)rni bibaqi qolumiz — Ɣa tapsurup — alduq.

تۇڭجى خانىنىڭ 3 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 سى تۇرپاندا نېمە جەڭ بولغان؟ جاۋاب: بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1864 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ھىجرىيە 1281 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 10 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا تۇرپاندا: سايرام خوجىلىرىدىن مەسۇمخان خوجام دەپ بىر سەيىد ئادەم، تۇرپانلىق قاسىم جەڭگە، گايىت خەلىپە، زايىت خەلىپە، ھاجى باقى خەلىپە دېگەن ئادەملەر بىلەن جامائەت پەيدا قىلىپ، تۇرپان سەھرالىرىدىكى چېرىك مەيمەيچى، خۇيجا قاتارلىق مانجۇلارنى يوقىتىپ، تۇرپان شەھىرىدىكى خەنزۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ غەلىبە قىلغان …… ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نارىسىدە بالىلىرىغىچە يوق قىلىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغان …… ھەممىنى نابۇت قىلغان. ② مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدىكى بىر پالۋان كىچىك بىر پادىچى بالىنىڭ بىر چېرىكنىڭ

نان ياقىدىغان تونۇرنىڭ ئىچىگە مۇكۇنىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندە پالۋان يۈگۈرۈپ تونۇرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «بۇ چېرىك ئۈچۈن بىر تال ئوقنى زايە قىلىمەنمۇ» دەپ ئۈرىلاپ مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن چېرىكنى ئۇرغاندا چېرىك ئۆزىنى قاچۇرۇپ مىلتىقنىڭ پايىنىكى تونۇرنىڭ يېنىغا تېگىش بىلەن ئوق چىقىپ كېتىپ، ئوق پالۋاننىڭ ئۆزىگە تېگىپ شېھىت بولغانلىق ۋەقەسىمۇ بولغان. بۇ دەل تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى 1864 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپاندىكى مانجۇ ئىستىداتلىرى قولىدىن تۇرپاننى قايتۇرۇۋالغان مەزگىل بولۇپ، بۇ يەردىكى كاپىرلار دېگىنى شۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

2. بېغىشلىما ھەققىدە تولۇقلىما

بۇ بېغىشلىمىدا «دوكانگ» دېگەن نامنىڭ ترانسكرىپسىيىسى مۇۋاپىق بولمىغان. يەنى «دەۋگاڭ» دېگەن ئىسىم «دۇكان» دەپ ئوقۇلۇپ قالغان. چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «و» ھەرپى «ۋ» ئوقۇلىدۇ ھەم ئالدىغا قىرشۇلىدىغان ئۇزۇك تاۋۇش بولسا «……ەۋ» دەپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، «زوق» (زەۋقى) «شوق» (شەۋقى) «قوم» (قەۋم). بۇنىڭ «دو» ئوقۇلىشى ئۈچۈن «داو» دەپ يېزىلىشى كېرەك. مەسىلەن، «جاوكان» بۇ «جاۋكان» دەپ ئوقۇلماستىن «چوكان» دەپ ئوقۇلىدۇ شۇڭا «دو» نىڭ ئوقۇلۇشى «دەۋ» بولۇشى كېرەك. «كانك» بولسا «كاڭ» دەپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «ك، گ» پەرقلەندۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «كل» بولسا «گول» دەپ ئوقۇلۇپ «گۈل» دەپ ترانسكرىپتسىيە قىلىنىدۇ. بۇ بېغىشلىمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى مۇنداق بولغان بولىدۇ.

D(a)w gang xannig s(a)kiz(i)nciy (i)li tortinci ayda qilɤan x (a)t. k(a)la baɤqan m(a) h(a)lda.

داۋگۇاڭ ( 道光 ) خانىنىڭ 8 - يىلى 4 - ئاي بولسا مىلادىيە 1828 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا، ھىجرىيە 1243 - يىلى شەئىۋال ئېيى (10 - ئاي) نىڭ 29 - كۈنىدىن زۇلقەئىدە ئېيى (11 - ئاي) نىڭ 28 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

3. بېغىشلىما ھەققىدە تولۇقلىما

بۇ بېغىشلىمىدىكى «كىشوى» دېگەن نامنىڭ «كاڭشى» دەپ ئوقۇلۇشى مۇنازىرە تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بېغىشلىمىدىكى «كىشوي خانىنىڭ 33 - يىلى 1 - ئايدا» دېگەن ۋاقىتنى «كاڭشى خانىنىڭ 33 - يىلى 1 - ئاي» دېسەك، بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1694 - يىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كاڭشى خان غالدان بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە ئۇرۇشۇۋاتقان، غەربتە بولسا جىيايۇگۈەن قوۋۇقىنى مەھكەم تاقاپ ياتقان مەزگىل ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇل - تۇرپانغا كىرگەن ۋاقتى بولسا «1697 - يىلى» قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىسى ئۇبەيدۇللا غالداننىڭ ئوغلىنى تۇتىۋالغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. 1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ … تۇرپان ئويمانلىقىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشقا باشلىغان.③ شۇنداق ئىكەن «كىشۋى» دېگەن نامنى «كاڭشى» دەپ ئوقۇش مۇۋاپىق بولمىغان. چىڭ خاندانىدا 30 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن خانلار پەقەت كاڭشى، چيەنلۇڭ ۋە گۇاڭشۇيدىن ئىبارەت. شۇڭا، «كىشوى» نى «گۇاڭ شۈي» ( 光绪 ) خان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا داۋگۇاڭ خان دېگەندىكى گۇاڭ ( 光 ) خېتى بىلەن گۇاڭ شۈي خان دېگەندىكى گۇاڭ ( 光 ) خېتى ئوخشاش خەت تۇرسا، يەنە كېلىپ گۇاڭ شۈي خانىنىڭ سەلتەنەت دەۋرى زامانىمىزگە يېقىنراق تۇرسا نېمە ئۈچۈن داۋ گۇاڭدىكى گۇاڭ بىلەن گۇاڭ شۈيدىكى گۇاڭ خېتىنىڭ چاغاتايچە يېزىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنىڭ پونولوگىيىسىگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە گۇاڭ ( 光 ) خېتىنىڭ پونولوگىيىلىك ئوقۇلۇشى gang (يەنى 始汪 切 )④ بولۇپ داۋ گۇاڭ خانى «دەۋ گاڭ خان» دەپ يېزىشى تامامەن توغرا بولغان. خەنزۇ تىلىنىڭ غەربىي شىمال شىۋىسىدىكى پونولوگىيىسىدە گۇاڭ خېتى بولسا «gu» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا ئەينى چاغدا ئالتايدا

Turpanological Research

يېزىلغان چاغاتايچە بىر ھۆججەتتە گۇاڭ شۈي خانىنىڭ نامى «باتۇر مەنىسىدە، بادۇر غۇدۇر گۇاڭشۈي مەنىسىدە» (Badur Ɣudur) دەپ خاتىرىلەنگەن⑤. دېمەك، پونولوگىيىلىك ئىسپاتلار «كىشوى»نى «گۇشۈي» دەپ ئوقۇشقا ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، بۇ بېغىشلىمىنى مۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلغاندا توغرا بولغان بولىدۇ.

G(u)suy xanniy ot(tu)z ucunciy(i)
li birin,ci ayda qomuldin bir kisi K(i)lip
taps urup k(a)tkan.

خوش، گۇاڭ شۈي خانىنىڭ 33 - يىلى 1 - ئاي بولسا مىلادىيە 1907 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، ھىجرىيە 1324 - يىلى زۇلھەججە ئېيى (12 - ئاي) نىڭ 29 - كۈنىدىن 1315 - يىلى مۇھەررەم ئاي (1 - ئاي) نىڭ 28 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ⑥.

ئاخىرىدا ئابلىم قېيۇم ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، تاش ۋە تامغا يېزىلغان ئابىدىلەر ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى بىلەن تاش ۋە تامغا يېزىلغان يېزىق مىراسى پەقەتلا قۇمۇل بىلەن تۇرپاندا مۇكەممەل ساقلانغان. بۇلارنى كەڭ تونۇشتۇرۇش تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۆھتىرەم ئابلىم قېيۇم ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتە تامامەن ئىمكانىيىتى بار.

ئىزاھلار:

① ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆي 26 - نومۇرلۇق غارنىڭ تورۇسىغا يېزىلغان چاغاتايچە خاتىرىلەر»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2003 - يىللىق 2 - سان

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى 276 ۋە 278 - بەتلەر

③ سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا: «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 166 - بەت

④ ئۇۋادى شىنساي: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار تەلەپپۇزى» (كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن تاكارا توكېئو تۈزگەن: «جۇڭگو تىلىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ۋە مېتودى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، 1994 - يىلى ياپونچە نەشرى، 412 ۋە 422 - بەت

⑤ خې شىڭلياڭ: «چېگرا ۋە مىللەت»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 30 ۋە 280 - بەتلەر

⑥ يۇقىرىقى مىلادىيە ۋە ھىجرىيە ھېسابىنى جى داچۇن تۈزگەن: «جۇڭگو، ياۋروپا، ھىجرىيە، رۇسىيە كالىندارى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن ئۇدۇللاپ چىقتىم.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا مەكتەپ تارىخ كافېدراسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى «ئاۋدان سۇترا» نىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشى

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى



قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى ئاۋدان Avdan (سانسكرىتچىدە Avadana دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى بۇددىزم دەۋرلىرىدە سانسكرىتچىدە Avamasutra دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۇترا بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى نوملىرىنى يىغىنچاقلاش نەتىجىسىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە يېزىلىپ كىتاب قىلىنغان)① بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرىدا «كىچىك كۆلۈڭگۈ دەپ ئاتالغان) بوددىچىلىقنىڭ ئاساسى دىني ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان نومدۇر. بۇ نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى خىل نۇسخىسىنى ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر ئېكىسپېدىتسىيىچى ئائۇرېل ستېيىن (Aurel Stein) 1907 - يىلى دۇنخۇاڭدىكى شەرقىي بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىن قولغا چۈشۈرگەن، ھازىر ئەنگىلىيىنىڭ لوندوندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە مۇزېيىدا «Or.8212—75A.B» دېگەن نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئۇنىڭ پارچىلىرى بار.

مەزكۇر بۇددا نومى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپتە، 1921 - يىلى ئا. ستېيىن ئۆزى تۇنجى ماقالە ئېلان قىلدى②. ئۇ بۇ ئەسەرنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلمىدى. پەقەتلا مۇشۇ بۇددا نومىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە ۋە تېپىلىش، ساقلىنىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ماقالىنى يازدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى ئاۋدان Avdan نىڭ ئىككى نۇسخىسىنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىر باشقا مەزمۇندىكى نومىمۇ بىرلا خىل نوم ياكى بىر نومنىڭ ئىچىدىكى پارچە قىسىملا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. بۇ نومنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىمۇ ئا. ستېيىن شۇ چاغلاردا ھېچنىمە دېمىدى دېيىشكە بولىدۇ. 1925 — يىلىغا كەلگەندە ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىم خېنېدا تورۇ (羽田亨) بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نومىنى ترانسكرىپسىيە ۋە ياپونچە تەرجىمىسى بىلەن ياپونىيىدە ئېلان قىلدى③. شۇ چاغدا ئۇ بۇ نومنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي تەكشۈردى ۋە خەنزۇچە بۇددا نوملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. نەتىجىدە بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Avdan نومى قەدىمكى خەنزۇچىدا دەسلەپتە «阿含 经»، «阿含»، «阿含暮»، «阿金含»، «阿笘» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان، كېيىن «长阿含经»، «中阿含经»، «杂阿含经»، «增阿含经» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بۇددا نومىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىدە بۇ ھەقتە خېلى ئىنچىكە تەتقىقاتلار بولۇپ تۇردى. بۇ ھەقتە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارنىڭ بىرى ياپونىيە كوبې چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شوگايتو ماسائاخىرو (庄垣内正弘) ئەپەندى بولدى. ئۇ 1982 - يىلى 2 - ئايدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى تەتقىقاتىنىڭ 12 - كىتابىنى كوبې شەھىرىدە نەشر قىلدۇردى④. دەل مۇشۇ كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Avdan نومىنىڭ

ئىككى خىل نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، ترانسكرىپسىيىسى، هازىرقى ياپون تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىزاهلار بېرىلدى. 1990 - يىللاردىن كېيىن تۈركىيە تۈركولوگى پروفېسسور شىناسى تېكىن ئەپەندى بۇ نۇمنىڭ تىل يېزىق ئالاھىدىلىكىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ 13 - ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قىلىنغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى⑤. «ئىجاد قىلىنغان» دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ نوملارنىڭ بىر نۇسخىسى (B 75 - 8212. Or) نەزمى شەكىلدە بولۇپ، ئەسلى نومنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن شېئىرىي يول بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. «تەرجىمە قىلىنغان دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ نوملارنىڭ بىر نۇسخىسى (75A - 8212. Or) ئەسلى نومنىڭ ئىپادىلەش شەكلىگە سادىق بولۇپ، نەسرىي يول بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىككى نۇسخا بۇددا نومى (ئەمەلىيەتتە، «ئېسىل دىنىنىڭ نىلوپەر چېچەكى ئاتلىق نوم» نىڭ پارچىسى، بىلەن بىرگە توپلەنگەن. ئۇنىڭ بەتلىرى قاتلىما شەكىلدە بولۇپ، 1 - بەتتىن 17 - بەتكىچە بەت نومۇرلىرى (خەنزۇچە رەقەم بويىچە بەت نومۇرى قويۇلغان) نى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كىرىش قىسمى ۋە ئاخىرىنىڭ بەت نومۇرلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 4 - 5 - 16 - 17 - بەتلىرى ئاق بەت بويىچە قالدۇرۇلغان. بەزى يەرلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، ئېنىق كۆرۈش تەسكە توختايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ نومنىڭ 1 - بۆلىمىدىن 346 قۇر خەت، Samyuktagma — Sutra (杂阿含经) سەھىپىسىدىن 373 قۇر خەت، دەل مۇشۇ سەھىپىنىڭ «ئالتى ئەللىگ» دېگەن بېتىدە يەنە 9 قۇر خەت EKottara — agama sutra (增含阿经) سەھىپىسىدە 97 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ نوم ئەسلى Abhidharmakosasastrta دېگەن جەمئىي 22 توملۇق چوڭ بۇددا نوملىرىنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسمىدۇر. بۇ نومنىڭ ئەسلى ئەنەتكەكچىدىكى مەنىسى «تەڭداشسىز ئۇلۇغ مىزان (بۇ سۆز dharma دېيىلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىدا بۇددا ھەقىقەتلىرىنىڭ قائىدە مىزانلىرىنى بىلدۈرىدۇ)» دېگەن بولىدۇ. بۇ نومنى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ (唐玄装) خەنزۇ تىلىغا «阿毗达磨具舍论» دەپ تەرجىمە قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Avdan نومىنىڭ قول يازمىسىنىڭ 240 - قۇرلىرىدا مۇنداق بايان بار.

«توكەل تەمۈر توتۇڭ چىزىندىم قوين يىل ئونۇنچ ئاي بىش ئوتۇزقا ساچۇ بالىقتا».

يەشمىسى: توكەل تەمۈر توتۇڭ يازدىم، قوي يىلى ئونىنچى ئاينىڭ 25 - كۈنى ساچۇ (沙州) بالىقتا.

بۇ باياندىكى «قوين يىل» نىڭ مىلادىيە كالىندارى بويىچە زادى قايسى يىلغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس، ئەمما مەزكۇر نۇسخىنى توكەل تەمۈر توتۇڭ يازغانلىقى ئېنىق. بۇ يەردە ئۇ چوقۇم باشقا نۇسخىلاردىن كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار توكەل تەمۈر توتۇڭ دېگەن ئادەم بۇ نومنى بۇرۇنلا قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلاردىن كۆچۈرۈپ چىققان⑥ دەپ قارايدۇ.

بەت سانى ئېنىق بولمىغان بىر بەتتە يەنە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار:

بۇ چاغسى مەن توكەل تەمۈرنىڭ ئول تىپ بىر كەزنگ كيەبىتىمىش بولدۇم چىن.

يەشمىسى: بۇ دەستۇر مەن توكەل تەمۈرنىڭ ئۇ دەپ، بىر قۇر خەت يازغان بولدۇم. (بۇ سەھىپىنىڭ ئاخىرىدىكى «چىن» دېگەن سۆزنى شوگايتو ماساخىرو ئەپەندى خەنزۇچە 真 دېگەن سۆزدىن كەلگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتكەن⑦. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىدىكى ئورنىغا دېگەندەك مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، مەزكۇر سۆز كەينىدىكى ئۆچۈپ كەتكەن بايانلارنىڭ بېشىدىكى بىر سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مەنىسىگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمىسا كېرەك.)

دېمەك، يۇقىرىقى بايانىدىن مەزكۇر

نومنى توكەل تەمۇر تەرجىمە قىلمىغانلىقى ئۆزلىكىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ نومنى كىم، قاچان تۇنجى بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ نومنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان دىگۈچى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ نومنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى شۈەنزاڭ تەرجىمە قىلغان قەدىمكى خەنزۇچە نومنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە نومنىڭ ئىچىدىكى بەزى سەھىپىلەردە ئۇيغۇرچە بايان قىلىپ كېتىۋېتىپلا بەزى ئاتالغۇلارنى خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مەتىننىڭ 1 - بۆلۈم 35 -، 36 - قۇرلىرىدا مۇنداق بايانلار يولۇقىدۇ:

35. ئۆدرۈ ئول ئارانياتان ئورۇنغا بارىپ

36. ئوكۇش ئەدگۈلۈك 天佛 ئىغ تويىن تىتسىلىغ قۇۋراغى بىرلە: 三 بىچانقا ئۆدۈنۈپ:

يەشمىسى:

ئەشۇ يەردە ئۇ ئارانياتان (جىمجىت) ئورۇنغا بېرىپ، چەكسىز ئەزگۈلۈك تەڭرى بۇرھانغا، تويىن، شاگىرت قەۋمى بىلەن ئۈچ ئاي بىرگە ياشاپ (بىللە ئۆتۈپ).

مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى Avdan قەدىمكى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنىڭ ئېھتىماللىقى ھەقىقەتەن زور. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، موڭغۇل خانلىقى دەۋرلىرىدە قەدىمكى خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرىدا خېلى نۇرغۇن ئاتالغۇلار خەنزۇچە تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىنغاندىن سىرت، ئەينەن خەنزۇچە خەت بىلەنمۇ ئېلىنغان. ئەمما مەزكۇر نومنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان شوگايتو ماسا خىرو ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، خەنزۇچە يېزىلغان ئاشۇ خەتلەرمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇلغان. ئۇ مۇنداق سۆزلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

| خەنزۇچە خەت | قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت | قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى |
| --- | --- | --- |
| ←人 | كىشى← | 人 لەر |
| ←力 | كۈچ← | 力 ئىنتە، لەرىكە |
| ←又 | يانا | |
| ←二 | ئىككى | |
| ←三 | ئۈچ← | 三 ئۈنچ |
| ←千 | مىڭ← | 千 لىغ |
| ←大 | ئۇلۇغ← | |
| ←子 | ئوغلان← | 子 لارى، لارىن، لارىڭا |
| ←心 | كۆڭۈل← | 心 ئىن، لۇگ |
| ←佛 | بۇرقان← | 佛 لىغ، لار، |

| | | |
|---|---|---|
| | | سىز |
| ←化 | بەلگۈرت← | 化 مىش |
| ←光 | يارۇق← | 光 لۇغ |
| ←井 | بۇدىستۇ← | 井 لار، لارنىڭ |
| ←金 | ئالتۇن← | 金 لۇغ |
| ←法 | نوم← | 法 لارى، لارىغ |
| ←者 | ئەسەر | |
| ←苦 | ئەمگەك← | 苦 لەرىندىن |
| ←品 | بۆلۈك← | 品 لۈگ |
| ←是 | ئول← | |
| ←日寺 | ئۆد← | 日寺 نىڭ |
| ←福 | بۇيان← | 福 لىغ |



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى Avdan نومىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق خەنزۇچە خەتتىن تەشكىل تاپقان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىمۇ قوللىنىلغان. شوگايتو ماساخىرۇ ئەپەندى بۇ نۇقتىغا مىسال قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

| قەدىمكى خەنزۇچە سۆز | قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى |
|---|---|
| 七日 | يىتى كۈن |
| 大悲 | ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى |
| 天天 | تەڭرى تەڭرى |
| 天 | تەڭرى بۇرقان |
| 世界 | يىرتىنچۇ |
| 信心 | كىرتگۈنچ كۆڭۈل |
| 戒智 | چاخشاپت دىيان بىلگە بىلىگ ⑧ |

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. نەزمى نۇسخىسىنى مەزكۇر نومنىڭ نەزمى خەنزۇچىدىكى « 阿毗达磨俱舍论 » بىلەن نۇسخىسىدىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرغاندا، تەرجىمىنىڭ ئىنتايىن

يۇقىرى ماھارەت بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بۇنىڭدىن بىر كۇپلېت ئۆرنەك كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

قەدىمكى خەنزۇچىسى:

又言者有为法
言胃色笔直等五
世路言依
有离徍有事等

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى:

يانا يمە ئالقۇ ئىدىگلىگ نوملار ئەسەر
قالتى ئۆڭدە ئۇلاتى بىش يۇكمەكلەر ئەرۇر
يمە ئۆك ئۆد يولى ساۋ تاياقى
ئۆرۈشلۈگ ۋاسدۇلۇغ تىپ ئۇلاتى

يەشمىسى:

يەنە بارلىق يېزىلغان نوملار بولسا، قالدى ئۆڭدە ئۇلانغان (ئۇلۇنۇپ داۋاملىق يېزىلغان) بەش يۇكمەكلەر ئىرۇر.

يەنە ئۆلۈك (نىلىك) باشقا يولى سۆز تايانچى ئايرىلغان ۋاستىلىق دەپ ئۇلانغان (ئۇلۇنۇپ يېزىلغان بولۇر).

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Avdan نومى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ مەزكۇر نوم پارچىلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بولۇپمۇ كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى «大正 NO. 1558 14a» نومىنىڭ پارچىلىرى بار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى ⑨. ئەمما بۇ ھەقتە ياپونىيىدە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلان قىلىنمىدى. ھەرقايسى ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇشۇ خىلدىكى نوملارنىڭ ئىنچىكە سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشى بىلەن، كەلگۈسىدە بۇ نوم ھەققىدىكى قاراڭغۇ مەسىلىلەر ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر چەت ئەللەردىكى بەزى تەتقىقاتچىلار قەدىمكى بۇددا مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا كونكرېت نۇقتىلار بويىچە ئىنچىكىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار نوم تەتقىقاتى ساھەسىدە خاس ئىزدىنىپ، سانسكرىتچە، توخرىچە، قەدىمكى خەنزۇچە، قەدىمكى موڭغۇلچە بۇددا نوملىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. شۇڭا، بۇ ساھە تەتقىقاتى كەلگۈسىدە چوقۇم تېخىمۇ قىممەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

---

ئىزاھلار:

① «بۇددا دىنى چوڭ لۇغىتى» ياپونىيە خوسوكان 1987 - يىل 11 - ئاي نەشرى، I توم، 21 - بەت

② كۇداراكوگى: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نومى Agamasutra ھەققىدە» ياپونىيە رىياكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى بۇددا دىنى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 1982 - يىل نەشر قىلغان «بۇددىزم تەتقىقاتى» ناملىق توپلام، 38 - بەت، ياپونچە

③ خانېدا تونورۇ: «قەدىمكى Avadana» ، 1925 - يىلى ياپونىيە نەشرى

④ 7 شوگايتو ماساخىرۇ: «ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى» I ، ياپونىيە كوبې چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەلشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

نەشر قىلغان ئەسەر، 1982 - يىل 2 - ئاي، ياپونچە نەشرى

⑤ شىناسى تېكىن: «ئۇيغۇرچە مەتىنلەر» Ⅲ ، 1994 - يىل ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 7 - بەت

⑥ شوگايتو ماساخىرو: «ئۇلۇغ بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوم ھەققىدە»، 1976 - يىل «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مەجمۇئەسى» 57 - توم، ياپونچە، 35 - بەت

⑦ شوگايتو ماساخىرو: «ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى» I ، ياپونىيە كوبې چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەلشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتوتى نەشر قىلدۇرغان، 1982 - يىل 2 - ئاي، ياپونچە نەشرى، 9 - بەت

⑧ يۇقىرىقى ئەسەر 17 - 18 - بەتلەر.

⑨ ئومىمورا خىروشى: «نوجىرىكو تۈركولوگىيە قۇرۇلتاي خاتىرىلىرى توپلىمى» 1991 - يىل 3 - ئاي، تويو بۇنكو باستۇرغان مەجمۇئە 71 - بەت، ياپونچە.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق



## تۇرپان خانلىقىنىڭ خانلىرى

**ئىمىن خوجا** - تۇرپان خانلىقىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى، مىلادىيە 1452 - يىلى مىڭ خانلىقىغا سوۋغا - سالام يوللىغان.

**ئەلى** - تۇرپان خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمدارى، مىلادىيە 1469 - يىلى ئۆزىنى سولتان دەپ ئاتىغان. 10 يىل دەۋر سۈرۈپ، 1478 - يىلى ئۆلگەن.

**ئەھمەت** - ئەلىنىڭ ئوغلى، تۇرپان خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ھۆكۈمدارى، 2 - سولتانى. مىلادىيە 1478 - يىلى سولتان بولغان. 26 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، 1504 - يىلى ئۆلگەن.

**مەنسۇر** - ئەھمەتنىڭ چوڭ ئوغلى، تۇرپان خانلىقىنىڭ تۆتىنچى ھۆكۈمدارى، 3 - سولتانى. جەمئى 41 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، 1545 - يىلى ئۆلگەن.

**شاھ سولتان** - مەنسۇرنىڭ چوڭ ئوغلى، مىلادىيە 1545 - يىلى سولتان بولغان. تۇرپان خانلىقىنىڭ بەشىنچى ھۆكۈمدارى، 25 يىل دەۋر سۈرۈپ، 1570 - ئۆلگەن.

**ماخمۇت** - شاھ سولتاننىڭ ئىنىسى، شاھ سولتان ئۆلگەندىن كېيىن سولتان بولغان. تۇرپان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى.

# ئۇيغۇر بۇددىزم رەسساملىقىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى توغرىسىدا

گۈلمىرە دىلمۇرات



ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بۇددا مەدەنىيىتى يۇقىرى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، نۇرغۇنلىغان بۇددىزم سەنئەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان. شۇڭا، مەن ماقالەمدە مۇشۇ دەۋرگىچە ساقلانغان بۇددىزم سەنئىتىدە كۆرۈنەرلىك بولغان بۇددىزم رەسساملىقىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە خاسلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

تارىخىي، ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 70 —، 80 — يىللاردىن باشلاپ كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۇدۇن، ئاندىن كۇسەن، قوچولارغا تارقالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان.

پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە غەربىي يۇرت بۇددىزم ئىدىئولوگىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتى دۇنياسىغا ئايلىنىشقا باشلىغان. ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ كوشان خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ غەربىي يۇرتتىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى، ھىندىستاندا ئىدىئولوگىيە سۇلغۇنلۇققا ئۇچرىغان، بۇددىزم ئورنىغا ھىندىنىزم ئېتىقادى تىكلەنگەن، بۇددىزم سەنئىتى يېڭى ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن قالغان چاغدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. غەربىي يۇرتتا بۇددىزم ئاھالىلىرى ئىسلام ئېتىقادى قوبۇل قىلغىچە بولغان مىڭ يىل ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ شەرقتىكى رايونلار (تۇرپان، قومۇل قاتارلىقلار) ئىككىنچى بۇددا ماكانى بولۇپ قالغان.

بۇددىزم سەنئىتى غەربىي يۇرتتا قەدىمكى خوتەن ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشى بويىچە، قەدىمكى قەشقەر ۋە تارىم ئويمانلىقىدا مۇجەسسەملەشكەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ سورۇنى بەرپا قىلىشقا ئىلھام ۋە ئۈلگە كۆرسەتكەن.

رەسساملىق — ئەينى ۋاقىتتا بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تىل پەرقىگە ئىگە ئاھالىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ۋاستە قىلىنغان، بۇددا تىلىنى بىلمىگەن خەلققە سىزىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇددا ئەقىدىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تەرغىبات پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق بولۇشتەك شارائىت يارىتىلىپ، تەسىر قالدۇرۇش بىر قەدەر ئاسانلاشقان. دېمەك، غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى گۈللىنىش بىلەن بۇددىزم سەنئىتىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگەن.

رايونىمىزدىكى بۇددىزم تەرەققىياتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن خوتەن، قەدىمكى تارىم ۋادىسى، قەدىمكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تاشكىمىرلەرگە نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە تام رەسىملىرى سىزىلغان. بۇ رەسىملەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى مول، بەدىئىي ئىستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مانا مۇشۇنداق سەنئەت گۆھەرلىرىمىز ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىكەن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. تۆۋەندە مەن غەربىي يۇرت تام رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمەن.

گۇگۇل «سەنئەت تۇرمۇشنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت» دەپ خۇلاسىلىغان بولۇپ، روشەنكى سەنئەت تۇرمۇشتىن ئېلىنىپ، تۇرمۇشقا قايتا تەسىر كۆرسىتىدىغان سىرتلاشقان ئوبرازلىق ئىجتىمائىي ئاڭ ھېسابلىنىدۇ. بىز ھەرقايسى

Turpanological Research

مىللەت ۋە خەلقلەر سەنئىتىدىن شۇ مىللەت خەلقىنىڭ قىياپىتىنى، تۇرمۇشىنى، ئادەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت. غەربىي يۇرت تاشكىمىرلىرىدىكى تام رەسىملەردە يۇقىرىقى نۇقتىلار ئېنىق بىر قانچە نۇقتىلاردا كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1) كومپوزىتسىيە جەھەتتە: غەربىي يۇرت تاشكىمىرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان رەسىملەر تاشكىمىر ئىچىدىكى بوشلۇقلارغا بىر پۈتۈنلۈك بويىچە سىزىلغان. تورۇسلار ۋە خانىلارنىڭ ئوڭ - سول ئاساسلىق تاملىرىغا ماكان مۇناسىۋىتى بويىچە ئەۋزەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خېلى يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، كۇسەن، شورچۇقتا، تۇرپان بېزەكلىك تاشكىمىرلىرىگە سىزىلغان چوڭ تىپتىكى تىماتىك رەسىم «بۇددانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» ۋە «ھېكمەت ئاڭلاش» دېگەن رەسىملەر؛ ياۋروپا خىرىستىئان دىنىنى رەسىمي «سۇلايمان پەيغەمبەر ئىنىسى- جىنلار ئارىسىدا» دېگەن رەسىمگە ئوخشاش ئىجابىي تېمىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاسمان خۇدالىرى بىلەن نەغمىچى مۇئەككەللەرنى سول ئاستىنقى تەرەپلىرىگە سىزىپ، ئۇلۇغ تەبىئەت دۇنياسىدا تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن رومانتىك كەيپىيات پەيدا قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ تاشكىمىرلىرىدىكى رەسىملەر رومبا شەكىللىك دائىرە ئىچىگە سىزىلغان. كۇسەن تاشكىمىرلىرىگە سىزىلغان رەسىملەرنى مىسالغا ئالساق، ئۆزگىچە يېڭىلىق ئالغان بولۇپ، ئاساسەن ھېكايىلەردىكى ئەڭ تىپىك، ئەڭ ھالقىلىق تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ رومبا شەكلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوت يالقۇنى، يوپۇرماق ئۇچى، سۇ دولقۇنى قاتارلىق شەكىللەر ( VVVV شەكىلدە) سىزىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھېكايىلەر مەزمۇنىغا ئاساسەن چوڭ كىچىك دائىرىلەر قىلىپ سىزىلغان. دېمەك، شىنجاڭ بۇددا رەسساملىرى ئاددىيلا رومبا شەكلى ئۇسلۇبىنى قوللىنىپلا قالماستىن، ئەركىن ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە ئىجاد...ەت تەپەككۇرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بېزەكلىك 17 - تاشكىمىر تۇرۇسىنىڭ ئوڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر تۈركۈم تام رەسىملىرى ۋە تويۇق 2 - تاشكىمىر ئىچىدىكى «بۇددىستلار» دېگەن رەسىملەردە پېرسوناژلار ئوبرازى تاملارغا سىزىلغاندىن تاشقىرى سىممېترىك ھالدا تورۇسلارغىمۇ قايتىلىنىپ ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە سىزىلغان. بەش غار 3 - مەركىزىي تاشكىمىر تورۇسىدىكى «ساكيامونى» دېگەن رەسىمنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئالاھىدە بولۇپ، «ساكيامونى» ئوبرازىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ماس كىرىشتۈرۈلگەن ئۆرنەكلەر سىزىلغان. بۇ ئۆرنەكلەر رەڭ ۋە شەكىل جەھەتتە تولىمۇ نەپىس بولۇپ، مىللىي پۇراقتا ئىگە. ئۇلار تام رەسىملەرنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

2) ئوبراز جەھەتتە: شىنجاڭ تاشكىمىر تام رەسىملىرى ئوبراز ئىپادىلەشتە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئېتنىك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق يۈكسەك بەدىئىي تۈسىنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئالاھىدىلىكى - ئىلاھىيەت تېمىسىدىن ئىنسانىي سەنئەت ئۇنۇمىنى ھاسىل قىلغانلىق، ئىنسانىي ئوبراز بەدىئىي گۈزەللىكنى ھاسىل قىلغانلىق، مۇقەددەس ئوبرازلار يېنىغا يېرىم يالىڭاچ ئوبرازلارنى سىزغانلىقى گەۋدىلىك بىر ئۇسلۇب ھېسابلىنىدۇ.

كۇسەن يالىڭاچ رەسىملىرى بىلەن كېيىندۈرۈلمىگەن رەسىملەر كۆپ ھاللاردا ئاياللار بەدىنى گۈزەللىك ئۆلچىمى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدەن گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تىپىك ئۆلگىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى مېھرىبان ۋە سۇرلۇك، ناز ھەم چەبدەس روھىي ھالەت بويىچە ياراتقانلىقى بىلەنمۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئۇلار سىزغان ئوبرازلارنىڭ گۈزەللىكىدە بەدەن ھەرىكەت گۈزەللىكى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىسىدىكى گۈزەللىك ئۇستاتلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، دىققەت ئېتىبارىنى تارتىدىغان بەدەن قىياپىتى، كۆز ھالىتى، قول بارماقلىرىنىڭ نازۇك قىياپىتى خېلى يۇقىرى ئىستىتىك ماھارەتنىڭ تۈرتكىسىدە يارىتىلغان. ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىكى بېزەكلىك 16 - نومۇرلۇق

تاشكىمىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «شاتلىق رەسىمى» دېگەن رەسىملەردە يارىتىلغان ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، بۇتساتتۇۋالارنىڭ پوترېتى يەرلىك خەلقلەر ئىچىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئوبرازلار ھازىرقى ئۇيغۇرلىرىمىزدەك بۇرۇت ـ ساقاللىق، بۇرۇنلىرى ئېگىز، قارا قاش، پۇتلىرىغا ئۆتۈك كىيگەن، بەللىرىگە بەلۋاغ باغلىۋالغان قىلىپ سىزىلغان. يەنە بەزى رەسىملەردە كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان يەنى نەي چېلىۋاتقان، ھەم شۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىۋاتقان ھالەتتە سىزىلغان بولۇپ، بۇ شۇ دەۋردىكى خاتىرجەملىك تۇرمۇش كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەردۇر. غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى غەربىي يۇرت بۇددىزم رەسساملىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزم رەسساملىقىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىزەكلىك 9 ـ نومۇرلۇق تاشكىمىردىكى سىرتقى قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان 3 ـ، 4 ـ تام رەسىملىرى، يەنى 3 ـ رەسىمدە ئەرلەر چېچىنى بىرنەچچە تال ئۆرۈۋالغان، بەلۋاغلىرىدىكى غىلاپقا پىچاق، قىلىچ قاتارلىقلارنى ئېسىۋالغان، بېشىغا تاج كىيگەن ھالەتتە سىزىلغان. 4 ـ رەسىمدە ئىككى ئايال ئوبرازى بەستلىك، سۇرلۇك ھالەتتە ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، چاچلىرىغا ھەرخىل قۇشلارنىڭ ئۆرنەكلىرى چۈشۈرۈلگەن، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغان، كىيىملىرىنىڭ پەشلىرىگە ھەرخىل مىللىيچە ئۆرنەكلەر سىزىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئوبرازلاردىن غەربىي يۇرت قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇش ـ ئادەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، تام رەسىملىرىدە مەلۇم دەرىجىدە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

3) سىزىق جەھەتتە: قەدىمكى غەربىي يۇرت رەسساملىرى سىزىقتىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىشنىڭ بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار جۇڭگو رەسساملىق مۇنبىرىدىكى «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم تالا چىقىرىش» ۋە «ئېگىننى سۇدىن ئېلىپ كىيگۈزۈش» دەپ ئاتالغان ئىككى خىل «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» دىن ئىبارەت. شۇنىسى ئېنىقكى، سۆڭەك، مۇسكۇل ۋە ئۇنىڭ بوغۇم، بولجۇڭ گۆشلىرىنى ھېسابقا ئالغان ئاساستا ئادەم بەدىنىنىڭ ئەۋرىشىم ھەرىكىتىنى ھەم ئادەمنىڭ كىيىم كېچەكىنى ئىپادىلەشتە يەنىلا «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» تەلەپ قىلىنىدۇ. غەربىي يۇرت رەسساملىرى يىراق ئەجداتلىرىنىڭ قىيا تاش ۋە بالىباللارنى ساپال ئىدىشلەرگە چەككەن گۈل ۋە توقۇلما نەقىشلەرنى سىزغان سەنئەت ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلغان. «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» بويىچە سىزىش ئارقىلىق مۇسكۇللارنى ئىلاستىكلىق سىزىش رەسساملىق ئىستىتىكىسىدىكى مۇھىم سۇبيېكتىپ بىلىش كامالىتى بىلەن ئالاقىدار ئىدى. دېمەك، سىزىق تەسۋىرى بويىچە جانلىق ئىپادىلەشنى ئاتلاپ ئۆتۈپ رەڭ ـ بوياق بىلەن سىزىش تەسۋىرى سەنئەتتە ئوتتۇقلۇق يول ئەمەس، ئەلۋەتتە، بۇنى غەربىي يۇرت رەسساملىرى ئاڭلىق چۈشەنگەن. ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستېتىك قىممىتى بولغان ئۆزىگە خاس «سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى» نى كەڭ قوللانغان.

قۇمتۇرا 79 ـ نومۇرلۇق تاشكىمىردىكى بالا ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن تام رەسىمدە قوللىنىلغان سىزىقلار دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن پەرقلەنگۈسىز دەرىجىدە نەپىس سىزىلغان بولۇپ، بىر نۆۋەتتىلا موي قەلەمنىڭ ئىزىنى ئۈزمەي سىزىپ چىققان، سىزىقلارنى ئەركىن، ئوبرازلىق قوللانغان. بېزەكلىك 33 ـ تاشكىمىردىكى تام كەينى تەرىپىدىكى «ماغدۇرسىزلانغان شاگىرتنى كۆتۈرۈش» دېگەن يۇمۇرستىك رەسىمدە مەلۇم نەرسىگە قاراپ كۈلۈۋاتقان ئوبرازلار سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىراي ئىمىكىسىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىزگە خېلى يۇقىرى ماھارەتنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ رەسىمدە چىراي ئىمىكىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سىزىقلار جانلىق قوللىنىلغان. يەنى ئادەم كۈلگەندە پەيدا بولىدىغان يۈزدىكى قورۇقلار ۋە مۇسكۇللاردىكى ئۆزگىرىشلەر ئىخچام، ئوبرازلىق سىزىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، بىر قارىغان ئادەمگە ناھايىتى قاتتىق كۈلۈۋاتقاندەك تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ.

يۇقىرىقى رەسىمدە ھېسسىيات مىمىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ ئادەمنىڭ بەش ئەزاسىدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىش ھېسسىيات مىمىكىسىغا ماس كەلگەن سىزىقلار ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ چىقىلغان. قول ھەرىكەتلىرى نەپىس گۈزەللىك رەسىمنىڭ جانلىقلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. دېمەك، ئەينى چاغدىكى رەسساملارنىڭ مۇكەممەل بولغان مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى سىزالىغانلىقى بىزنى قايىل قىلماي تۇرالمايدۇ.

4) رەڭ ۋە ھەرىكەت گۈزەللىكى جەھەتتە: غەربىي يۇرت رەسساملىرى ئۆزىگە خاس رەڭ بېرىش ئۇسۇلى قوللانغان. ھەقىقەتەن شىنجاڭدىكى تام رەسىملەرگە بېرىلگەن رەڭ، بوياقلار ئەينى زاماندا ئىپتىل بولۇپلا قالماستىن، رەڭ بېرىش تېخنىكىسى تولىمۇ ئۈستۈن بولغان. بۇ ھەقتە فون. لېكوك ئۆزىنىڭ مۇنداق تەئەججۇپلەنگەنلىكىنى «چاقناپ تۇرغان كۆك بوياقلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. مۇنداق ئەتىۋارلىق بوياقلار ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئىنتايىن قەدىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇندىن ھەسسىلەپ ئارتۇق تۇراتتى» دەپ شەرھىيلىگەن.

غەربىي يۇرت رەسساملىرى گەج، گىل كۆكتاش، يېشىل تاش، قىزىل سېغىز قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇلار ئادەم تېنىگە رەڭ بېرىشتە ئادەم ئاناتومىيىسىنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەن ئاساستا رەڭلەرنى ماسلاشتۇرغان. جانلىق ۋە سىترولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈستى قاتلامدا ئاستى قاتلام كۆرۈلىدىغان ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى بەدىئىي سەنئەت تەسەۋۋۇرىدىكى مۇھىم ماھارەت دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى خوتەن، لوپنۇر، كۇسەن، تۇرپان رەسساملىرى بولسۇن بىمەردەك مۇسكۇللارنىڭ ئابيوملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چۈرىسىنى قېنىق رەڭدە (تېرىگە يېقىنراق رەڭلەر) ئوتتۇرىسىنى سۇس ياكى يالتىراق رەڭلەر بىلەن سىزغان.

ئۇلار رەسىملىرىدە قىزىل، كۆك رەڭلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ رەڭلەر ھېلىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان رەڭلەردۇر. دېمەك، غەربىي يۇرت رەسساملىرىنىڭ رەڭ بېرىش تېخنىكىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشنىڭ ئالاھىدە قىممىتى بار. قۇمتۇرا 21 - نومۇرلۇق تاشكېمىردىكى تام رەسىملەرنىڭ رەڭ ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى بەدىئىيلىكىنى تەھلىل قىلساق رەڭلەر ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، ئاساسەن ئىسسىق تۈسنى ئاساس قىلىپ سىزىلغان. بۇ خىل رەڭ تۈسى شىنجاڭ تام رەسىملىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ تام رەسىمدىكى ئادەملەر تاقىۋالغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سۈپەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلغان رەڭلەر تولۇق ماس كەلگەن. كىيىم ۋە تېرىگە بېرىلگەن رەڭلەر نەپىس بولۇپ، تەننىڭ سىترولۇق ھېسسىياتى تولۇق نامايەن قىلىنغان. سىزىلغان ئوبرازلارنىڭ ئۇستى يالىڭاچ سىزىلغان بولۇپ، مىللىيچە زىننەت بۇيۇملىرى تاقىۋالغان. كەينىدىكى فوننىڭ رەڭگى، كىيىم ۋە تېرىدىن پەرقلىنىپ قېنىقراق رەڭلەر بىلەن سىزىلغان.

بەدەندىكى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆز ھەرىكىتى، بۇرۇن ھەرىكىتى، چىرايدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ماس بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، پىرسىپېكتىۋاللىق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە دىققەت قىلغان. قوللىرىغا تۇتىۋالغان كومزەك، گۈل ھەم قوللىرىدىكى نەرسىلەرگە بېقىش ھالەتلىرى بۇددا رەسىملىرىدە خېلى يۇقىرى بەدىئىيلىك ۋە يۇقىرىراق رەسساملىق ماھارەتنىڭ بارلىقى ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بازقىرىق 10 - نومۇرلۇق تاشكېمىرنىڭ ئوڭ تېمىدىكى «بۇددىستلار» دېگەن رەسىمدىكى بۇلۇت سۈپىسىدا ئولتۇرغان ساكيامونىنىڭ باش ۋە بەدەنلىرىنىڭ ئەتراپىغا سىزىلغان يۇمىلاق دائىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن يېشىل، سېرىق، سۆسۈن رەڭلەر تولىمۇ يارقىن بولۇپ، ئادەمگە ھەسەن — ھۈسەننى كۆرگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. شىنجاڭ تام رەسىملىرىگە قوللىنىلغان رەڭلەر ئاساسلىقى قىزىل، قىزغۇچ، قوڭۇر، ئاسمان كۆك، يېشىل، قېنىق كۆك قاتارلىق رەڭلەر بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمدىن تارتىپ ياخشى كۆرىدىغان ئەتلەسلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. قىسقىسى، تام رەسىملەردىكى رەڭلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەڭ ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق

Turpanological Research

تارىختىن تارتىپ رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنىڭ كارتىنىسىدۇر.

غەربىي يۇرت بۇددا رەسسامچىلىقىنىڭ تۆھپىسى تام رەسىملىرىنىڭ ئاممىۋىيلىقىدا ۋە كۆپ خىللىقىدا ئىگە بولغانلىقىدا، ئالاھىدە خاسلىقىدا ۋە ئەينى دەۋردە ئاز كۆرۈلىدىغان يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتنى قەدىرلەپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

پايدىلانمىلار
① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى».
② ياپونىيىلىك چىيەن داۋشىنىسى يازغان «يىپەك يولىدىكى 99 سىر».
③ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1998 - يىلى 2 - سان دىكى سەنئەت تارىخى خاتىرلەنگەن ماقالىلەر.
④ تۇرپان، كۇچا تاشكېمىرلىرى تام رەسىملەر فوتو سۈرەت توپلىمى قاتارلىقلار

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تۇرپانشۇناشلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نەشر قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭدا، تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك - ئۈزۈمچىلىك، كارىزچىلىق، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنداقلا تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات، ئىزدىنىش، مۇلاھىزىلەر، كىتاب - ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، چەت ئەللەردىكى تۇرپانشۇناسلىق ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەرمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتچىلارغا بەس - مۇنازىرە مەيدانى ھازىرلاپ بېرىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ خىزمەتلىرىمىزنى قوللاپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەتقىقات سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىشلىتىلگەن ماقالىگە مۇۋاپىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

**ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ئۇنۋانى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى سورايمىز.**

**ماقالە ئەۋەتمەكچى ياكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئالاقىلاشماقچى بولسىڭىز:**

**ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 119 - نومۇر (ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قورۇسى) 3 - بىنا 2 - ئىشىك 502 - ئۆيدىكى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ.**

پوچتا نومۇرى: 830001
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 2566833 - 0991 (ئۆي)

# ئىدىقۇت شەھىرى (قوچو) ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلىشىشى

سۇلايمان گۈنگۈر (تۈركىيە)

## مۇقەددىمە

بۇ ماقالىدا ئولتۇراق ھاياتقا ئەڭ دەسلەپتە ئومۇمىيۈزلۈك كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلىشىشى ۋە ئۇلار قۇرغان شەھەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئانالىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئارخېئولوگىيە، مىمارلىق ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتلىرىدىن توپلانغان ماتېرىيال (پاكىت) لارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىغا ئوچۇق باھا بېرىپ ئۆتۈلىدۇ.

بۇ ئەمگىكىمنىڭ ئاساسىي سوئالى، ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك چەمبىرىكىدە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرگە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى ۋە بۇ ئۆزگىرىشكە قانداق باھا بېرىشتۇر.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ، ئاندىن ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بېرىلگەن باھالارنى رەتكە تىزىپ، ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار قۇرغان شەھەرلەر، بولۇپمۇ باشبالىقلاردىن بىرى بولغان ئىدىقۇت شەھىرى (قوچو) ھەققىدە مەلۇماتلار سۇنۇلىدۇ. مانا بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە قويۇلغان سوئاللارغا بېرىلگەن مۇناسىپ جاۋابلار بىلەن پاراللېل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. تۆگەنچە قىسمىدا بولسا قولىمىزدىكى مەلۇماتلارغا يېنىپ تۇرۇپ، ئومۇمىي باھالار بىلەن يۇقىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىلىدۇ.

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

#### *1.1. ئۇيغۇرلار*

تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرغان دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئايماق (قەبىلىلەر) ئىتتىپاقى شەكلىدە تەشكىللەنگەندۇر. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولغان ئايماق (قەبىلىلەر) نىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قوللىنىلغان توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر دېگەنگە ئوخشاش ناملارمۇ بۇ كۆز قارىشىمىزنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن باشلاپ تارىخ بېتىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان بىر خەلقتۇر. تۆلەس دەرياسى بويلىرىدا تۆلەس قەبىلىلىرى نامىدا ئۇيغۇرلار ياشىغان. بولۇپمۇ جۇڭگو مەنبەلىرىدە بۇ قەبىلىلەر توغرىسىدا ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە مەلۇمات بېرىلگەن. «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك»تە مەھمۇد كاشغەرى «ئاچ قالمايدىغان» (ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر) دەپ مەنە بەرگەن ئۇيغۇر ئىبارىسىغا رىزا نۇرنىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىدا «مەدەنىي، ئادەتلەنگەن، ئىنتائەت قىلغۇچى، ئىلغار» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەر بېرىلگەن. خەنزۇچىدا بولسا ئۇيغۇرلارغا ئات بولۇپ قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ «تۇغرۇلدەك (شۇڭقاردەك)

مۇجۇم قىلىدىغان» دېگەن مەنىسى بارلىقىمۇ مەلۇم بولماقتا.

*2.1 . ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى*

ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغان. تېخىمۇ توغرىسى ئايرىم- ئايرىم ئىككى دۆلەت قۇرۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە 745 - يىلى ئۆتۈكەندىكى كۆكتۈرك دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز قاغانلىقىنى قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋردىكى باش بالىقى ئىلگىرىكى ئادەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئورقۇن ۋادىسىدىكى قارابالاساغۇن (ئوردۇبالىق) شەھىرى ئىدى. بۆگۈ قاغان (759 - 779) 762 - يىلى تىبەتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتقاندا تاڭ سۇلالىسى ئاستانىسىدا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. دۆلىتىگە قايتىشىدا تۆت مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار بۇ دەۋردە مانى دىنىنىڭ سىياسىي قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ مانى دىنىغا بولغان ھېرىسلىقى شۇ دەرىجىدە ئاشقانكى، ئۆز دۆلىتىدە تاڭ سۇلالىسى ئاستانىسىدىكى مانى ئىبادەتخانىلىرى ئۇسلۇبىدا مۇناستىرلارنى سالدۇرغان. 840 - يىلى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلۇپ، بارلىق مانى ئىبادەتخانىلىرى تاقالغان. دىندارلارغا چەكلىك ھاياتلىق بېرىش چارىسى قوللانغان، بۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى تاللىشى ئۆزگىچە يول بولسىمۇ، بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدە ئومۇملاشقان بۇددىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. شۇنىمۇ كۆرۈش مۇمكىنكى، بۇددىست تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى ئىچىدە ئېرىپ كەتكەنلىكى بۇ دەۋردە سۆز تېمىسى ئىدى ۋە باشقا دىنلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

*3.1 . مانى دىنى ۋە ئۇيغۇرلار*

مانى دىنى مېسوپوتامىيىدە تۇغۇلغان مانى (277 - 316 - يىللىرى) ئاتلىق بىر زەردۇشت راھىبىنىڭ زەردۇشت دىنىنى ئىسلاھ قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئايرىلىشىغا تايانغاندۇر. ناھايىتى كەڭ زېمىنغا (ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن شىمالىي ئافرىقىغىچە) تارقالغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باشقا دىنلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ يوق بولغان. خىرىستىيان دۇنياسىدا نام قازانغان پەيلاسوپلاردىن ئاۋگۇستىنۇس (354 - 430 - يىللار) ئىلگىرى بىر مانىخىست ئىدى. ئاۋگۇستىنۇسنىڭ چۈشەنچىسىدىكى تەڭرى دۆلىتى - يەر يۈزى دۆلىتىنىڭ زىددىيىتىدە مانىخەيزمنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلمەكتە. مانى دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە پەقەت كەچلىك تاماقلا يېيىلىدۇ. تاماقتىمۇ پەقەت كۆكتاتلار يېيىلىدۇ. سۈت، گۆش ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنلۈك ھاياتىغا زىت بولغان بۇ ئېتىقادلار ئۇلارنىڭ كۆچمەن جەڭگىۋارلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. چۈنكى، بۇ دىن شەھەرلەردە ياشايدىغان ۋە تىجارەتچى خەلق بولغان سوغدىلاردىن ئۇيغۇرلارغا تارقالغانىدى. سوغدىلارنىڭ ئۇزۇن مەنزىللىك تىجارەتكە تايانغان ھاياتلىق شەكلىگە ئۇيغۇن ئىدى. كۆچمەن ۋە ئۇرۇشخۇمار خەلق بولغان ئۇيغۇرلار بۇ چاغدا ئاستا - ئاستا تىجارەت ئىگىلىكى بولغان ئولتۇراق ياشاشقا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن كېيىنكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئۆتكۈنچى دەۋرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

*4.1 . ئۇيغۇر دۆلىتى*

قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن 840 - يىلى ئورقۇن (ئۆتۈكەن) بويلىرىدىن قوغلانغان ئۇيغۇرلار بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كۆچكەن. بۇنداق كۆچۈش كەيپىياتى ئىنتايىن قويۇق بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆز مۇستەقىللىقىدە بولغان ئىككى رايونغا

قاراپ ئۇدۇل كۆچكەن. شەرقتە گەنسۇ رايونىغا ۋە غەربتە تۇرپان رايونىغا كۆچكەن. بۇلاردىن باشقا يۆنىلىشتە كۆچكەنلەر ئۆزلىرى كۆچۈپ بارغان يەردىكى باشقا خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن. گەنسۇ رايونىغا كۆچكەنلەرگە «سېرىق ئۇيغۇرلار» دېگەن نام بېرىلگەن. گەنسۇ بۇددىزىم كەڭ تارقالغان بىر جۇغراپىيىلىك رايون ئىدى. مۇھىت سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بۇددىست بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. تۇرپان رايونىغا كەلگەنلەر بولسا مانى دىنىنى قوغدايتتى. بۇلار ئۆتۈكەندىكى ئاخىرقى قاغاننىڭ بالىسى مەڭلىنى ئۆزلىرىگە قاغان قىلىپ سايلىدى ۋە 856 - يىلى يېڭىدىن دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دۆلەتنىڭ تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دۆلەتنىڭ ئۆتۈكەندىكى «بوزقىر دۆلىتى» نىڭ خاراكتېرىنىڭ تېشىغا چىقىپ تىجارەت ۋە دوستلۇققا تايانغان قوشنىلىرى بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغانلىقىدۇر. ھالبۇكى، ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇر دۆلىتى بوزقىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەكلىدە يۇمشاق ۋە تارقاق قەبىلىلەر بىرلىكى ھالىتىدە ئىدى. چارۋىچى، ئۇرۇشقاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە تايانغان مۇستەقىل سىياسىي بىرلىك ئىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار 911 - يىلى تۇرپان رايونىدىنمۇ ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ رەسمىي دىنى بۇددىزىم بولدى. بۇ دۆلەتنىڭ باش بالىقى تۇرپان رايونىدا ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ دەۋردە بوزقىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن قېپقالغان يازلىق ۋە قىشلىق باش بالىقى شەكلىنى قوللاندى. بۇ دۆلەتتە بەشبالىق يازلىق، قوچو قىشلىق باش بالىقى بولغان. بۇ دۆلەت 1209 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ دۆلىتىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى. ئەمەلىيەتتە 1206 - يىلىدىن ئېتىبارەن قىتان دۆلىتىنىڭ ۋاسالى ھالىتىدە ئىدى. بۇ چاغدا ئۆتۈكەندىن بېرى داۋاملاشقان ئەنئەنىسىنىڭ ئەكسىچە، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغانلار قاغانلىققا قويۇلمىغان.

ئولتۇراق مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر ئاشكارا تەرىپى شۇكى، بۇ دەۋردە ئىدىقۇت شەھىرى تىجارەت ۋە مەدەنىيەت يوللىرىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا بولغان. بۇ ماقالىمىزدا، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قىشلىق باش بالىقى بولغان ئىدىقۇت شەھىرى (قوچو) ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا مەخسۇس توختىلىمىز.

*5.1. دىنلار ۋە قۇت چۈشەنچىسى*

دىن ئالماشتۇرۇشلارنى بۇ تېمىدا تەتقىق قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بۇ تېمىمىز بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاكىتلىق دەلىل كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈش مەسىلىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

«قاغان» دېگەن نامغا قارىغىنىمىزدىلا، ئىقتىدارنىڭ ئەسلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەر بىلەن دىنلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دائىر يېڭى ئىجادىيەتنى قولغا چۈشۈرەلەيمىز. قاغانلارنىڭ ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «ئالپ»، «بىلگە» سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق قوشۇلۇپ كېلىدىغان «قۇت تېپىش» ئىبارىسى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئۈنۈملۈكتۇر. بۇنداق باھا بېرىشىمىزدىكى سەۋەب، ئىقتىدارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى قاغانلارنىڭ ئۆزلىرىگە «قۇت» بېرىش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتۇر، بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان «قۇت» چۈشەنچىسىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاشتۇر. دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى مانا شۇ چاغدا كۆرۈنەرلىك ھالەتكە كېلىدۇ. مۇقەددەسلىك مەنبەسىنىڭ دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە پاراللېل ھالدا پەرقى ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. بىز ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر نەچچە ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىقلا، بۇ ئۆزگىرىشنى تېپىپ چىقالايمىز. ئۆزلىرىگە «قۇت» بېرىلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى

ئېتىقادىغا ئوخشاش ئېتىقادتا بولغان ئۇيغۇرلارنى مانى دىنىغا باشلىغان قاغان بۆگۈنىڭ خانلىق نامىدا كونا مۇقەددەسلىك قوغدالغان. تەڭرىدە بولمىش ئىل تۇتمىش ئالپ بىلگە قاغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مانىخېزمچى قاغانلارمۇ تەڭرىنىڭ ئورنىنى ئاي تەڭرى تېرىملىرىگە بوشىتىپ بەرگەن. بۇنىڭغا ئۆرنەك: ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ قاغان. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىدە، بۇددىزم دۆلەت دىنى بولغاچقا، قاغاننىڭ نامىدىكى مۇقەددەسلىك ئورغۇسىدا ئۆزگىرىش بولغان. 947 - يىلى تەختتە بولغان قاغاننىڭ ئېتى مۇنداق ئىدى: كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ئورانمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۈل بىلگە قاغان.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە «قۇت»نىڭ مەنبەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. ئەمما سىياسىي ئىقتىدار (تەخت) ئۆزگىرىشكە ئۇچرىمىغان. بۇ قارىشىمىز ئولتۇراق مەدەنىيەت دەۋرىدە تەختنىڭ ماكانغا ئۇيغۇنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

## 2. ئولتۇراق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

### *2.1. ئولتۇراق مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ياكتلار*

ئۇيغۇر شەھەرلىرى ئۈستىدە سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، ئولتۇراق مەدەنىيەتكە ئۆتكەن بۇ خەلقنىڭ كۆچمەنلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى نېمە، دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەيمىز. بۇنىڭغا باغلىنىشلىق ئىككى سوئال كۆن تەرتىپىمىزگە كىرگەن. 1. بوزقىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئولتۇراق مەدەنىيەتكە ئائىت ئامىللار بارمىدى؟ 2. ئولتۇراق مەدەنىيەتنىڭ ئەمەلىيلىشى بىلەن كۆچمەن تۇرمۇش ئوتتۇرىدىن بىراقلا كۆتۈرۈلدىمۇ؟

ئوتتۇرا ئاسىيا بوزقىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھونلار ۋە كۆكتۈركلەرمۇ كەچمەنچى خەلق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يېزا ۋە قەلئەلەردە دېھقانچىلىق بىلەن ئۇچراشقانلىقىمۇ بىلىنمەكتە. بۇ دەۋردىن قالغان قالىلار ئولتۇراقلىشىشنىڭ بارلىقىغا ئۇنۇملۈك ئىسپات سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئەرەب ئىستىبلاسىنىڭ ماۋرەئۇننەھرگە كىرىشىدىن ئىلگىرىلا، تۈركلەر زېمىنلىرىغا يۇزلەنگەن ۋاقىتتا، قەلئە بىلەن قورشالغان تۈرك شەھەرلىرىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. يەنە ئەرەب مەنبەلىرى 6 - ئەسىردىن ئېتىبارەن تۈرك قەلئە — شەھەرلىرىدىن سۆز ئاچماقتا.

تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرىمۇ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكەنلىكىگە ئائىت دەلىللەر «ئەرگىنە قۇن» داستانىدىنمۇ تېپىلىدۇ. بۇ داستاندا يەرلەشكەن بىر خەلق نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن كۆچكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ خەلقنىڭ كۆچۈشتىن ئىلگىرى مەدەنچىلىك، تېرىقچىلىق ۋە مال بېقىش بىلەن ئۇچراشقانلىقىمۇ بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئارىسىدىدۇر. جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆكتۈركلەرنىڭ بىر قېتىملىق ئۇرۇش تۆلىمى ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىن ئۇرۇقلۇق - ئاشلىق ۋە تېرىقچىلىق قوراللىرىنى ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

سوۋېت ئارخېئولوگى نۇسوۋنىڭ كۆكتۈركلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يازلىق باش بالىق دېيىلگەن سۇيابتا خەلقنىڭ ئۆيلىرى قاغان ئولتۇرغان يەرنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇلغان. شەھەر خەلقى تېرىقچىلىق، تىجارەت ۋە قول سانائەت بىلەن ئۇچراشقان. سېپىل ياكى ئىككى - ئۈچ قات تام بىلەن قورشالغان شەھەرنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقانىدى. ۋېنگرىيە تۈركولوگى لىگەتىمۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئىچكى ئاسىيانىڭ

ھەربىرىدە ئېچىلغان شەھەر خارابىلىرىنىڭ (ئەگەر ئۇلار كۆچمەنچى خەلقلەرنىڭ ئولتۇرغان يەرلىرى بولسا) ئاجايىپ نادىر ئۆرنەكلىرى دىققىتىمىزنى تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ شەھەرلەرنىڭ پىلانلىنىشىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، ھەممىسىدىلا كۆچمەنچى خەلقلەرنىڭ چېدىر - قارارگاھلىرىنىڭ ئەسكىرىي ئىنتىزامىنى كۆرىمىز ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ يەرگە يەرلىشىپ بولغان كۆچمەن خەلقنىڭ شەھەرلىرىنىڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان غايەت زور ‹چېدىر - قارارگاھ› ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شەھەرلەردىكى بۇ ئورتاقلىقنى مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنىڭ ئەكس ئېتىشى دەپ ئېيتساق تارىخىي چىنلىققا بىر قەدەر يېقىنلاشقان بولىمىز. بۇنىڭدىن باشقا ئىقلىم، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي شەرتلەرمۇ بۇنداق ئورتاقلىقنىڭ كۆرۈلۈشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان. بۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا يەنە ئىدىئولوگىيە چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ قارايمەن. تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن قۇت چۈشەنچىسىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

كۆكتۈركلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھۇنلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئېلىپبەسىنىڭ بولغانلىقى، يېزىقىنىڭ ئولتۇراق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇش مېنىڭچە ئىنتايىن توغرا. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بوزقىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى خەلقلەرنىڭ كەڭ - كۆلەمدە ياشاش شەكلىنىڭ كۆچمەنچىلىك بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ھەممىسىنىڭلا نوقۇل كۆچمەنچىلىك ھاياتتا بولمىغانلىقىنى ئېيتالايمىز.

بۇ مەسىلىدە تۈركچىدىكى ئوردا ۋە بالىق دېگەن ئىككى سۆزنى تەكىتلىسەك ئارتۇقچە كەتمەس. بوزقىرنىڭ بوش سىياسىي بىرلىكى ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى، ئەسكىرىي تەرتىپ ئىچىدە خاقانغا باغلانغان بولىدۇ. ھەربىر بەگنىڭ يۇرتى، كۆچ كۆلىمى ۋە ئوتلاقلاردىن مەيدانغا كەلگەن ئىنتايىن چوڭ بىر قارارگاھتۇر. بەگ بۇ يەردە ئائىلىسى، نۆكەرلىرى، باللىرى، چوپانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. تۈركلەرنىڭ بىرنەچچە شەھىرىنىڭ نامىدا ئورۇن ئالغان «بالىق» سۆزى بىر ئىزاھلاشقا قارىغاندا لايدىن قىلىنغان سۇۋاق ۋە خىشتىن ياسالغان دېگەن مەنىسىگە ئىگە. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «بالىق» قا مانا مۇشۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن. «بالىق» دەپ ئاتالغان يەرلەرنىڭ سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەرلەر بولغانلىقىمۇ بۇ ھېسابقا قېتىلسا، بۇ ئىزاھىنىڭ توغرىلىقى كۈچىيىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ 840 - يىلىدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن رايونلاردا ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنلىكى ھازىر كەڭ - كۆلەمدە قوبۇل كۆرۈلمەكتە. كۆچمەنچى خەلقنى ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەندۈرۈشتە ئەلۋەتتە خېلى ئۇزۇن جەريان كېتىدۇ. تۈركدوغان بۇنى ئىككى سەۋەبتىن دەپ يەكۈنلەيدۇ. 1) بۇ رايوننىڭ ئۈنۈملۈك تۇپراقلىرىنىڭ بولماسلىقى؛ 2) مانى دىنىغا باغلانغاندىن كېيىن قۇرغان ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىۋېلىشى. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ سەۋەب شۇكى، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتى ئۇيغۇرلارنى تېزلا ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرگەن. چۈنكى، تۇرپان رايونى مەشھۇر ۋە باي يىپەك يولى بىلەن جۇڭگولۇق بۇددىستلارنىڭ ھىندىستانغا بېرىشتا ئۆتىدىغان تاۋاپ يولىنىڭ ئۆتۈشمە نۇقتىسىغا جايلاشقان. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ تىجارەت قىلىدىغان سوغدىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تېخىمۇ قويۇق شەكىلدە تىجارەت قىلىشقا باشلىغانىدى. تۇرپان رايونىنىڭ بايا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەۋزەللىكى تىجارەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقان. تەبىئىي شارائىت ۋە دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئولتۇراقلىشىشقا

ئۆتۈش جەريانى تېزلەشكەن. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، تۇرپاندا كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كونا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقلىرى بىلىنمەكتە. زېمىنىدا كۆچمەنچىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان يايلاقلىرىمۇ بولغان ۋە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئېنىق خاتىرىلىرىدە كۆچمەنچىلىكتىن سۆز ئېچىلىدىغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، بۇددىزىم بىلەن مانىخەيزىمنىڭ خەلققە پۈتۈنلەي تارقىلىپ بولالمىغانلىقىدىن گەپ ئاچالايمىز. چۈنكى، بۇ دىنلار كۆچمەن ھايات شەكلى بىلەن ماسلىشالمايدىغان چۈشەنچىلەرگە تايانغان. بۇمۇ بىزگە شەھەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى دىنلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لىگەتمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مانى ۋە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ شەھەرلەردە بىرلىكتە مەۋجۇت بولغانلىقىنى يازىدۇ، ھەتتا بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ سۆز تېمىسى.

كۆچمەن ۋە يەرلىك ئامىللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىدە «قىر بىلەن شەھەرنىڭ چېتىشىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. چۈنكى، بۇ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن شۇنداق ئورتاقلىقى باركى، بۇلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. بىز بۇ بىرلىكنى بىئولوگىيىلىك ئاتالغۇ بولغان «تەڭپۇڭلۇق» بىلەن ئىپادە قىلالايمىز. تىجارەتكە يۈزلەنگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىم ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر. تىجارەت ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ يەنە ئات بىلەن قوي لازىم بولىدۇ. بۇ ئىككى ئىگىلىك شەكلىنىڭ بىرلىكتە داۋاملىشىشىنىڭ تۈرك تارىخىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تەرەپلىرى ئىكەنلىكى نۇرغۇن ئاپتورلار تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئىبى خالدۇن چۈشەندۈرگەندەك بەدەۋى ـ خازارى ھادىسىسىدىمۇ سۆز تېمىسى ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ئىگىلىك شەكلىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئارىسىدا بىر كەڭلىكنىڭ بولغانلىقى چوقۇم، ئەمما قولىمىزدا ئېنىق پاكىت بولمىغاچقا، بۇ توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشكە ئىمكانسىزمىز. چۈنكى بۇنداق كەڭلىك بولغاندا، ھەرقانداق پەرقنى يوقاتقان جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇتلەق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

*2.2. ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى*

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىشىشى بىلەن بىرلىكتە، كۆكتۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىغا سوغد يېزىقى ئۆزلەشكەن. كېيىن بۇددا دىنىنىڭ يېيىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ھاياتى رەسمىي باشلانغان. بۇ دىنلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن باشلانغان مەدەنىي ھايات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. يەنى ئۇيغۇرلار ئۆزلەشتۈرگەن دىنلارنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەتنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۇنۇملۇك تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى ماددىي مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ تامغىلىق باسما تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەرىكەتلىك تامغىلىق مەتبە تېخنىكىسىنى ئىجات قىلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىجارەت يوللىرى ئۈستىدە بولغاچقا، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلىرىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا كامالەتكە يەتكەندۇر. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن

مەدەنىيەت مەركەزلىرى مۇنۇلار: 1) جۇڭگو، 2) ھىندىستان ـ قەندىھار، 3) ئىران. بۇ ئۈچ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن بوزقىر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شەھەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر بولىدىغان مىمارلىق سەنئىتىگە ئىران تىللىق خەلق بولغان سوغدىلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرى سىڭگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ سوغد يېزىقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان شەكلى ئىدى.

ئۇنىڭدا بىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىرىنىڭ تەسىرىنى تېخنىك جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ كۆرەلەيمىز، قەغەز ئىشلەش ۋە مەتبەچىلىكتىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان. مىمارچىلىقتا ئىران ئۇسلۇبلۇق تەسىر بىلەن بىرلىكتە، قەندىھار يولى بىلەن كەلگەن گېرو ـ بۇددىست ئۇسلۇبىنىڭمۇ تەسىرلىرى بولغانلىقى بىر قاراشتىلا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، گېرو — بۇددىست سەنئىتى ئىسكەندەر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان.

مىمارلىق ۋە سەنئەتتە كۆچمەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، روشەن شەكىلدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. «چېدىر شەكلىدىكى ئىبادەتخانىلار، گىلەم نۇسخىلىرىنى ئەسكە سالىدىغان خىشنى تىزىش ئارقىلىق چىقىرىلغان گۈللەر» كۆچمەنچىلىك سەنئىتىنىڭ شەھەر سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ئېيتىپ قويۇشقا تېگىشلىك باشقا مەسىلە شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىگە بەرگەن ئاساسىي مەھسۇلات بۇيۇملىرى توپراقتۇر. بۇمۇ قۇرۇلۇش قىلىشتا كېسەك ياكى خىشنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەقەززا قىلاتتى. مىماردا ۋە ئومۇمىي سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر ئۇسلۇبى 9 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن. 10 ـ 12 ـ ئەسىرلەردە دەل پىشىپ يېتىلگەن مەھسۇلاتلىرىنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن ئېتىبارەن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆز ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بۇ سەنئەتنى ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆگەتكەن. رەسىم سەنئىتى، كىتابلاردىكى مىنىياتۇرلار مۇسۇلمان تۈركلەردىمۇ داۋام قىلىپ كەلگەن. تام رەسىملىرى دىنىي ئەمگەكلەرنىڭ تاماملىغۇچىسى بولغان. ئىبادەتخانا تاملىرى بۇددا، راھىبلار، بىنانى سالدۇرغان تىجارەتچىلەر، ئىدىقۇت ۋە ئىدىقۇتنىڭ پورترېتلىرى، جەننەت تەسۋىرلىرى ۋە پەرراندىھى (بۇددىغا ھەدىيە سۇنۇش مۇراسىمى) سەھنىلىرى بىلەن بېزەلگەن. بۇ رەسىملەردىكى دىققەتنى ئەڭ تارتىدىغان ئالاھىدىلىك بولسا رېئالىست خاراكتېرىنىڭ مۇستەقىللىقىدۇر. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە «بۇيان» دەپ ئاتالغان، بەگلەر ۋە خاتۇنلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋەخپە قاتارىدىكى ئورۇنلاردا كۆرۈلگەن جانلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۆھپىلىرى تۈركىلوگلارنى ئەڭ قىزىقتۇرۇۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى. دىنىي ئىشلاردىكى بۇنداق چوڭ كۆلەملىك قاتنىشىش ھەركىم ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە پىشىپ يېتىلگەن ۋە كەڭ تارقالغان دىن بۇددىزىم كېيىن موڭغۇللارغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەن. موڭغۇللار چىڭگىز ئىمپېراتورلۇقى زامانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى بىلەن بىرلىكتە تىلىنىمۇ رەسمىي ئىشلار (بولۇپمۇ دىپلوماتىيىدە) ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرگەندۇر. ئۇيغۇرلار قىتان ۋە موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن توغرىدىن توغرا ئۇلارنىڭ سارايلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. خانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇيغۇر بەگلىرى تەربىيىلىگەن، تۈرك دۆلەت سىخېمىسىنى بۇ دۆلەتلەرگە ماسلاشتۇرغان، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئالاھىدە رولى بىلەن

ئۇيغۇرلار ئاجايىپ ئۇستۇنلۇك قازانغان. چىڭگىزخاننىڭ سارىيىدا دۆلەت رامكىسىنىڭ ئۇيغۇر تەرزىدە ئۆزلەشتۇرۇلگەنلىكى كەلگ كۆلەمدە چۈشىنىلمەكتە. تۇنجى مۇسۇلمان تۇرك دۆلىتى بولغان قاراخانىلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشنا بولغانلىقى ۋە ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ۋاسسالى بولغانلىقلىرىمۇ بىلدۇرۇلگەندە، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن مەدەنىيەت بىرىكمىسىنىڭ ئالدىدا، سىياسىي مۇستەقىللىقنىڭ ئەكس ئېتىشىنى مەدەنىيەت تەسىرلىرىنىڭ تېشىدىن ئايرىمچە چۈشەندۇرۇشكە ئورۇن قالمايدۇ. تارىختا ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە مىللەتلەرگە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەڭداشسىز روللىرى «مەدەنىيەت بۇيانلىرى» دەپ ئاتىلىشقا تولىمۇ مۇناسىپتۇر.

### 3. ئۇيغۇر شەھەرلىرى ۋە باش بالىق - قوچو

*3.1. ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى*

تۇرپان رايونىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتى تىجارەتچى ۋە شەھەرلىك خەلققە تايىناتتى. كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىش ئەۋج ئالغان دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن دەۋر (10 - ئەسىر) گە قەدەم قويىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشتە قەدىمكى، ئەسلىدە بار بولغان شەھەرلەرگە ئولتۇراقلىشىشتىن سىرت، يەنە ئۆزلىرى يېڭىدىن قۇرغان شەھەرلەرگىمۇ ئولتۇراقلاشقانىدى.

ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى مانا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى سۆزلەنمەكتە. شەھەر كېسەكتىن ياسالغان سېپىل بىلەن تۆت چاسىغا يېقىن تىك تۆتبۇلۇڭلۇق شەكلىدە ئورالغان، شەھەرنىڭ سىرتى خەندەك كولىنىپ سۇ بىلەن توشقۇزۇلغان ھەم ئۇنىمۇ سېپىل ئوراپ تۇرغان. شەھەرنىڭ ئەتراپ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان يوللىرىغا دەرۋازىلار ئېچىلغان، بۇنداق دەرۋازىلار بىر تەرەپتە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىردىن بولغان.

ئۇيغۇر خاقانى قەدىمكى ئەنئەنىگە بىنائەن ھەر يازلىقى بەشبالىق شەھىرىدە ئولتۇراتتى. قىشلىق باش بالىق بولسا قوچودۇركى، بۇ شەھەرنى ئىرانلىقلار «چىنانچىكانت»، يەنى «شەھىرى چىن» دەپ ئاتايتتى. ئىلگىرىمۇ قوچو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىغا تەۋە بولغانىدى. قەدىمكى مەنبەلەردە بۇ شەھەرنىڭ نامى «گاۋچاڭ» بولۇپ، خەنزۇچىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە قوللىنىلغانىدى، موڭغۇللار دەۋرىدە خوجۇ (خوجا) دېيىلگەنىدى. قوچونىڭ تاغلىرىنىڭ قىزىل بولۇشى بۇ نامغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ شەھەر تۈرك قوليازمىلىرىدا «قارا قوچو» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىرلا ئۇنۋانى بار، ئۇ بولسىمۇ — ئىدىقۇت شەھىرى. ئىدىقۇت — ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ئۇنۋانىدۇر. غەرپ تىللىرىدا بۇ نامغا «ئۇلۇغ بەختكە ئېرىشىش» دەپ تەبىر بېرىلدى. قوچونىڭ باش بالىق بولۇشى تولا چاغلاردا ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ تۇرىدىغان شەھىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن دېگەن قاراش ھازىر ئومۇمىيراق. «قوچو» ۋە «گاۋچاڭ»، «قاراقوچو» دېگەنناملارنىڭ خەنزۇچىدا ئىككى خىل شەكلىدىكى، ئەمما مەنىسى يېقىن كېلىدىغان ئاتالمىلار ئىكەنلىكى كۆرۈلمەكتە.

گېرمان ئارخېئولوگى گرۇنۋېدىلنىڭ قارىشىچە، قوچو تۆت چاسىغا يېقىن، ئەتراپى قەلئە بىلەن چۆرۈلگەن بىر شەھەردۇر. بۇ شەھەردە خېلى كۆپ ئىمارەتلەر ئۆز تۈرى، ئايرىمىسى بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. قوچونى قوغداپ تۇرىدىغان سېپىللار كېسەك ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان ۋە سېپىلنىڭ بەزى جايلىرىغا سىرلانغان خىش - كاھىش ئىشلىتىلگەن. سېپىللارغا كۆزىتىش مۇنارلىرى بىلەن قۇببىلىك راۋاقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىسلام مەنبەلىرىدە

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ باشكەنتىنىڭ ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر شەھەر بولغانلىقى يېزىلغان. تىجارەتچىلەر تەرىپىدىن «چۆل قەلئەسى» دېيىلگەن قوچونىڭ سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، سېپىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ.

*2.3. ماكانىنىڭ تەشكىللىنىشى*

كۋادرات شەكىلدىكى بۇ شەھەرنى شىمال - جەنۇب يۆنىلىشتىكى ئىككى كوچا بىلەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى بىر كوچا قاق ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدە ماكانىنىڭ تەشكىللىنىشى بولسا ئۈچ ئايرىم بۆلەككە ئايرىلغان. ھەربىر بۆلەكنىڭ ئەتراپىغا نېپىز سېپىل سوقۇلغان. ئومۇمىي كۆرۈنۈشى بىلەن «بالىق» دېگەن ئۇقۇمغا تولىمۇ ئۇيغۇن بولغان قوچونىڭ سېپىلىنىڭ سىرتى يەتتە قات خەندەك بىلەن قورشالغان. ئەڭ ئىچىدىكى بۆلەككە «ئوردا قاپقىقى»، ياكى «خان تۇرا» دېگەن نام بېرىلگەندۇر. ئوردا شەھىرىنىڭ ئەينى دەۋردە ئانچە كىچىك بولمىغان بىر كەڭلىكتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. ئوردا شەھىرىنىڭ كۆچمەن مەدەنىيەتتىكى «ئوردا»غا ئوخشايدىغان بىر شەكلىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكى سۆزلەنمەكتە. ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بوشلۇق ئىچىدە بىنا قىلىنغان خاقان سارىيى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى. بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشلاردىن، خان ئوردىسىنىڭ قۇببىلىك ئىمارىتى، تاملار ئۈچ قات گەج بىلەن سۇۋالغان ۋە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن سىرلانغان ئىدى. بىر ساياھەتنامە يازغان جۇڭگولۇق بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ قوچو سارىيى ھەققىدە پەقەتلا «ئىككى قەۋەت ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش» بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى كۆپىنچە ئۆزىگە قىلىنغان ئىززەت - ئىكراملار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ساراي تېمىنىڭ تېشىدا، بىر ئاز ئېگىزلىتىلگەن سېپىل ئۈستىدە دىنىي قۇرۇلۇشلار چەمبىرى بىلەن ئۇنى قورشىغان تام باردۇر. بۇ چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇپا ۋە ئەتراپىدا ئىبادەتخانىلار، مۇناستىرلار ۋە راھىبلارنىڭ يوشۇرۇنىدىغان ھوجرىلىرى ئورۇن ئالغان. قوچو سۇپىلىرى «قوش گۈمبەز»مۇ دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭمۇ قۇببىلىك تۈرلىرى بار بولۇپ، ھەم قاغان سارىيى بىلەن مىمارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئوخشاش ھەم يەنە مۇسۇلمان تۈرك گۈمبەزلىرىنىڭ شەكلىگىمۇ ئوخشاشتۇر. مانى، بۇددا ۋە نېستورىيان دىنى ئىبادەتخانىلىرى بىر چەمبەر ئىچىدە، بوشلۇق تەكشىلىكىدە بىرگە مەۋجۇت بولغان. دىنىي چەمبەرنىڭ ئەتراپىدىكى تام بىلەن شەھەرنىڭ سېپىلىرى ئارىسىدىكى بۆلۈمدە، پۇقرالارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، مازارلىقلار ۋە كارۋانسارايلار يەر ئالغان. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە تېخىمۇ كۆپ خىش ۋە كاھىش قوللىنىلغان. تەتقىقاتلاردا خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى ئاق سېغىز بىلەن سۇۋىغانلىقلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇرۇش ۋاقتىدا مۇناستىرلارنىڭ كۈچلۈك تاملىرى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالاتتى.

قوچونىڭ داڭلىق مېۋىلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكى تېرىم مەيدانلىرىنىڭ سېپىل تېشىدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، گىرۈنۋېدىلنىڭ ھازىرلىغان شەھەر پىلانىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. خارابىلەردە كۆپ مىقداردا يازما ۋە باسما كىتابلار، مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە ھەيكەللەر بىلەن بىرلىكتە، يەنە نۇرغۇن مەدەنىي تېرىم قوراللىرىمۇ تېپىلغاندۇر.

كىچىك بىر شەھەر بولغان قوچونى ئەتراپىغا قۇرۇلغان «بالىقچە»لەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن باھالاش كېرەك. شۇ چاغدىلا بۇ كىچىك شەھەرنىڭ باش بالىقلىق رولىنى قانداق ئاتقۇرغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. قوچونىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىلىرى بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ساقلايدىغان يوللار بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆزگە ئوچۇق تاشلىنىپ

تۇرماقتا. قوچو شەھىرى قاغان سارىيى جايلاشقانلىقى، دىنىي قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە تىجارەت يولى ئۈستىگە جايلاشقانلىقى بىلەن ئەينى دەۋردە سىياسىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي مەركەزلىك رولىنى ئوينىغان. تەتقىقاتچىلار ئىككىنچى چەمبەرگە جايلاشقان ۋە كوچا ئىزلىرى ئارىسىدىكى شەھەر رايونى خارابىسىنىڭ ئەينى دەۋردە ئاۋات بازار بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. قوچو شەھىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلىغان ماددىي مەنبەلەرنىڭ يىپەك يولىدىن ئەمەلىيلەشكەن تىجارەت تەرزىدىن ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى سۆزلەنمەكتە. چۈنكى، ئۇزۇن جۇلاسىنى يوقاتقان تىجارەت قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان كارۋانچىلىق شەكلىدە قۇرۇلغان. تۇرپان رايونى يىپەك يولى بىلەن كېلىپ كەتكەن ماللارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىلگىرىكى تارىلىش نۇقتىسىغا جايلاشقان. قوچو كارۋانلار ئارقىلىق توشۇلغان ماللارنىڭ مەھسۇلاتىدىنمۇ كۆپ دىپلوماتىيىسى ۋە ئېلىم — سىستېمىدا ۋاستىچىلىك قىلىش شەكلى بىلەن ناھايىتى كۆپ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن شەھەردۇر. بۇنداق شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان تىجارەت ئۈنۈمىگە ياندىشىپ يەنە قول سانائەت بۇيۇملىرى، تېرىم ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ بۇ شەھەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان.

*3.3. مەركەز سىمۋوللۇقى ۋە ئۇنىڭ شەھەردە ئەكس ئېتىشى*

قۇتلۇق بولۇشنىڭ دىنىدىن تاشقىرى ماكانغا يەرلىشىشى بىلەن ئۇ يەرنىڭ چوڭ بىر رايونىنىڭ مەركىزى ھالىتىگە كېلىشىنى چۈشەندۈرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئۇسۇلدۇر. مەركەز سىمۋوللۇقىنىڭ كىمنى گېئومېتىرىلىك شەكىللەر بىلەن جانلاندۇرىدىغانلىقى رەسىم ئاپتورى ماندالىنى (تىبەت بۇددىست ئىبادەتخانىسى)، بىر سېپىلنىڭ ئىچىدە يەرلەشكەن بىر قاتار چەمبەر شەكلىدە بىنا قىلىنغان. بۇ چەمبەرلەر ئارقىلىق تىبەت پانتېئونى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئاپتور، كۆچمەن چارۋىچى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىمۇ ئوخشاش سىمۋوللۇقنى كۆزلىگەن. كۆچمەنلەردە مەركەز سىمۋوللۇقى يۇرتلارنىڭ تۆرىسىدىكى تۈمەننىڭ چىقىشىنى ساقلايدىغان جىلغىدا ئوتتۇرىغا چىقماقتا. يۇرتلارنىڭ ئورۇنلىشىشىمۇ ئۆزىگە قۇت نامى بېرىلگەن قاغاننىڭ يۇرتى / ئوتاغى دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندۇر. يەنىمۇ كېيىن ئولتۇراقلاشقان ھاياتتا تۆرە سارىيىنىڭ قۇببىلىك سېلىنىشى، يۇرتنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ تاش ياكى سېپىلنىڭ يۆتكىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. قۇببىنىڭ دىنىي قۇرۇلۇشلاردا ئىسلام دىنىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىشى بۇ قەدىمكى چۈشەنچىنىڭ ئاكتىپلىقىنى كۆرسەتمەكتە. شەھەرنىڭ ئولتۇراق پىلانىدا ئىدىقۇت (قۇت ئىگىسى، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئۇنۋانى) داۋاملىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەھەرنىڭ تاشقى چەمبىرىنىڭ قەلئە شەكلىدە بولۇشىمۇ مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش چۈشەنچىسىنىڭ (تىبەت ماندالىسىدا كۆرۈلگەنگە ئوخشاش) ماكاندا جانلاندۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى سېپىل سىمۋوللۇقى ئەڭ كۈچلۈك گېئومېتىرىك شەكىلدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش مەركەز ئاساس ئالغان سېپىلنىڭ ئالدىدا بىر دائىرىگە ئولتۇراقلاشتۇرۇش قولايلىقى، مەركەز سىمۋوللۇقى بوشلۇقىدىن سېپىل بىلەن دائىرە شەكىللىرىنى ئوخشاش ئىشلىتىشنىڭ قانداق بولغانلىقى بىزنىڭ باھالىشىمىزنى كۈتمەكتە.

*4. تۈگەنچە*

ئىنساننىڭ ھەربىر يېڭى مەھسۇلاتى ئۆزئارا بىرىكىشنىڭ ۋە ئېھتىياجنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان؛ ئۇيغۇر شەھەرلىرى ئېنىق كۆچمەنچىلىك ئىگىلىكى بولغان ۋە ئاندا - ساندا ئولتۇراق ھايات كەچۈرگەن ھۇن ۋە كۆكتۈركلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي بىرىكمىنىڭ بىر نەتىجىسى بولۇپ

كۆرۈلمەكتە. مىمارلىق ئۇسلۇبىدا كۆرۈلگەندەك، ئۇيغۇر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تەۋرەنمەس پاكىتلار ئالدىدا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم ھەم قىممەتلىكتۇر.

شەھەرلەشكەن ماكاننىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىنىڭ كۆچمەن قارارگاھ قۇرۇلۇشلىرىغا ئوخشاشلىقى، كۆچمەن - چارۋىچى - بولاقچى ئىگىلىك شەكلىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان تىجارەت - تېرىقچىلىق ئىگىلىكى تۇغدۇرغان پۇرسەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلەر ئېلىپ كەلگەن زور ئىمكانلار بىلەن ئولتۇراق مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىمىزدە، كۆچمەنلىك بىلەن ئولتۇراقلىشىش ئارىسىدا ئايرىم ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا ماكانغا ئولتۇراقلىشىش دەۋرىنىڭ تەقەززاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئەقلىمىزگە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار يايلاقتىن شەھەرگە ئولتۇراقلىشىپ شەھەر قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەننىڭ سىرتىدا، ئۇلارنى يەنە بىر قوشۇمچە كۆچمەنچىلىك ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان دەپ توختىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. تېرىقچىلىقنىڭ ۋە مەدەنچىلىكنىڭ ئىلگىرىلا بار بولۇشى، يېزىقنىڭ تۈركلەر تەرىپىدىن ئەمەلىي قوللىنىلىشى، شەھەرگە ئولتۇراقلىشىشنىڭ كوللېكتىپ ھاياتقا قايتىشتىكى بىر مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىشى بۇ سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

شەھەرگە يەرلىشىشتىن كۆرۈلگەن قۇت چۈشەنچىسىنىڭ ۋە قۇت چۈشەنچىسىنىڭ ئەسلى ئىقتىدارىنىڭ مەركىزىي مەھسۇلاتى يۇرتقا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش بىلەن پاراللېل ئېلىپ بېرىلغان. ئولتۇراقلىشىش جەريانىدىكى سىياسىي ھەرىكەت ۋە ئۇيغۇنلىشىشلار بوشلۇقىدىن ئۆزلىرىگە خاس يول ئاچقاندۇر. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئۆزگىرىش قۇت چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان دىن ئۆزگىرىشىدۇركى، بۇ تېما تا ھازىرغىچە تالاش - تارتىشتا تۇرماقتا. چۈنكى، كۆچمەن ۋە ئولتۇراق ئامىللار ئارىسىدا ئۆز ئارا ئوخشىمايدۇ، دەپ چۈشىنىدىغان مۇناسىۋەتلەر تېگىدىن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي مەھسۇلاتلاردۇر. بۇلاردىن بىز كۆچمەن تۇرمۇشتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلاردىن ۋاز كېچىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسپات ئالغىنىغا ئوخشاش، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان كۆپلىگەن مۇلاھىزىلەرمۇ ئەلۋەتتە سۆز تېمىسىدۇر. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغىنى يېڭىدىن خاتىرىلەش يېتەرلىكتۇر. رەسمىي دىن مانىخەيزىم بولسىمۇ، كۆچمەن خەلقنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەستۇر. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىش مانى دىنىدا قەتئىي چەكلىنەتتى. قۇتنىڭ مەنبەسىنى ئىنقىلاپ بېرىدىغان دىن ئەۋزەللىكىدىكى بۇ پەرقنىڭ ئەكسىچە، «قۇت»نىڭ مەركىزىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورتاقلىقىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئومۇمەن، تۈنجى شەھەرلىك تۈرك خەلقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق كۆچمەن ئامىللىرى ئارىسىدا كوللېكتىپ ھالدا بىر خىللا كەڭتاشا ھايات تەرزى شەكىللەنمىگەن؛ ئولتۇراق ھايات كۆچمەنچىلىك ھاياتىدا توشۇپ كەلگەن تېرىم ۋە مەدەنچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن ھاياتىنىڭ داۋامىدۇر، پەقەت سودا - تىجارەتتە ئاجايىپ گۈللىنىشنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندۇر. ئوسمان سۇلتانلىقىدا كۆرۈلگەن ئولتۇراقلىشىشقا سىياسىي ئەۋزەللىك سەۋەب بولغاچقا، (بۇ سۆز

تىمىسى ئەمەس) بۇنىڭ ئەكسىچە نوپۇسنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆچمەن ئىگىلىك شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۇستۇن كەلگەن بىر ۋەزىيەت بولۇپ كۆرۈلمەكتە. بۇ تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئىبنى خالدۇننىڭ بەدەۋى - خازارى ئۇرۇشلىرى تەرىپىدىن ئايرىمچە تىلغا ئالغان كۆچمەنلەر بىلەن شەھەرلىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە تۇپتىن ئوخشىمايدۇ.

*مەنبە كۆرسەتكۈچلىرى*

1. م. ئەلى ئاغائوغۇللىرى، «ئىمپېراتورلۇقتىن تەگرى دۆلىتىگىچە». ئىمگە نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1991 - يىل نەشرى.

2. دوغان ئاۋجىئوغلۇ، «تۈركلەرنىڭ تارىخى»، 2 — 3 — كىتاب، بىلگى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1994 - 1995 - يىل نەشرى.

3. مۇستافا جەزار، «ئانا دولۇغا دەسلەپ يەرلەشكەن تۈركلەردە شەھەر ۋە مىمارلىق»، تۈركىيە ئىش بانكىسى نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1977 - يىل نەشرى.

4. ئەمەل ئەسىن، «تۈركىستان ساياھەتنامىسى»، تۈركىيە «تىكا» نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1959 - يىل نەشرى.

5. جەۋات ھەيئەت، «تۈركلەرنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر»، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1996 - يىل نەشرى.

7. ئىبراھىم كافەسئوغلۇ، «ئاسىيا تۈرك دۆلەتلىرى»، «مەدەنىيەت ۋە تەشكىلات»، «تۈرك دۇنياسى» مەجمۇئەسى يانچۇق كىتابى.

9. ل. لىگەتى، «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا»، ئەنقەرە، 1986 - يىل نەشرى.

10. باھائىددىن ئۆگەل، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، ئەنقەرە، 1984 - يىل نەشرى.

11. مۇھاددەرە ئۆزئەردىم، «چىن مەنبەلىرىدىكى چىن تۈركىستان شەھەرلىرى»، 1950 - يىل نەشرى.

12. ئابدۇلكەرىم راھمان، «ئۇيغۇر فولكلورى»، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1996 - يىل نەشرى.

13. ھېرۋې روسسۇ، «دىنلار»، رەمزى نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1970 - يىل نەشرى.

14. نىھات شىشلى، «ئېكىئولوگىيە»، ئەنقەرە، 1996 - يىل نەشرى.

15. ئورخان تۈركدوغان، «تۈرك تارىخىنىڭ ئىجتىمائىيىتى»، ھەسرەت نەشرىياتى، ئەنقەرە.

(تۈركچە «ياۋرو - ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» مەجمۇئەسىنىڭ
2000 - يىللىق 4 - سانى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن غەرب ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچتى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلدى ھەمدە بۇ جايلاردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ (كەنسۇ) ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار (خاقانىيە) خانلىقى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خاندانلىقنى قۇرۇپ چىقتى. نۆۋەتتە يۇقىرىقى خاندانلىقلار ئىچىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقى خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ئۈستىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئۈستىدىكى نەسەبنامە تەتقىقاتى ماتېرىياللارنىڭ چەكلىكلىكى، خاقانلار نەسەبنامىسىنىڭ ئۆز ئارا باغلانماسلىقىغا ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، مەزكۇر ماقالىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ھەرقايسى خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىمىز.

*1. پان تېكىن*

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خانلىقنىڭ مۇھىم يولباشچىلىرىدىن بولغان پان تېكىن 15 قەبىلىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى باشلاپ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا كۆچكەن ھەمدە ئىلگىرى بۇ جايلاردا ياشىغان قارلۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 856 - 857 - يىللىرى، ئۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى باشلاپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئاگنى (قاراشەھەر) رايونىغا بېسىپ كىرگەن ھەمدە ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي جەنۇبقا كۆچكەن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى ئۆگە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار خاقانسىز قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا، پان تېكىن ئۆزىنى دەرھال خاقان دەپ جاكارلىغان. ئاگنىدىكى يۇلتۇز دەريا ۋادىسى خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەركىزى بولغان. خانلىقنىڭ شەرقتىكى تېررىتورىيىسى تاكى بوغدا تېغىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ جايلاردا پان تېكىنگە قاراشلىق 20 تۈمەندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى بولغان. بۇ ھال كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. دېمەك، پان تېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر خانلىقنىڭ[7] تۇنجى خاقانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*2. بۆكۈ تېكىن*

بۆكۈ تېكىن - بەزى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماتېرىياللىرىدا «بۇقا تىكىن»، «بۇقۇجۇن»، «بارغۇت تېكىن»، «بۆكۈجۇن»، «بۇقاخان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى خاقان پان تېكىن بىلەن بولغان ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى تازا ئېنىق ئەمەس. 9 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى، بېشبالىق ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار بۇ يولباشچىنىڭ رەھبەرلىكىدە تارقاق باسمىلار بىلەن بىرلىشىپ تىبەتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيە 866 - يىلى بۆگۈتېكىن ئۇيغۇر ۋە باسمىل قەبىلىلەرگە يېتەكچىلىك

قىلىپ، تىبەتلەرنىڭ ئىلكىدىكى بېشبالىق، رۇمچە (ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى)، قوچو (ھازىرقى تۇرپاندىكى قاراغوجا) قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە قوچو ۋە بېشبالىقنى مەركەز قىلىپ، قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ جايلاردىكى تىبەتلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى شاڭ كوڭرېنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، تارقان مىغار تاش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتىلگەن. بۆگۈتېكىن ئۆزىنى باسمىلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە «ئىدىقۇت» (بەخت ئىگىسى) دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن بۆگۈتېكىن قۇرغان خانلىق «ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى» (بەزى مەنبەلەردە «غەربىي ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى»، «ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى»، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «تاغازغاز»، «توقۇز ئوغۇز» دېگەندەك ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان) نامى بىلەن ئاتالغان. ئومۇمەن، بۆگۈ تېكىن پان تېكىن قۇرغان خانلىقنىڭ ئاساسىدا رەسمىي تۈردە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. شۇڭا، بۆگۈتېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*3. ناگارۋىش*

ناگارۋىش ئەينى دەۋردىكى كۈسەن خاقانى. ئۇنىڭ بۆگۈ تېكىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە قوش خانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، قوچو ۋە بېشبالىق چوڭ خانلىقنىڭ مەركىزى، كۈسەن چوڭ خانغا قاراشلىق كىچىك خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان. كۈسەن خانى يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە بولۇپ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان. ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى بولسا قوچودىكى چوڭ خان ئىدىقۇتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باشقۇرغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۈسەن تەزكىرىسى» ۋە «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» دا بۇ ھەقتە: «كۈسەن ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بىر تارمىقى. ئۇلار «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى»، «غەربىي ئايماق كۈسەن ئۇيغۇرلىرى»، «كۈسەن ئۇيغۇرلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ ...»، «شيەنپىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى 2 - ئايدا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كۈسەن خانى ناگارۋىش ئەلچى ئەۋەتىپ سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ئات، تۆگە، خەنجەر ۋە سىرلىق ئەسۋابلارنى ھەدىيە قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇنىڭغا جاۋابەن ئەلچى ئارقىلىق خاقان ناگارۋىشقا بىر توپ تاۋار - دۇردۇن، 200 سەرلىك كۈمۈشتىن ياسالغان ھاراق ئەسۋابلىرى، بىر ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بويۇملارنى سوۋغا قىلدى .........» دېگەندەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە كۈسەن خانى گەرچە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن تاشقى دىپلوماتىيە ئىشلىرى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان. بۇ ھەقتە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بار.

*4. پراجىنياتالوي*

پراجىنياتالوي ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى كۈسەن خاقانلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ناگارۋىش بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە بېغىشلانغان بەزى مەنبەلەردە پراجىنياتالوي تۆت قېتىم كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسسالار» دا: «تيەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1017 - يىلى) 4 — ئايدا، خاقان پراجىنياتالوي ئەلچى جاڭ فۇيەننى قاشتېشى، ئات ۋە دورا - دەرمەكلەرنى تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتتى؛ 6 - ئايدا جاڭ فۇيەن قاتارلىقلار تەبىئىي قاشتېشى، بىر ئات، قاشتېشىدىن ياسالغان ئىگەر ۋە يۈگەن ھەدىيە قىلدى؛ تيەنشىڭنىڭ 4 — يىلى (1020 - يىلى) 12 - ئايدا، ئارسلانخان پراجىنياتالوي ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي ھەدىيە قىلدى؛ تيەنشىڭنىڭ 2 - يىلى (1023 - يىلى) 4 - ئايدا، خاقان پراجىنياتالوي ئەلچى ئارقىلىق تۆگە، ئات، مەستىك، قاشتېشى قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلدى؛ تيەنشىڭنىڭ 9 - يىلى (1031 - يىلى) 1 - ئايدا، كۈسەن خاقانى پراجىنياتالوي لى يەنچىڭ قاتارلىقلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ داڭلىق ئات، مەستىك ۋە نۈشۈدۈر قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى» دېگەندەك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. لېكىن بۇ

دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چوڭ خاقانى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق.

*5 . بىلگەتېكىن*

بىلگەتېكىن 12 - ئەسىرنىڭ 20 - 30 - يىللىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا قەيت قىلىنىشىچە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇرجىتلارنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن شۇ دەۋر ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. 1123 - يىلى جۇرجىتلارنىڭ لياۋ سۇلالىسى پايتەختى يەنجىڭنى ئىشغال قىلغان. ئىككىنچى يىلى خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن خاقان تيەنزۇ بىلەن سىياسىي كۆزقاراش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەي قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ قاچقان ھەمدە 1130 - يىلى 2 - ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېرىتورىيىسىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئىدىقۇت خاقانى بىلگە تېكىنگە، كىدانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ئىناق ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېرىتورىيىسىدىن ئۆتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ھال خاقان بىلگە تېكىننى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. نەتىجىدە بىلگەتېكىن ياللۇغ تاشىننى بېشبالىق شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا 600 ئات، 100 تۆگە، ئۈچ مىڭ تۇياق قوي تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز تېرىتورىيىسىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلغان.

*6 . ئىسان تېمۇر*

ئىسان تېمۇر غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى. ئۇنىڭ بىلگەتېكىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ خاقانلىق تەختىدىكى ۋاقتىدا قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاگىنىدىن ئالاھىدە يۆتكەپ كېلىپ زالىم ھېكىملىك مەنسىپىگە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىش - ئىزلىرى توغرىلىق ئارتۇقچە مەلۇمات يوق.

*7 . بارچۇق ئارت تېكىن*

بارچۇق ئارت تېكىن ئىسان تېمۇرنىڭ ئوغلى. ئۇ بۇ چاغدا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. بۇ چاغدا قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قاراتقان ئېكسپلاتاتسىيىسى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشقان. بۇ ھال ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇللارغا بولغان مايىللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1209 - يىلى خاقان بارچۇق ئارت تېكىن قاراقىتانلارنىڭ قوچودا تۇرۇشلۇق دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى قاراقورۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1211 - يىلى، تەكلىپكە بىنائەن قاراقورۇم شەھىرىگە كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. چىڭگىزخان ئۆز قىزى ئالتان بېكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن بارچۇق ئارت تېكىن ئەسلىدىكى خوتۇنىنىڭ كۈندەشلىك قىلىشى سەۋەبىدىن، چىڭگىزخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان. خاقان بارچۇق ئارت تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1218 - يىلى چىڭگىزخان 2 تۈمەن كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى كۈچلۈكنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەندە، بارچۇق ئارت تېكىنمۇ 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1219 - يىلىغا كەلگەندە، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى كەنت، خارەزىم، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە ئىراندىكى مەرۋى، نىشاپور شەھەرلىرىگە قارىتا جازا يۈرۈش ئۇرۇشىنى باشلىغان. بۇ ئۇرۇشقا بارچۇق ئارت تېكىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ باشتىن - ئاخىر تولۇق قاتناشقان ھەمدە تامامەن ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان. شۇڭا، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىن

باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى: «ئىنتىزامى ناھايىتى كۈچلۈك، تەگدىشى يوق بىر قوشۇن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بارچۇق ئارت تېكىننىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان ئالابارس باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى 1219 - يىلىدىكى كاشغەر، خوتەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇيغۇر قوماندانلىرىدىن يۇلۇن تېمۇر، بۇلۇق، گەسمەرى قاتارلىقلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. 1223 - يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بارچۇق ئارت تېكىنمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخان بىلەن بىللە تاڭغۇتلارغا قارشى جەڭ قىلغان. ئومۇمەن، بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشتىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىن خاقانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھەمدە مىراس تەقسىم قىلىشتا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرمىگەن.

*8. جۇشمەس (قۇسمايىن)*

جۇشمەس بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى. بارچۇق ئارت تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇشمەس ئوگداي خاننىڭ ھۇزۇرىغا تەزىيىگە بارغان. ئوگداي خان بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇشمەسنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلىگەن ھەمدە ئۆز قىزى ئارغۇن بېكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. خانىش نايمانجىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا، جۇشمەس ۋاپات بولغان. خاقان جۇشمەس ھەققىدە «تارىخى جاھان كۇشاي»، «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە ئانچە - مۇنچە خاتىرىلەر بار.

*9. سالۇن تېكىن*

سالۇن تېكىن جۇشمەسنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى. ئۇ ئوگداي خاننىڭ تول خوتۇنى تۇرگېنە خاتون نايىب خانلىقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1251 - يىلى تولىنىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈ موڭغۇللارنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا، سالون تېكىن يەنىلا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى سۈپىتىدە خاننىڭ ئوردىسىغا تەزىيىگە بارغان. بۇ چاغدا، مۆڭگۈخان ئۆز رەقىبى بولغان ئوگداي جەمەتلىرىنى ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بېشبالىق شەھىرىدىكى «سالون تېكىن بېشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان بېرىپتۇ» دېگەن ئېغۋانى باھانە قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوگرۇنچ تېكىننى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يېڭى خاقانلىقىغا تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئوگداي جەمەتىگە يېقىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتكەن.

*10. ئوگرۇنچ تېكىن*

ئوگورۇنچ تېكىن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى. سالۇن تېكىننىڭ ئىنىسى. جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە زىكىر قىلىنىشىچە، ئىدىقۇت (خاقان) سالۇن تېكىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوگرۇنچ تېكىن مۆڭكۈخاننىڭ ھۇزۇرىغا تەزىيىگە بارغان. مۆڭگۈخان ئۇنى ئاكىسىنىڭ خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا قويغان. بۇ ئىش مىلادىيە 1252 - 1253 — يىللىرى يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۆڭگۈخان بىلەن ئوگداي جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۆرەش ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىگىمۇ تۇتىشىشقا باشلىغان.

*11. مامۇراق تېكىن*

مامۇراق تېكىن «قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى» دا تىلغا ئېلىنىشىچە. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى ئوگرۇنچ تېكىننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئوگرۇنچ تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. مىلادىيە 1258 - يىلى مۆڭكۈخان نۇرغۇن قوشۇنغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھازىرقى چاڭجياڭ

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ، مەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ خىجۇ ئايمىقىدىكى دياۋ يۈسەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە بىلەن قايتقان ھەمدە مۆڭكۇخاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. مۆڭكۇخان ۋاپات بولغان (1259 - يىلى) دىن كېيىن، ئۇ يەنە قۇبلاي خان بىلەن بىرلىشىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىدە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

*12. قوچقار تېكىن*

قوچقار تېكىن مامۇراق تېكىننىڭ ئوغلى. ئۇ 1266 - يىلى قۇبلاي خاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان ھەمدە قۇبلاي خانغا يېقىندىن ماسلىشىپ، قايدۇ ۋە دۇۋالارغا قارشى جەڭ قىلغان. 1270 — يىلى، قايدۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، قوچقار تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇبلاي خاننىڭ قوشۇنلىرىغا قېتىلىپ بىرلىكتە جەڭ قىلغان ھەمدە قايدۇنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1275 - يىلىغا كەلگەندە، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۇۋا ۋە قايدۇ 12 تۈمەن كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ قوچو شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان قوچقار تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ قوچو شەھىرىنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەسۇرلۇق بىلەن ساقلاپ قالغان. لېكىن ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاخىر قوچو شەھىرى قولدىن كەتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن، قۇبلاي قوچقار تېكىنگە ئۆگدايىنىڭ نەۋرىسى باھار بېكىنى ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى بىر تۈمەن يامبۇ كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، خاقان قوچقار تېكىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي پايتەختنى قوچودىن قۇمۇلغا يۆتكىگەن. لېكىن قايدۇ يەنە بىر قېتىم زور قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ تاكى ئۆلگۈچە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە قۇمۇل شەھىرىمۇ قولدىن كېتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى نۆرىن تېكىن ئۆز ئائىلىسىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ يوڭچاڭ تەۋەسىگە كۆچۈپ ماكانلاشقان.

*13. نۆرىن تېكىن*

نۆرىن تېكىن قوچقار تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ 1308 - 1318 - يىللىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. قوچقار تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى باشلاپ يوڭچاڭغا كۆچكەن ھەمدە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن باشتىن - ئاخىر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. قۇبلەي خان ئۇنى ئالاھىدە ئىززەتلەپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەلىكە بورھان بىكە ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانى خوتۇنلۇققا بەرگەن. يۈەن رېنزۇڭ دەۋرى (1312 - 1321) دە بۇرۇنقى ئادەت بويىچە، نۆرىن تېكىن قايتىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلەنگەن. پادىشاھ يۈەن رېنزۇڭ ئۇنىڭغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل ئالتۇن تامغا تارتۇق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان ۋەزىر تەيىنلەپ بەرگەن. مەلىكە باباچا ئۆلگەندىن كېيىن، يۈەن رېنزۇڭ قۇبلاينىڭ نەۋرىسى ئانەنداننىڭ قىزى ئوراجىننى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە، نۆرىن تېكىن يەنە «ئالتۇن جۇلالىق تۆرە، خانلىق مۆئەككىلى» ئۇنۋانى بىلەن، ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇننى تىبەت رايونىغا باشلاپ كىرىپ، ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي يوڭچاڭدىن قوچو شەھىرىگە قوشۇن باشلاپ چىقىپ، بۇ جايدا يېڭىدىن ئۇيغۇر شەھىرى سالدۇرغان. 1318 - يىلىغا كەلگەندە ۋاپات بولغان.

*14. تېمۇر بۇقا*

تېمۇر بۇقا نۆرىن تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى، ئوگداينىڭ نەۋرىسى مەلىكە باباچادىن تۇغۇلغان. ئۇ ۋەلىئەھدى كۆتىننىڭ نەۋرە قىزى ياسمەننى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىشىك ئاغالىق مەنسىپىدە تۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت

خانلىقىنىڭ خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە گەنجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىدا تۇرۇشلۇق يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالىي باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. كېيىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، دىۋان ۋەزىرى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، قارادىۋان مىرزىسى، زوراباغالىق بېگى، دىۋان پۈتۈكچىسى، سول قول ۋەزىرى، ۋەلىئەھدىنىڭ ھەرەم ئىشلىرى ئەمەلدارى، ئوردا باش تەپتىشبېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان.

*15. سەڭگى تېكىن*

سەڭگى تېكىن نۇرىن تېكىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئوگداي خاننىڭ نەۋرە قىزى مەلىكە باباچادىن تۇغۇلغان. «قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى» دا خاتىرىلىنىشىچە، تېمۇر بۇقا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئىنىسى سەڭگىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا قويغان ھەمدە پادىشاھ مىڭزۇڭدىن ئىنىسىنى «سەڭگى تېكىن» نامىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ رەسمىي خاقانلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ مىڭزۇلار بۇرۇنقى ئادەت بويىچە تېمۇر بوقانىڭ ئىنىسى سەڭگى تېكىننى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن سەڭگى تېكىن تاكى 1331 - يىلىغىچە خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

*16. تايپان (ئاسايىش تېكىن)*

تايپان نۇرىن تېكىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، قۇبلاي خاننىڭ ئەۋرە قىزى مەلىكە ئۇلانجىندىن تۇغۇلغان. «قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى» دا بايان قىلىنىشىچە، سەڭگى تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى تايپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا زىكىر قىلىنىشىچە، سەڭگى تېكىن 1331 - يىلى ئىنىسى تايپاننى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ۋاپات بولغان. تايپان مىلادىيە 1335 - يىلىغىچە خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

*17. يۇر تېمۇر*

يۇر تېمۇر تايپاننىڭ ئوغلى. ئۇ خاقان تايپان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1352 - يىلى 4 - ئايدا، يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈندىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بىللە شياڭياڭ، نەنياڭ، دېڭجولارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان ھەمدە بۇ جايلاردىكى شۇ شۇۋخۇي باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغان. يۇر تېمۇر خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىل يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى بولغاچقا، ئۇ ئاساسەن خېنەن، شياڭياڭدىن ئىبارەت ئىككى يولدا تۇرۇپ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

*18. ساڭگا*

ساڭگا - خاقان يۇر تېمۇرنىڭ ئوغلى. ئۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى. «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا، يۇر تېمۇرنىڭ تايپاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، يۇرتېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى ساڭگانىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شۈندىخان تەزكىرىسى» دە، 1353 - يىلى خاقان يۇر تېمۇرنىڭ نەنياڭدا ئۆلگەنلىكى، ئورنىغا ئوغلى ساڭگانىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. لېكىن ساڭگا خاقانلىق تەختىگە چىققان مەزگىلدە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئاللىبۇرۇن نامىدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق خاندانلىققا ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، ساڭگامۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى بولۇپ قالغان.

---

مۇھىم مەنبەلەر:

① فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولو، موگۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن

قىسقىچە مەلۇمات» ، 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل (خەنزۇچە) نەشرى

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات گورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى

③ ئەن بو جيەنفۇ: «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل (خەنزۇچە) نەشرى

④ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى

⑤ د. ئى. تىخونوۋ: «X - XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» (رۇسچە) ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «پەنلەر» نەشرىياتى» ، 1966 - يىلى موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى

⑥ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گورۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى

⑦ چىڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» ، خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 3 - ئاي بېيجىڭ (خەنزۇچە) 1 - نەشرى

⑧ ئا. گ. مالياۋكىن: «IX - XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى

⑨ قاھار بارات، ليۇيىڭشىڭ: «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 1 - سان

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ئىدىقۇت — ئەسلى ئالتىنچى ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى ئالتۇن بالىق (جىمسار) تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن قوچو ئۇيغۇر ئۇلۇغ خانلىقىنىڭ خانى ئىدىقۇت نامىنى ئۆزىگە ئۇنۋان قىلىش بىلەن يات ئەتكەن. ئىدىقۇت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بەخت ياراتقۇچى، بەخت ئىگىسى، مۇقەددەس، قۇتلۇق دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، 866 - يىلدىن ئىلگىرىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتاش تارىخقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

# ئىمىن خوجىنىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ھەققىدە

ماموت غازى



ئىلگىرىكى ماقالامدا ئىمىن خوجىنىڭ غۇلجىدا ھاكىمبەگ بولۇپ ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ئۈستىدە قىسقا توختالغان ئىدىم. تۆۋەندە ئىمىن خوجىنىڭ قەشقەردە ھاكىمبەگ بولۇپ ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىلىنىڭ سۈيدۇڭ كۆرەدە قۇرغان جىياڭجۇن (سانغۇن) مەھكىمىسى 1762 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈپ ئىش باشلايدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى قىلىنغان بۇ ئورۇنغا پادىشاھ چىيەنلۇڭنىڭ تەستىقى بىلەن مىڭ رۈي (مانجۇ) نى مەھكىمە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلى شەھرىدە مۇسۇلمان ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «ئىلى گۇڭ بەگلىكى» مەھكىمىسى قۇرۇش پىلانلىنىپ بۇنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ 3 - ئوغلى مۇسا بەگنى بەلگىلەيدۇ. مۇسا بەگ خوتەندىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردىن ئۈچ يىل غۇلجىغا ئائىلە كۆچۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ چىيەنلۇڭنىڭ 31 — (1766 - يىلى) 9 - ئايدا كېسەل بولۇپ غۇلجىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئورنىغا مۇسا بەگنىڭ ئىنىسى ئىمىن خوجىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئورانزىپ تەيجى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىپ شىنخەي ئىنقىلابىغىچە (ئارىلىقتا يەرلىكتىن تەيىنلىگەن ئۈچ كىشىنى) ھېسابقا ئالمىغاندا بىر جەمەتتىن 9 كىشى 140 يىل ھاكىم بەگلىك ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

ئەمما قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 1758 - يىلدىن 1761 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جەنۇبى شىنجاڭدا خوجا بۇرھانىدىن، خوجا جاھانلارنىڭ قوراللىق ئاسىيلىق قىلىش ۋەقەسى، قەشقەر، يەكەنلەردە ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقان ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، جەنۇبى شىنجاڭنى تېنچلاندۇرۇپ خەلقنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۇرۇش جەريانىدا ئىمىن خوجا سۇلايمان، مۇسا، ئورانزىپ ئۈچ ئوغلىنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي قوماندان جاۋخۇمى — فۇدىيلەرگە ياردەملىشىپ قەشقەر، يەركەنلەردە ئالمىشىپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ. پادىشاھ چىيەنلۇڭ ئىمىن خوجىنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن ساداقەتمەنلىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، 1758 - يىلدىن 1759 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىمىن خوجىغا ئارقا - ئارقىدىن ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بەگ، فۇگوگۇڭ، بەيلى، بەيسى مەرتىۋىسىنى بېرىپ ئاخىرى ئۇنى جۇنۋاڭ - ئىشانچى خانلىق مەرتىۋىسىگە مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئوغۇللاردىن سۇلايمان بىلەن مۇساغا «بەگ» لىك مەرتىۋىسىنى، ئورانزىپقا ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدىغان كىشى ئىشانچى خانلىقتا ئىز بېسىپ كېيىن تەيىنلىنىدىغان، ئۇنىڭ بەگلىك ئىشىنى باشقا كىشى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى.

1. ئىسكەندەر ئىمىن خوجىنىڭ 6 - ئوغلى چىيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (1779) يىلى ئىشانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئىشانچىخانلىقنى ئىنىسى سەيپۇللا ۋاكالىتەن باشقۇرغان. ئىسكەندەر قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن قەشقەردىكى ھاكىمبەگ ئورنىغا ئورۇنلىشىپ ھاكىمبەگلىك خىزمىتىنى باشلايدۇ. ئىسكەندەر ناھايىتى بىلىملىك ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلق ئاممىسى بىلەن تونۇشۇپ ھاكىمبەگلىكنى يۈرگۈزۈش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىيلەرگە يېقىندىن ماسلىشىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ شەھەردىكى گۇماشتىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ — تالاڭ قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ،

ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سالىدىغان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتىنى مال ـ مۈلكىنى قوغداش كۆرەشلىرىدە خىزمەت كۆرسىتىپ چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا ۋە نەچچە نۆۋەت تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار يۇرت كاتتىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇلارنىڭ ھاكىمبەگلىكنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا بەرگەن پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ تەلىپىنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلىپ بېرىپ كەلگ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسكەندەر ھاكىمبەگ ياخشى، ئادىل كىشى ئىكەن دېگەن باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

بۇ چاغلاردا ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن باشقا جايلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىدىنى تۇرپان ئاستانىغا ئېلىپ كېلىپ «ئەلپەتتاھ» (كۆپ ئىسلام ئاچقۇچى) خوجام مازىرىدىكى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىلىدىغان ۋاڭلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلاتتى. بۇنىڭغا ئېلى خەلقى قارشى تۇرغانلىقتىن بۇ قائىدە ئەمەلدىن قالىدۇ. ئىسكەندەر ھاكىمبەگمۇ بۇنىڭدىن كېيىن، تۇرپانغا جەسەت ئاپارماسلىق ئۈچۈن ھىجرىيە 1224 ـ يىلى (مىلادىيە 1809 ـ 1810 ـ يىلى) قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆزى ئۈچۈن ئاپاق خوجا گۈمبىزىگە ئوخشاش ھەشەمەتلىك بىر گۈمبەز ياساتماقچى بولغاندا بۇنىڭغا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ پىكرى چىقىدۇ. ئىسكەندەر ھاكىمبەگ ئۇلارنى يىغىپ كېلىپ: «كۆپچىلىك مەن ئۆلسەم قەشقەر دىيارىدا ياتاي دەپ بۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىپتىمەن، ئەمدى ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولماس، شۇڭا گۈمبەزنى ئاق گەج سۇۋاپ (سىپاپ) ياستاي، ئۈستىگە ياتقۇزۇدىغان كاھىش (سىرلىق رەڭلىك قىش) نىڭ پۇلىنى ھېيتگاھ جامەسىگە ياردەم قىلاي،» دېگەندە بۇ سۆزگە كۆپچىلىك قوشۇلۇپ ئالقىشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامەنىڭ ئىچىگە كۆل كولىتىپ، سەمەن يېزىسىدىن بىر ئېرىق سۇ باشلاپ كېلىپ جىرىم قويۇپ گۈزەللەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىسكەندەر ھاكىمبەگنىڭ ئىسمى ھېيتگاھ جامەسىگە ياردەم قىلغۇچى 6 — كىشى دەپ خاتىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ جامە تىلغا ئېلىنسا ئۇنىڭ نامىمۇ تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسكەندەر (قەشقەرگە 31 يىلدىن كۆپرەك ھاكىمبەگ بولۇپ ئىشلەپ ھىجرىيە 1225 — يىلى (مىلادىيە 1810 ـ 1811 ـ يىلى) قەشقەر شەھىرىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ ئۆزى ياساتقان گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ گۈمبەز ھازىرغىچە ئاق مازار دېگەن نام بىلەن قەشقەر باغچىسىنىڭ شەرقىدە مەخسۇس ئاسارە ئەتىقىلار قاتارىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا.

(تۆۋەندە ئىسكەندەر ھاكىمبەگنىڭ قەشقەردىكى مەقبەرىسى — ئاق مازار)



Turpanological Research

2. يۈنۈس ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى، ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى، 1811 — يىلى ئىنانچىخانلىق مەرتىبىسىگە ئېرىشىپ، شۇ يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ئىشلىگەندىن كېيىن خىزمەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ هاكىمبەگلىكتىن قالدۇرۇلۇپ، تۇرپاندىكى ئاپىسى خەلىچە خېنىمنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

3. فەرىدۇن ئىمىن خوجىنىڭ 7 - ئوغلى هىجرىيە 1229 - يىلى (مىلادىيە 1814 — 1815 — يىلى) ئىنانچىخانلىق مەرتىبىسىگە ئېرىشىپ قەشقەرنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن، ئۇ قەشقەرگە مېڭىش ۋاقتىدا ئاكىسى نۇرمۇهەممەت ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ يېتىم قالغان ئوغلى زوهۇرىدىننى ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ قەشقەردە ئوقۇتىدۇ. 1980 - يىللاردىن هازىرغىچە «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا بېسىلغان زوهۇردىن هاكىمبەگكە ئائىت تارىخىي ماقالىلەردە زوهۇردىدىن فەرىدون خوجىنىڭ ئوغلى، ئۇ قەشقەردە تۇغۇلغان، قەشقەر شەهىرىدە ئوقۇغان دەپ يېزىلىشى بۇنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك. فەرىدۇن ۋالىڭ ناهايىتى قاۋۇل، گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، كىشىلەرگە سىپلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، مۇسۇلمانچىلىقى كۈچلۈك كىشى بولۇپ، قەشقەرگە كېلىپ هاكىمبەگلىك ئورنىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن شەهەردىكى هەر ساهە كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن تونۇشىدۇ. قەشقەر شەهىرىدىكى مەسچىت - مەدرىسىلەر ۋە ئەينى چاغدىكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى كۆرۈپ، قەشقەر خەلقى ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ ئۆمرى يار بەرمىگەنلىكتىن ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي ئىككىنچى يىلى 9 - ئايدا كېسەل بىلەن قەشقەردە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا: 1905 - يىلى لۈكچۈندە يېزىلغان قوليازمىدا «هەزرىتى فەرىدۇن هاكىمبەگ ئەلەيهى رەهمە هاياتلىقلىرىدا پەرزەنتى مۇهەممەد سىيىت هاكىمبەگ ياركەنت شەهىرىگە هاكىملىق ئالغان ئىدىلەر. ئۇنىڭ پەرزەنتى كۆڭۈل خۇرسەندىلىرى ئەفرىدۇن هاكىمبەگ تېخى كىچىك ئىدى. بۇ ئەسنادا مۇهەممەد سىيىت هاكىمبەگكە خەۋەر يېتىپ كاشغەر ئۆزرە ئېيىتىپ كەلدىلەر. ئاخۇنلار بەدەنلىرىنى يۇيۇپ كىپەنلەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يىغا - زارە بىلەن جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ ئاپپاق خوجا ئاستانىلىرىگە ئېلىپ كېلىپ گۇمبەز ئىچىگە دەپنە قىلدىلەر» دەپ يېزىلغان.

4. مۇهەممەد سىيىت فەرىدون هاكىمبەگنىڭ ئوغلى، ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى. جياچىڭنىڭ 22 - يىلى (مىلادىيە 1817 - يىلى) ئىنانچىخانلىق مەرتىبىسىگە ئېرىشىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلارغا ۋە هەربىيلەرگە يېقىندىن ماسلىشىپ، هاكىمبەگلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيدۇ. بۇ چاغلاردا قەشقەردىكى ئاقتاغلىق خوجىلاردىن خوتەنگە قېچىپ كەتكەن سامساق خوجىنىڭ ئوغلى جاهانگىر خوجا چېگرىدىن ئۆتۈپ، نەچچە قېتىم قورالىق ئېغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرغاندا مۇهەممەد سىيىت هاكىمبەگ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاه جياچىڭنىڭ ئۈچ قېتىم تەقدىرلىشىگە ۋە خان ئوردىسىغا ئەركىن كىرىپ چىقىش ئالاهىدە مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

1826 — يەلى 7 - ئايلاردا جاهانگىر خوجا قىرغىز، ئويرات قاتارلىق نەچچە مىللەتتىن توپلانغان تۆمەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چېگرىدىن ئۆتۈپ قەشقەر شەهىرىگە هۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا مۇهەممەد سىيىت هاكىمبەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ تاجاۋۇزچىلار بىلەن قەهرىمانلارچە ئېلىشىدۇ. بىراق 9 - ئاينىڭ ئاخىرى قەشقەر كونا شەهەر، ئارقىدىنلا يېڭىشەهەر قولدىن كېتىدۇ. بۇ چاغدا كونا شەهەردە قوللىرىدا توقماق كالتەكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ كىشىلەر زالىم ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرەيلى دەپ ۋارقىرىشىپ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتۇۋالغان ۋە كوچىدا ئۇچرىغان ئەمەلدالارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇ چاغدا مۇهەممەد سىيىت هاكىمبەگمۇ ئۆز ئوردىسىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئوغلى بار ئىدى



Turpanological Research

دەپ ئىزدەپ كىرگەندە، ئات باققۇچى بوۋاي ئەسكى چاپان، كونا توماقنى كەيدۇرۇپ قويغان زوھورىدىننى كۆرسىتىپ، «ئۆزۈم قېرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ما بالىنى ئات بېقىشنى ئۆگىتەي دەپ 15 كۈن بولدى يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. يېتىم بالا، جىنىغا رەھىم قىلىشقايلا.» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ، ئەنجانغا بارىدىغان ئىشلەمچىلەرگە قوشۇپ قەشقەردىن قاچۇرۇۋېتىدۇ.

5. زوھورىدىن ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەد بالىسى، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى ئالدىدا تۇغۇلغان. ئاتىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. زوھورىدىن كىچىكرەك، ئەمما ھۇشيار بالا بولۇپ، دادىسى ئىمىن خوجا ۋە ئوردا خادىملىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئارقىسىدا لۈكچۈندە ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقىرىۋالىدۇ. تاغىسى فەرىدۇن ۋاڭ قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەندە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ قەشقەر شەھىرىدىكى يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتىدۇ. فەرىدۇن ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سىيىت ھاكىمبەگلىككە ئولتۇرغاندا خىزمەتكە قاتنىشىدۇ. مۇھەممەد سىيىت ئۆلتۈرۈلگەندە زوھورىدىن ئات باققۇچى بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئەنجانغا قېچىپ بېرىپ تاشكەنت بۇخارا، سەمەرقەنت، قوقەند قاتارلىق جايلاردا ئىككى يىل مۇساپىر بولۇپ، سەرسانلىق سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. ئاخىرى چۆچەككە قايتىپ كېلىدۇ. چۆچەك ھاكىمبېگى، چۆچەك ۋالىيلىقى زوھورىدىننى نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن بىر پارچە ئالاقە بىلەن ئىككى كىشىنى قوشۇپ غۇلجىدىكى جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە يولغا سالىدۇ. ئۇنىڭ لۈكچۈندىكى ئەۋرىلىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ مەھكىمىگە بارماي ھەمراھلىرىدىن يوشۇرۇن ئايرىلىپ غۇلجىدا ئىككى يىلدەك جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى ئۇ، تاغىسى مۇھەممەد سىيىتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۆڭلىدە ئەمەل تۇتماسلىققا ۋەدە قىلغانىكەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىپلا يازغان شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن.

«كېلىپ كاشغەرگە تۇرۇپ غەم بىلە،
يارانلار ئۈچۈن بەلكى ماتەم بىلە،
كى تەقدىرگە بەندەدە چارە يوق،
بېكىملەرگە يەتتى چو ئەرزىمەندىلىك،
ماڭا چۈن يېتىپ ئۇسرۇ شەرمەندىلىك،
جاھاندا خىجالەتتە قالدىم نىتەي،
بۇ شەرمەندىلىك بىرلە ئاخىر كېتەي.①»

ئاخىر مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەشقەرگە بارماسلىق توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگە ئېتىبار قىلماي ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ ئەۋەتىدۇ.

زوھورىدىن ھاكىمبەگ ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خاتالىقلارنى تۈزۈتۈپ بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمبەگلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ يولغا قويغان خىزمىتى قەشقەرنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن ھەر ساھە كىشىلىرى بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلايدۇ. بىلىم ئەھلىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاتاقلىق ئالىم شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن دىن ئايرىلىشىپ ئۆتىدىغان شارائىتتا شەرىئەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاتاقلىق ئۆلىما مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنى باش قازىلىققا تەيىنلەيدۇ. ئۇ ئارقىلىق مەسچىت - مەدرىسلەرنى رەتكە سېلىپ، ئەينى چاغدا ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان مەدرىسلەردىكى ئوقۇتقۇچى (مۇدەررىس)، ئوقۇغۇچى (تالىپ) لارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نىزارى، نورۇز كاتىپ باشچىلىقىدا بىلىم ئەھلىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلارنى ھەر ساھە بويىچە كىتاب يېزىپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە زوھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ يازغان شېئىرىغا نەزەر سالايلى:

دېدى تە ئېلىپ ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،
خالايىق دىماغىگە يەتكۈز گۈلاپ،
بارى ھۆر پەرى سۆزلىرىنى قىل تامام،
كى نەزم ئەيلەگىل ئاڭلىسۇن خاس ئام،
داغى ئەيلەگىل بىر نەچچە مەئىرىپەت،
شەرىئەت بايانىنى ھەم زاھىر ئەت،
جاھان ئەھلى مەككارلىق قىلمىسۇن،
ھۇنەر ئىچرە غەردارلىق قىلمىسۇن،
ھاۋا ۋە مەنئىيەتنى تەرك ئەيلىسۇن،
ھەمىشە شەرىئەت يولىنى ئىزدىسۇن.

دېمەك، زوھورىدىن ھاكىمبەگ قەشقەرنىڭ 19 ئەسىردىكى پەن ـ مەدەنىيەت مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپرەك ئىزدەنمەكچى بولسىڭىز (ئابدۇرېھىم نىزارى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز).

زوھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەر خەلقىگە قىلىپ بەرگەن ئىككىنچى چوڭ ئىشى، قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاۋۋالقى قەشقەر شەھىرى شىنجاڭدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، سودا تىجارەت ئىشلىرى تەرەققى قىلغان مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما ئىگىلىگەن ئورنى كىچىك بولغاچقا دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بۇ چوڭ ئىشقا چەت ئەللەردە يۈرۈپ كۆپنى كۆرگەن زوھورىدىن ھاكىمبەگ جۈرئەت قىلىپ، بۇ شەھەرنى ئىلگىرىكىدىن تۆت ھەسسە چوڭلۇقتا كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ باشچىلىقىدا شەھەر قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، 1839 ـ يىلى قۇرۇلۇشنى باشلايدۇ. ئەمما سېپىل سوقۇپ شەھەرنى ئىچىگە ئېلىش چوڭ قۇرۇلۇش ئىشى بولغاچقا، بۇ ئىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەر زېمىن قورۇ جايلىرىغا چېتىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئاپاق خوجا(ھىدايىتۇللا) مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن تۇردى شەيخ دېگەن كىشى شەھەر قۇرۇلۇشىغا قارشى چىقىپ زوھورىدىننى ھاقارەتلەپ پىكىر قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھاكىمبەگ ئاۋۋالقى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ سېپىلنى تۇردى شەيخ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سوقۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى بىر يىلدا پۈتىدۇ. گەرچە كۆلىمى پىلاندىكىدىن كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ ئاۋۋالقى كونا شەھەردىن بىر ھەسسە چوڭ يېڭى قىياپەتتىكى قەشقەر شەھىرى بارلىققا كېلىدۇ.

مەن 1939 ـ يىلى قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تارىخ مۇئەللىمى ئابباس ئەپەندى تاجى ھېكىمبەگ (زوھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى) دەۋرىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ، شەھەر پۈتۈپ ئاخىرقى دەرۋازىسىنى بېكىتىش ۋاقتىدا ئابدۇرېھىم نىزارى تاجى ھېكىمبەگكە قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەرنىڭ مۇشۇ يەردىكى سېپىلى ئۈستىدە بىر تۆشۈك بولۇپ، ھەربىيلەر بۇ تۆشۈكتىن سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى كۆزىتىدىكەن، مانا شۇ ئەنئەنىۋى تۆشۈكنىڭ نامىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بۇ دەرۋازىغا «تۆشۈك» دەرۋازا نامىنى قويساق دەپ دوكلات قىلغاندا تاجى ھېكىمبەگ قوشۇلىدۇ. جۈملىدىن بۇ دەرۋازا تۆشۈك دەرۋازا دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى ئالىمنىڭ شەھەرنىڭ پۈتكەنلىكى ھەققىدە يازغان بېغىشلىمىسىمۇ دەرۋازا ئۈستىگە قويغان ئۈژمە تاختىسىنىڭ يۈزىگە ئويۇپ يېزىلىدۇ دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. تۆۋەندە ئەنە شۇ بېغىشلىمىنى كۆرۈپ باقايلى:

«كى بىر مىلك ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىخى
پەيغەمبەر،
بەنا ئەتتى شەھەرنى شاھ زوھورىدىن بەلەند
ئەختەر،
دىيارى ئىلىنىڭ ھالىغا رەھىمە ئەيلەپ
ھىدايەتتىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم ئول گوياكى سەددى
ئىسكەندەر،»

(نىزار)

«شاھ زوھورىدىن سۇلۇمى ئامبال قىلىپ
شەھىرى بىنا،
ھىممەت ئالىغا بۇ شاھنىڭ بارىكاللا مەرھابا،
ئەسئەدۇس سادەت ۋە قىلمىشتۇر پەلەكتىن
بىر نىشان،
بۇ بىنا تەمىرىنىڭ تارىخىغا ئەختەر نىدا»②

(نورۇز ئاخۇن)

زوھورىدىن تاجى ھېكىم بەگنىڭ قەشقەر خەلقىگە قىلىپ بەرگەن ئۈچىنچى چوڭ ئىشى، فېئوداللىق جەمئىيەتتە بوز يەر

ئېچىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ يەرسىز، ئۆي ماكانسىز، سەرسانلىق، سەرگەردانلىقتا ئۆتۈۋاتقان يوقسۇل كەمبەغەللەرنى يەر - زېمىنگە، ئۆي - ماكانغا ئىگە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشتۇر.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تۆۋەنگە ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يوقسۇللارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، موللا مۇھەممەد سادىق ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا بوز يەر ئېچىشقا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، بۇ ھەيئەت شەھەر ئەتراپىدىكى بىنام ئېچىشقا باب كېلىدىغان جايلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھازىر يېڭى ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىۋاتقان يەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جاڭگاللىقلارنى بىرىنچى قەدەمدە بوز يەر ئېچىش ئورنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە بۇ جايدا بوز يەر ئېچىپ تىرىقچىلىق قىلغانلاردىن ئۈچ يىلغىچە باج - سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشقا جايلاردىكى يەر سۇلىرىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيرانچىلىقتا قالغان نەچچە مىڭ ئۆيلۈك دېھقانلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئاچىدۇ. تاجى ھېكىمبەگ بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ تۇمەن دەرياسىدىن بۇ يەرگە سۇ باشلاپ كېلىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ نامى «يېڭى ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇ قېتىمدا 100 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ئېچىلغان ئىكەن (قىسقارتىپ بېرىلدى).

يۇقىرىدا زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا قىسقىچە توختىتىلىپ ئۆتتۇم. ئۇ ھىجرىيە 1255 — يىلى (مىلادىيە 1839 - يىلى) شەھەرنى كېڭەيتىپ قورغان چاغدا ئۇزۇن يىللار ئېگىز — پەس قومۇشلۇق، قەبرىستانلىق ئىچىدە تۇرۇپ كەلگەن ئازنا مەسچىتىنى شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئىچىگە كۆل كولىتىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، جىرىم تىكىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاممىۋى چوڭ جامەگە ئايلاندۇرۇشتىمۇ نۇرغۇن ئەجرى سىڭدۇرگەن ئىكەن. جۈملىدىن، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخىدىن سۆز ئېچىلسا ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە!

زوھۇرىدىن قەشقەردە يىگىرمە يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولۇپ ئىشلەپ يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقتىن ئېتىبار سوراپ لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ كونا شەھەر شورخانا مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى تويۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف (غاردا ياتقۇچى كىشىلەر) مازارىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا.

6. ئەفرىدۇن مۇھەممەت سىيىتنىڭ ئوغلى، فەرىدۇننىڭ نەۋرىسى، ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى توققۇز ئەۋلاد 170 يىلغا يېقىن (1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە) دەۋر سۈرگەن تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ يەتتىنچىسى. 1821 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە مۇھەممەد سىيىت ھاكىمبەگنىڭ شەھىرى بانۇ ئىسىملىك ئايالىدىن تۇغۇلغان، ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ مۇھەممەد سىيىتنىڭ چوڭ خوتۇنى لۈكچۈنلۈك خۇشنەۋا خېنىم بېقىپ چوڭ قىلغان. بۇ چاغلاردا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ قوراللىق ئېغۋاگەرچىلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا مۇھەممەد سىيىت ئارزۇلۇق ئوغلى ئەفرىدۇن بىلەن ئايالى خۇشنەۋا خېنىمنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تۆت كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1825 - يىلى 9 - ئايدا لۈكچۈنگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار سالامەت يېتىپ كېلىپ لۈكچۈندىكى ئۇرۇق — تۇغقانلىرى ۋە ئوردىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ.

1827 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زورھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى باندىتلەرنى بېسىقتۇرۇپ قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى مۇھەممەت سىيىت ھاكىمبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بېيجىڭگە دوكلات يوللاپ، پادىشاھ داۋگاڭنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇنغا ئىناقچىخانلىق مەرتىۋىسى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە لۈكچۈنلۈك شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى (1717 — 1817) «رەوزە تۈز زوھرا» كىتابىدىكى ۋاڭلارغا نەسىھەت دېگەن ماۋزۇدا: «ئەفرىدۇن ۋالى بولدى شاھى سەككىز يېشىدا، ھالىلىك ئەفرىدۇن تاجى بېشىدا» دەپ كۆرسەتكەندەك، سەككىز ياشتا ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، ئوردا

Turpanological Research

موللىلىرىنىڭ زېرىكمەي دەرس ئۆتۈپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئارقىسىدا ئۇزۇنغا قالماي ساۋادىنى چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ۋاڭلىق قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەفرىدۇن ۋاڭ ئىسمى — جىسمىغا لايىق ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ.

1950 - يىللاردا لۈكچۈندىكى پىشقەدەم زاتلار ۋە ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشى ۋە سۇلتان ماموتنىڭ ئىناچىلىقىغا ئەستىقلانغان ۋاقتى بىلەن ھېسابلىغاندا ئەفرىدۇن ۋاڭ 1863 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن بېيجىڭگە بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشقا جىددى تەييارلىنىۋاتقاندا يۇقىرىدىن بۇيرۇق كېلىپ «سىلى بېيجىڭگە بارماي، دەرھال قەشقەرگە بارغايلا، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى قالايمىقان» دېگەنلىكى ئۈچۈن قەشقەر سەپىرىنى باشلايدۇ.

ئۇ قەشقەرگە مېڭىشتا ئۆزىنىڭ يېقىن خىزمەتچىسى ئاسىم تەيجى، ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن توققۇز قېتىم قوغلاپ چىقىرىلىپ يەنە قايتۇرۇپ كەلگەن، بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدىغان موللا زەيدىن گەپچى (1815 - 1880)، لۈكچۈن بايلىرىدىن مۇھەممەد ئاتاۋۇللاخۇنىڭ ئوغلى مەشھۇر خەتتات ئەتاخۇن ۋە يەنە ئىككى نەپەر خىزمەتچى بىلەن ئاتلىق يولغا چىقىدۇ. ئوردا خادىملىرى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۇلارنى توقسۇنغىچە بېرىپ ئۇزۇتۇپ قويىدۇ.

ئەفرىدۇن يول ئۈستىدە قونغاندا ئۇ يەردىكى گەپچىلەر بىلەن موللا زەيدىننىڭ قىلىشقان قىزىقچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ ماڭىدۇ. ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن قەدىمى كارۋان يولى بىلەن مېڭىشنى تېزلىتىپ ئىككى قونۇپ قەشقەر - ئاقسۇ چېگرىسىدىكى «تەك» دېگەن ئۆتەڭگە كېلىدۇ (بۇ جاي بىلەن ئاقسۇنىڭ يول ئارىلىقى ۋە قەشقەرنىڭ يول ئارىلىقى ئوخشاش بولغاچقا تەڭ دەپ نام قويغانىكەن). ئەسلى چوڭ يول بىلەن جەنۇپقا قاراپ ماڭسا قىزىلتام، چېدىركۆل، تومشۇق، ئوقۇر مازىرىم، بارچۇق، قارا قىلچىن، ئۆردەكلىك قاتارلىق قونالغۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ پەيزىۋات ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەرگە يېتىپ باراتتى. لېكىن ئەفرىدۇن بۇ يول بىلەن ماڭمايدۇ. ئۇ ھەمراھلىرىغا ئاتۇشقا بېرىپ سۇلتان سۇتۇق (ئابدۇكېرىم) بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ مېڭىشنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىر ئاتلىق يول باشلىغۇچىنى ياللىۋېلىپ، كەلپىنگە بېرىپ ئاندىن چېغىر يوللار بىلەن مېڭىپ ئاتۇشقا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. (تەك كەلپىننىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، كەلپىن بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 80km كېلىدىكەن) ئۇلار كەلپىندە قونۇپ ئەتىسى ئاتۇش تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئىككى ئاتلىق كىشىنى ئالدىدا بېرىپ قونىدىغان جاي تېپىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىككى ئاتلىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار بار جايغا كېلىپ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ قونالغۇ ھەل قىلىپ بېرىشنى ئېيتقاندا چارۋىچىلار بۇ ئىككى كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم ئاقساقالنىڭ (ئاقساقال قەشقەر يەرلىك تىلىدا: باشلىق — مەسلىھەتچى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ) قېشىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئىبراھىم ئاكا ئەفرىدۇن ۋاڭ باشلىق يەتتە ئاتلىق كىشىنى قارشى ئېلىپ، ئۆيگە باشلاپ قوي، سويۇپ مېھمان قىلىپ، بىر كېچە قوندۇرۇۋالىدۇ. بۇ جەرياندا مېھمانلار ئىبراھىم ئاكىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قارا چاچلىرى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان 16 ياشلىق قىزى ھاۋاخاننى كۆرۈپ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ پەرزەنتى يوقلىقى، لۈكچۈندە قالغان ئايالى ئايشىخاننىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ ھاۋاخاننى ئەفرىدۇنغا نىكاھلاپ قويىدۇ. ئەتىسى مېڭىش ئالدىدا ئەفرىدۇن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن 15 سەر تەڭگىنى ھاۋاخانغا بېرىپ قويۇپ يولغا ماڭىدۇ.

گۇاڭشۈنىڭ 6 (1881) - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 18 يېشىدا ئىناچىخانلىققا ئېرىشىپ لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا 19 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرۈپ 1900 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 — كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ ئۆتەڭ ئارشىڭدا 37 ياشتا ۋاپات بولغان سۇلتان ماموت ۋاڭ ئەفرىدۇن ھاكىمبەگنىڭ ئەنە شۇ ھاۋاخاندىن تۇغۇلغان ئوغلىدۇر.

ئەفرىدۇن قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇ يەردىكى مانجۇ ئامباللىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھاكىمبەگ ئوردىسىغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى باشلايدۇ. ئەتتاخاننى

قەشقەر شەھىرىدىكى ۋەخپە مال - مۈلۈك يەرلەرنى باشقۇرىدىغان مۇتىۋەللىلەرنىڭ ئۇستىدىكى باش مۇتىۋەللى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئاسىم تەيجىنى لۈكچۈنگە قايتۇرۇۋېتىدۇ.

موللا زەيدىن ئەفرىدۇن ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. بۇ ھەقتە «رادىئو سىغەن ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ 1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «موللا زەيدىن ھەققىدە» ئاڭلاتقان ئەدەبىيات لېكسىيىسىدە، موللا زەيدىننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە موللا زەيدىن ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ توققۇز يىلدىن كۆپرەك تۇرغانلىقى، بۇ جەرياندا لۈكچۈندىكى ئايالى ئالىمخاننى سېغىنىپ يازغان سالام خېتىدە: ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان: «ئالىمخاننىڭ چېڭى بار، خەلق ئىچىدە دېڭى بار. ئالىمخانغا سەپسېلىڭلار، ئۇلۇڭ قىشىدا مىڭى بار.» دېگەن قوشاقنى يازغانلىقى؛ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ 1880 - يىلى 65 يېشىدا لۈكچۈندە ئالەمدە ئۆتكەنلىكى سۆزلەنگەن.

ئەفرىدۇن ھاكىمبەگ خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئاتىسى مۇھەممەت سىيىت ھاكىمبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ مال دۇنيالىرىنى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ بۇ ۋەقە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولالمايدۇ. ئەفرىدۇن ھاكىمبەگ 1865 - يىلى 6 - ئايغىچە ھاكىمبەگلىك خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلەيدۇ. (1865 - يىلى ئەتىيازدا ئاقتۇ پاراچىلىق سىدىقبەگ (قىرغىز) قەشقەر كونا شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق جىنشاڭيىن (خۇيزۇ) قاتارلىقلار باشچىلىقىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئەمما يېڭىشەھەرنى ئالالماي كېڭىشىش ئارقىلىق قوقەند خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇزرۇك خوجىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇزرۇك خوجا قەشقەرگە كېلىپلا ئەتراپتىكى يەرلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. تاشكەندىكىلەرنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد ياقۇپبەگ (تاجىك) نىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى نار مۇھەممەتخان (ئۆزبېك) نىڭ ياردىمى بىلەن تېرەك داۋاندا بۇزرۇك خوجىغا قوشۇلغان. قارا نىيەت تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى سىدىقبەگنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ ۋە يېڭىشەھەرنى ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، بۇزرۇك خوجا ئۆز تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئەفرىدۇننى يەكەنگە خىزمەتكە بۇيرۇيدۇ. بۇ بىر قەدەر ئېنىق، لېكىن ئەفرىدۇن ئىككى يىلدىن كېيىن يەكەندىن قايتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. 1972 - يىلى ۋە 1992 - يىلى قەشقەرگە تۇغقان يوقلاپ بارغان چېغىمدا قەشقەر شەھىرىدە خىزمەت قىلىدىغان دوستلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسكەندەر ھاكىمبەگنىڭ گۈمبىزى (ئاق مازار) نى ۋە بۇ مازارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دەپنە قىلىنغان ئەفرىدۇن ھاكىمبەگ بىلەن ئەتتاخاننىڭ قەبرىسىنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلدىم. بۇ چاغدا ئىگىلىگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا، تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگ 1868 - يىلى بۇزرۇك خوجىنى ھەرەمگە يولغا سېلىپ، ئۆزىنى «بەدۆلەت» (ئالتە شەھەرنىڭ قازىسى) دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئادەملىرىنى قەشقەر شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كورلا، تۇرپانغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغۇچى سېلىم بەگ پانسات دېگەن كىشى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ ھاكىمبەگ ئوردىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى پېچەتلەپ ئەفرىدۇن بىلەن سۆزلىشىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيلىرىنىڭ كىلىتىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەفرىدۇن ھاكىمبەگنى ئوردا ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان ئىككى كىشىنىڭ كېپىللىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما شۇ زاماندا يولغا قويغان ھەپتىدە بىر قېتىم (ھەر جۈمە كۈنى) تارقىتىپ بېرىلىدىغان تۇرمۇش تەمىناتىغا چېقىلمايدۇ. دېمەك، سەككىز يېشىدا ئىنانچىلىخانلىقتا ئېرىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەفرىدۇن ھاكىمبەگ خۇددى «قولۇڭدىن ئامىتىڭ

كەتسە، ئالتۇن ئايلىنار مىسقا، گۆھەرمۇ بولغۇسىدۇر تاش، ساڭا كاج كەلسە دەۋران. » دېگەندەك ئۈچ يىل سەككىز ئاي نازارەت ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ 1872 - يىل يازدا ئازموزا سۆزلەيدىغان كېسەل بىلەن 51 يېشىدا ئوردا ئىچىدىكى ئۆيىدە ئەتتاخاننىڭ قوچىقىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئەتتاخان باش مۆتىۋەرلىرى ئەفرىدۇننىڭ ئۆلۈمىنى ياخشى ئۇزۇتۇپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى مەكتۇپ ئارقىلىق لۈكچۈنگە يەتكۈزىدۇ، بۇ خەۋەرنى ئەتتاخاننىڭ لۈكچۈندىكى چوڭ ئوغلى، ئازاتلىقتىن كېيىنكى مەشھۇر دوختۇر ئابدۇراخمانبەگنىڭ ئاتىسى ئىلى بەگ تەرتىپلىك ئۆتتۇۋاتقان ۋاڭ ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنى كېيىن لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن موللا زەيدىندىن ئاڭلايدۇ.

1875 — يىلى ئەتىيازدا قەشقەر شەھىرىدە يۇقۇملۇق كېزىك كېسىلى تارقىلىپ ئەتتاخۇنمۇ يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىپ قەشقەر شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شەھەردىكى قازى، مۇپتى، مۇددەرىس ئىمام، مەئىزىن، مۆتىۋەرلەر يىغىلىپ ئۇنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ، جەسىتىنى دافدۇغا بىلەن ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئەفرىدۇننىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ.

مۇشۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

1885 — يىلى سۇلتان مامۇت ۋاڭ لۈكچۈندە داۋۇت ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا بەش كىشىلىك ھەيئەت تەشكىل قىلىپ ئاتىسى ئەفرىدۇن بىلەن ئەتتاخۇننىڭ جەسىدىنى قايتا دەپنە قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەيئەتتىكىلەر قەشقەرگە كېلىپ بۇ ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ گۈمبىزى (ئاق مازار) نىڭ ئىشىكى ئالدىغا دەپنە قىلىپ، ئۈستىگە ئىككى قەبرە قاتۇرۇپ، تۆپىسىنى پىشايۋان قىلىپ يېپىپ قويۇپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇ قەبرىلەر 1969 — يىلى چىقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ياغاچ بورىلىرى ھازىرغىچە ئاق مازار دەپ ئاتىلىدىغان گۈمبەز ئىچىگە سىلاغلىق تۇرۇپتۇ.

ئىزاھات:

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 - يىلى 4 - سان، ئابدۇرېھىم سابىت ماقالىسىغا قاراڭ.

② ئەختەرنىدا: ئەبجەت ھېسابى بويىچە ھەرپنى سانغا ئايلاندۇرساق ھېجرىيە 1256 - يىلىنى بىلدۈرىدۇ.

③ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ قەشقەر سەپىرى ھەققىدە: «ئەتتاخۇننىڭ لۈكچۈندىكى نەۋرىلىرى 1979 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم دوختۇر ئابدۇراخمانبەگ، 1994 - يىلى 84 يېشىدا ۋاپات بولغان مەرھۇم مەمۇرى ھاجى ئاخۇنۇم، سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ كېسىلىنى سادەتخاننىڭ ئاچىسى تاھىر بەگنىڭ ئايالى 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 78 يېشىدا تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتكەن سارى خېنىم قاتارلىق ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېقىن تېزغان مارجاندەك سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن پايدىلاندىم.

پايدىلانغان ماتىرىياللار: ① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم.

② «تارىخى ھەممىدى»

③ شىنجاڭ يىلنامىسى (شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرىغا بېسىلغان).

④ 1905 - يىلى لۈكچۈندە يېزىلغان قولىيازما قاتارلىقلار.

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكا ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تاتاتوڭا

مالىك كەبىروۋ، مۇڭلۇق باقىيوۋ

ئىككىنچى يول بىلەن تېموچىننىڭ ئىنىسى قاسار چوڭ قول ئېلىپ ماڭدى. بىراق ھەر ئىككى توپ ئويلىمىغان، كۈتمىگەن يەردىن تارمار قىلىندى. سۇبىتاينىڭ جەڭچىلىرى دۆڭمۇ - دۆڭ جىلغىمۇ - جىلغىدىن ئۆتۈپ ئەمدىلا بىر ۋادىدىن كېلىۋاتاتتى. تاڭ سەھەردىن بېرى قولىدا قورال - ياراغ ئەمەس، ھەتتا تاياق تۇتقان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. دەسلەپ ناھايىتى ھوشيار كېلىۋاتقان جەڭچىلەر كۈن پېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى تامامەن ئەركىن تۇتۇپ دۇنيادىن بىغەم كېلىشىۋاتىدۇ. ئالتاينىڭ مول بايلىقى بولغان كىيىك - ماراللىرىنى، تاغ توخۇسى، كەكلىك - چىلىلارنى ئېتىپ ئاندا - ساندا توختىغان يېرىدە يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى تاشلاپ كېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىغەم ئولتۇرۇشقان بىر پەيتتە تايانخاننىڭ ئادەملىرى ئۇلار كۈتمىگەن يەردىن ئانچە قېلىن بولمىغان بىر چاتقاللىقتىن ئېتىلىپ چىقىپ بەئەينى قويغا تەگكەن بۆرىدەك قىرىشقا باشلىدى. ئۇلار سان جەھەتتىن سۇبىتاينىڭ لەشكەرلىرىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئاز، لېكىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمى سۇبىتايلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. قولىغا قورال ئېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى. بىراق كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك سۇبىتاي ئاخىرى ئەسكەرلىرىنىڭ ھوشىنى يىغقۇزۇۋالدى. ئەسكەرلەر ئاتقا مىنىپ قولىغا قورال ئالالىدى. دالىدا تاۋلانغان نۆۋكەرلىرى ئۆزلىرىدىن ئاز ئادەمنى ھەش - پەش دېگۈچە ئۇجۇقتۇرۇپ بولىمىزغۇ - دەپ ئويلىدى. ئېھتىمالىم، ھۇنەرلىرىنى قوللىرىدىن كېلىشىچە ئىشلىتىپ باقتى. بىراق ئاۋۇلار بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۆزلىرىگە يە قىلىچ، يە نەيزە يولاتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرغان قىلىچ، نەيزىسى بولسا خاتا كېتەر ئەمەس. ئۇلار شىنا - پانا بولۇپ ئوتتۇرىغا كىردىمۇ بولدى — ئۆپ - چۆرىسىدىكىنى قوراي ئورىغاندەك ئورۇپ كېتىۋاتىدۇ. سۇبىتاي ھودۇقۇپ قالدى. ھەتتا ئۆزىگىمۇ بىر نەچچە قېتىم قىلىچ ھەم نەيزە ئۇرۇلدى. لېكىن ئۇنى يېقىن يولىتىدىغان سۇبىتاي ئەمەسقۇ، ئامال قانچە جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ئوخشاش بولسا... !

ئەھۋال ئېغىرلاشتى. مۇنۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ھەممىسىنى خاراپ قىلىدىغان تۈرى بار. باشقىچە چارە كۆرۈش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇبىتاي ئۆزىنىڭ مىڭبېشى ئامالىنىڭ بىرىنى قوللاندى. ئۆز نۆۋكەرلىرىنى دەرھال بىر سەپ قىلىپ توپلىدى. بەئەينى تىرىك سېپىل قورغاندەك دۈشمەننى يېمىرىپ ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن نايمانلار، دەسلەپ چېكىنىپ ئاندىن جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قاچتى. تېموچىننىڭ ئەسكەرلىرى دەل مانا مۇشۇنداق پەيتنى ياخشى كۆرىدۇ. قاچقان دۈشمەن نېمە؟ ئۈركىگەن قوي، خالىساڭ چېپىپ ئوينا، خالىساڭ نەيزەڭنى ئىشقا سال. بىراق مۇنۇ نايمانلار يېتىشتۈرىدىغاندەك ئەمەس. ھەتتا ئاتتا ماغدۇر يوق. بولمىسا مۇنداق دۈشمەن ئۇزاپ كۆرگەنمىدى؟ بىر قىزىقى، ئۇلار ئانچە ئۇزاپ كېتەي دېمەيدىغاندەك. يە ئۇلارنىڭمۇ ئاتلىرى چاغلىقمۇ، توختاپ قولغا چۈشىدىغان تۈرى يوق. نايمانلار قولغىمۇ چۈشمىدى. دۈشمەننى يېقىن يولاتمىدى. ئۆزلىرىمۇ ئانچە ئۇزاپ كەتمىدى. مانا ئاخىر ۋادا تارىيىپ ئېگىز بىر داۋانغا كېلىپ تاقالغاندا سۇبىتاينىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ھەقىقىي قىرغىنچىلىق باشلاندى. تاش تاشنىڭ كەينىدىن، چاتقال چاتقالنىڭ ئارىسىدىن ساداقنىڭ ئوقى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. سۇبىتاينىڭ ئادەملىرى بولسا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاتتىن دومىلاپ چۈشۈۋەردى.

پۈتكۈل ۋادىنىڭ ئىچى قىيا - چىيا بولۇپ كەتتى. جان ئاچچىقىدا كىشنىگەن

ئات، چىقىراپ ۋارقىرىغان ئادەم ئاۋازىدىن يەر ـــ جاھان زىلزىلىگە كەلگەن ئىدى. ئەسىرلەر بويى بۇنچىلىك جەسەتنى كۆرۈپ باقمىغان تەبىئەتمۇ، بىر تۇرلۇك ھەيۋە قىلىپ توۋلىغاندەك بولدى.

سۇبىتاي تامامەن ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ تېخى مۇنچىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان. بۇ قەدەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغان ئىدى. ئەنە، ئەسكىرىمۇ قىرىلىپ بولاي دېدى. مانا مۇشۇ پەيتتە دۈك دۈكنىڭ كەينىدىن تېخى جەڭگە ئارىلاشمىغان نايمانلار بەئەينى قىيانغا ئوخشاش بېسىپ كەلدى ـ دە: «ئۇررە!» دېگەن پېتى ئالەمنى چاڭ كەلتۈرۈپ دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى سۇبىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ھالىغا تامامەن ۋاي بولدى.

نايمانلار ئارىسىدا بىر ياش نويان بولۇپ، ئۇ ھېچكىمنى قويار ئەمەس. توغرا كەلگەننى چېپىپ چۈشۈرۈپ، توغرا كەلگەننى قوغلاپ يېتىپ نەيزە ئۇرۇپ يۈرىدۇ. قولىغا ئۇقيا ئالغۇدەك بولسا ئالدى ـ كەينىگە قاراپ بىردەك ئاتىدۇ.

سۇبىتاينىڭ دۈشمەننى چېپىپ، نەيزە ئۇرۇپ قولىدا ھېچبىر دەرمان قالمىدى. تىزلىرى تىترەپ بەدەن ـــ بەدىنى ئېچىشىۋاتاتتى. مانا ئاخىر چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. قانداقتۇر بىر ئاچچىق ئۈن بىلەن بەلگە بېرىۋىدى، تىرىك قالغان جەڭچىلىرى يەنە توپلىنىشقا باشلىدى. قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ كەينىگە داجىدى ـ دە، كېيىن، دەھشەت ئىلكىدە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى. مانا شۇ كەمدە دۈشمەن ئوقى يەنە يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئەمدى ئوق يېڭى ـ يېڭى يەرلەردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئېلىپ كەتكەن سۇبىتاي ئاران دېگەندە ئەللىك ـ ئاتمىش ئادىمى بىلەن يېنىپ كەلدى.

جېبېي نويانىنىڭ ھالى تېخىمۇ مۇشكۇل بوپتۇ. ئۇنىڭ كېيىم ـ كېچىكى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، باش كۆزى قانغا بويالغان، بەش ـ ئون ئادىمى قاپتۇ. نايمانلار قاچقان بولۇپ ئۇنىمۇ تار يەرگە قىستاپ قوغلاپ چۈشۈرگەن. كېيىن چېكىنگەندە بولسا ئىككى قاپتالدىن بىردەك تاش غۇلاپ يولىنى توسىۋەتكەن. جېبېي نويان ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپتۇ. تېموچىننىڭ ئۈنگىسىزمۇ ئېغىر قاپاقلىرىدىن قار يېغىپ تۇرغاندەك، ئامال قانچە، سۇبىتاي جېبېي ئىككىسى ئۇنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق ئادەملىرى، تېموچىننى ئادەم قىلغان شۇ ئىككىسى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ بەدەن ـ بەدىنىدە ساق يېرى يوق. جاراھەتلەنگەن! ساۋۇتلىرىغا سانجىلغان ساداق ئوقىنىڭ سانى يوق. ھېلىمۇ ساۋۇتلىرى ئىشەنچلىك. جېنىنى ساقلاپ قالغانمۇ شۇ. ئۇلارغا ئومۇمەن نېمە دەپ ئەيىپ قويۇشقا بولىدۇ؟ ئەتەي يېڭىلىپ بەرگىنى يوقتۇ؟ دۈشمەننىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ چۈشكەن...

تايانخان ئانچىلىك قۇۋۋىتى، ئەپ ئۇسۇلنى نەدىن، قانداق قىلىپ ئويلاپ تاپتى؟ دەسلەپ بىر توپ، يېرىم توپ چارلىغۇچىلىرىنى ئۈجۈقتۇرۇپ يۈردى. شۇنداق قىلىپ تېموچىننىڭ چىشىغا تەگدى. شۇنداق قامال بىلەن ئىككى ئادىمىنى ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭدا سۇبىتاي بىلەن جېبېي ئەمەس، تېموچىننىڭ ئۆزىنى داق يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ كەتتى. ئۆمرى ئۇرۇش دېگەننى بىلمىگەن تايانخان ئۆزى مۇنچىلىك ئىنچىكە نەرسىنى ئويلاپ تاپالمىغان بولاتتى. دېمەك، كىمدۇر بىرى بار ئۇنىڭ ئىلىدە، تېموچىننى سۇبىتاينى ھاڭۋاقتۇرۇپ قويالايدىغان بىرىنىڭ بارلىقىنى، ئەمدى جېبېي نويان بىلەن سۇبىتاي ئۆزلىرىنىڭ گۆشلىرىنى ئۆزلىرى يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇبىتاينى نايمانلارنىڭ ياپ ـ ياش بىر نويىنى رەسۋا قىلدى. سۇبىتاينىڭ ئۆزىنى جان ساقلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنە شۇنى دەپ زارلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ھازىر سۇبىتاي:

— كۆردىڭمۇ قاچقان بولۇپ قولغا چۈشۈرگىنىنى، — دېدى تېموچىن جېبېي نويان بىلەن سۇبىتاي نويانغا، ـ كېلەچەكتە ساۋاق بولسۇن، سىلەرگە ئالداپ ئەسكەر بۆلگۈزۈپ ئەۋەتكۈزۈشمۇ قولدىن كەلدى. دېمەك، مېنىمۇ ئەخمەق قىلىپ ئوينىدى. ئەسكە ئالمىدىغان نەرسە ئىكەن، چۈنكى ئالدىمىزدا ئۇلۇق مەقسەتلەر كۆپ.

— تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكتۇ ئۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى تېموچىن ئۇنى ئايىغاندەك، ئەمدى خاتىرجەم پاراڭ قىلىشقا تىرىشتى.

— ئەقلىم يەتمەيدۇ، — سۇبىتاي تېمۇچىنغا تىكىلىپ قارالماي سۆز باشلىدى، - يېشى تېخى يىگىرمىدىن ئەمدىلا ھالقىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ ئۇلار تېخى ئۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغۇ؟ يىگىتلىرىنى قانداق باشقۇرىدۇ دېمەمسە؟!

— بۇنچىلىك ئىشنى ئۇ تۇرماق ئاتىسى تايانخانمۇ بىلمىگەن بولار ئىدى. ئۆگىتىپ يولىيورۇق كۆرسىتىپ يۈرگەن بىرى بار، — دېدى جېبې نويان سۆزگە ئارىلىشىپ، ئۇ تېمۇچىننىڭ ئويىدىكىنى تېپىپ سۆزلىدى،

— بار ئۇنداق ئادەم — باياتىن بېرى تېمۇچىننىڭ قاپىقىدىن قورقۇپ لام - جىم دېمەي ئولتۇرغان بۆگۆرجى سۆز باشلىدى، ئۇنداق ئادىمى بار. ئىسمى تاتاتوڭا ياكى تاتاتۇڭا بولسا كېرەك. ئېسىمدە يوق. ئەسلى ئۇنداقمۇ ئەمەس. نايمانلارنىڭ تىلى كەلمەيدۇ. شۇڭا شۇنداق ئاتىشىپ كەتكەن. ئۆزى ئۇيغۇر، مانا بىر نەچچە يىل بولدى نايمانلارنىڭ قولىدا دېيىشىدۇ.

تېمۇچىن دەسلەپ ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمىغان ئىدى، بىراق نايمانلارنىڭ تۇرغان يېرىنى، قۇرغان ئىستىھكاملىرىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۇيغۇر توغرۇلۇق يەنە ئويلىنىپ قالدى. راست، نايمانلارنىڭ جەڭ ئۇچۇن تاللىۋالغان يېرى بۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى. يا يېنىدىن يا ئارقىسىدىن تىگەلمەيسەن. پەقەت ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئۇرۇش قىلىش كېرەك. بىراق ئاۋۇ نېمىسى؟ ھارۋا، ياغاچ - تاش بىلەن قوغدىنىۋاپتىغۇ؟ ئۇنى قانداق بۇزۇپ كىرىش كېرەك؟ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تەييار تۇرغان لەشكەر، تېمۇچىن نايمانلار تۇرغان تەرەپكە قاراپلا: — «ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق نەرسىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن» — دېدى.

— دېمىسەڭمۇ تېمۇچىن خان! نەچچە يىل بولدى جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن مۇنچىلىك قولايلىق يەر تېپىپ، ئەسكەرنى مۇنچىلىك چىۋەرلىك بىلەن جايلاشتۇرغان، مۇنچىلىك ئىستىھكام قۇرغان دۈشمەننى مېنىڭمۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، — دېدى دوستى بۆگۆرجى ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ.

— بىردىنلا ھۇجۇم قىلالمايسەن، — دەپ كوتۇلدېدى سۇبىتاي نويان، — مۇنچىلىك چوڭ دەريانى كۆرمىگەن ئىكەنمەن، — سۆزگە ئارىلاشتى جېبې نويان،

— ئۇلۇغ تەرەپتىكى ھاك تاشنى كۆرمەمدىغان، ئەتەي نايمانلارنى ھىمايە قىلىش ئۇچۇن پەيدا بولغاندەك.

— قويساڭلارچۇ ۋايساشنى، — دېدى تېمۇچىن نايمانلاردىن كۆز ئالماي، — قېنى قاسار؟ قاسار!

— مانا مەن — دەپ ئالدىن باش كىيىم، ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق گەزمالدىن تىكىلگەن ھەرخىل كىيىمنى قانداق بولسا شۇنداق كىيگەن، قورال - ياراقلىرىنى قانداق بولسا شۇنداق ئاسقان قاسار. تېمۇچىننىڭ كەنجىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئېتىنى، دېۋەيتتى — قولىقىم سەندە! ئەنە تايانخان ئۆز مۇداپىئەسىگە ئىشىنىپ، دەسلەپ بىزنى ئاچ - دەرمانسىز قويۇپ تارمار قىلماقچى.

— راست، تارتىلغان ئوقيا ئوخشايدۇ.

— تىڭشا! ئوتتۇرىدا ساداقنىڭ ئوقى كەبى نايمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۈچى قويۇلۇپتۇ. سەن شۇنىڭغا جاۋاب بېرىسەن. دۈشمەننىڭ ئەنە ئاشۇ قاتتىق ئېشىنى سەن بىت - چىت قىلىشىڭ شەرت.

— خوپ!

— سۇبىتاي! — دېدى تېمۇچىن ئۇنىڭ قىلىچى بىلەنلا «بېرى كەل» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ، — تايانخان ئەسكىرىنىڭ سول قانىتىدا جارجىراتلارنىڭ تۇغىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ھاكىمى بىر ۋاقىتلاردا مېنىڭ بىلەن قېرىنداشلاشقان جاموقە. ئۇنىڭ ماڭا قارشى جەڭ قىلىشى مۇمكىنمىدۇ؟ سەن سۇبىتاي! سەن ئوغلۇم جوشى (جوجى بولۇشى مۇمكىن — ت) ئۇلارنى دالدا قىلىپ نايمانلارنى تارغا قىستايسىلەر.

— چۈشىنىشلىك!

— ئوغلۇمنى كۆزۈڭدىن نېرى قىلما!

— خوپ تەخسىر!

— سەن! جېبې نويان! ئۆز تۈمەنىڭ بىلەن دۈشمەنگە تاغ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىسەن!

— ناھايىتى تىكقۇ! خان. ئۇنىڭ ئۈستىدە تىك غارغۇ، — دېدى جېبې تەشۋىش بىلەن.

— ياخشىغۇ. دېمەك دۈشمەن بىزنى ئۇياقتىن كۈتمەيدۇ دېگەن سۆز. بىر ئامال تاپ!

— خوپ!

— دوستۇم بۆگۈرجى! سەن، ئوغلۇم چاغاتاي مېنىڭ بىلەن بىللە بولىسىلەر!

— خوپ! تېمۇچىن خان!

— قاسار!

— چۈشىنىشلىكقۇ ئېيتقىنىڭ.

— توختا! تىڭشا ياخشىلاپ، پۈتكۈل بىزنىڭ تەقدىرىمىز سېنىڭ زەربەڭگە باغلىق. دۈشمەنگە قانچە كۈچلۈك زەربە بەرسەڭ، سۈبىتاي بىلەن جېبېگە شۇنچە يېنىك بولىدۇ، دېمەك بىزنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ساڭا باغلىق.

— خوپ تەقسىر!

— بارلىق ئۆز قىسىملىرىڭنى سەپكە تۇرغۇز: نايمانلارنىڭ بارلىق بايلىقى سىلەرگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلىدۇ دېگىنە، بىراق سېنىڭ ئېسىڭدە بولسۇن، تايانخان يېتىپ جان بەرمەيدۇ.

— راست، تايانخاندا قاراپ يېتىپ ئۆلەي دېگەن نىيەت يوق، ئەنە ئۇ ئىككى قانات ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكىرىنىڭ ئالدىدا ئاتلىق تۇرىدۇ. قېشىدا يېقىنلىرىدىن: كۈچلۈك، سۇباچۇگۇرى ۋە ياخشى قوراللانغان باشقا نويانلىرى تۇرىدۇ. پەقەت تاتاتۇڭانىڭلا قولىدا قورالى يوق. ئۇ ئادەتتىكى ئۆز كىيىمىدە.

تايانخاننىڭ ئەسكىرى، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن جارجىراتلار، تاتارلار، مەركىتلەر، دوربانلار، قاتاگىلار ۋە سالجۇلار ئۆز ئالدىغا سەپ تۈزۈپ، هارۋا ۋە ياغاچ تاشتىن پۇختا قىلىپ ياسالغان قورغان سىرتىدا تۇرىدۇ. مىڭلىغان باش- ئايىغى يوق جەڭچى، قورغان ئىچىدە بولسا قېرى - چۆرى، بالا- چاقا، ئۇلارمۇ قوللىرىغا نەيزە، تاياق تۇتقان پېتى جەڭنىڭ باشلىنىشىنى كۈتكەندەك. يىراقتىن كۆز ئۇچى ئۇچۇق يېتىدىغان يەردە بولسا تېمۇچىننىڭ ئەسكىرى چاغ ساناپ كۆپىيىۋاتىدۇ.

— نايمانلار! — دېدى بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، — تىڭشاڭلار مېنى، مېنىڭ ئەجدادىم ئۈچ يۈز يىل سىلەرنى باشقۇرۇپ كەلدى. بارغانسېرى مېلىمىز كۆپەيدى. هالىمىز ياخشىلىنىۋەردى. ئۆز كۈنىمىز ئۆزىمىز بىلەن ئىدى، ئاۋۇ تېمۇچىن دېگەن قارا نىيەت زومىگەر تىنچ هاياتىمىزنى كۆرەلمىدى. ئەنە ئەتراپقا قاراڭلار! ئاتىلىرىمىزنىڭ، بوۋىلىرىمىزنىڭ يېرى. ئەنە ئۇلار دالا تاغ دەريالارغا، قورا - قورا مېلىمىزغا، توپ - توپ يىلقىمىزغا قاراڭلار. ئەنە شۇلاردىن بىزنى مەھرۇم قىلماقچى. ئۆزىمىزنى قىرىپ يوقاتماقچى ياكى قۇل قىلىپ مېلىنى باقتۇرماقچى، بىراق دۈشمەننىڭ دېگىنى بولمايدۇ. نايمانلار ئانا يۇرتىمىزنى قوغداپ قالىمىز. بالا - چاقىمىزنى، ئاتا - ئانىمىزنى دۈشمەنگە خار قىلمايمىز. ئاخىرغىچە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىز، — پۈتۈن ئەتراپتا ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەن سادا، ئالقىش ياڭرىدى. بۇ ئومۇمىي ئۇستۇن كەيپىيات، قەتئىي نىيەت ساداسى تېمۇچىنغىمۇ يەتتى، ئەتىمالىم، ئۇنىڭ ئەسكىرى ھەرىكەتكە كېلىشكە باشلىدى.

— تاتاتۇڭا، — دېدى تېمۇچىننىڭ ھۇجۇم باشلانغانلىقىنى كۆرگەن تايانخان، — سول قاناتتىن ئەندىشەم بار، ئۇ يەردە جامۇقە ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن ئۇنى سول قاناتقا قويۇپ خاتالىق ئۆتكۈزدۇقمۇ دەيمەن. ئىشەنچ يوق. دۈشمەنگە يول ئېچىپ بەرمىسىلا بولاتتى.

— شۇ ياققا بارايمۇ؟

— مەنمۇ ساڭا شۇنى دېمەكچى ئىدىم. ئەگەر ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىساڭ ئامالىنى قىل، يېنىڭغا جەڭچىلەردىن ئال.

توختاخۇنلار بارغىچە جامۇقە ئىشنى پىشۇرۇپ بولغان ئىكەن. تايانخاننىڭ قورقىنى ئورۇنلۇق بولۇپ چىقتى. جارجىراتلار سېپىنى تاشلاپ كېتىشكە تەيىن تېپىپتۇ.

جامۇقە، توختاخۇنلار، جارجىراتلار قارا قاشقىنى بولۇشچە قويۇپ بېرىپ ئەمدىلا ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا ئۇنى ئاران توختاتقان توختاخۇن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— بۇ نېمەڭ جامۇقە؟ نەگە ئاتلاندىڭلار؟

!

— مېنىڭ قېرىندىشىم تېمۇچىننىڭ ئەلپازى يامان. ئەسكىرىنىڭ سانى يوق. ھەر كىمگە ئۆز بېشىنىڭ ئامانلىقى كېرەك. كەتتۇق جارجىراتلار.

— ؛ختا! تايانخانغا ۋەدە بەرگەن كىم؟ سادىق بولىمەن دەپ قەسەميات قىلغان كىم؟ ئەمدى باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇنى تاشلاپ كېتىپ بارغىنىڭ نېمىسى؟ خائىنلىقمۇ بۇ؟

— توختاخۇن، خائىنلىقتۇ بەلكىم، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئۆز بېشىمنى

داۋالىغىنىم يوق. قەبىلەمنىڭ غېمى. ئۆزىگە قارشى چىققىنى ئۇچۇن تېموچىن ھېچكىمنى كەچۈرمەيدۇ. ھە، مېنىڭ بولسا ياخشى كۈنلەر كەلگۈچە قەبىلەمنى ساقلاپ قالغۇم بار، — دېدى جامۇقە ۋە ئۆز جەڭچىلىرىنى ئېلىپ كەتتى - دە، سول قاناتتا ئالەم يەرنى ئۇچۇق قويدى. توختاخۇن نېمە قىلارىنى بىلمەي پاراكەندىلىكتە قالدى. ئۇنىڭ جامۇقەگە دېگەن نەپرىتىنىڭ چېكى يوق ئىدى. شۇ پەيت ئۇ نايمانلارنىڭ كۈچلۈك باشقۇرغان ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى.

— توختاخۇن! ئۇستازىم مېنىڭ، دەرھال ئاتام تەرەپكە بار، — دېدى ئۇ يىراقتىنلا، — بۇ يەردە ھازىر قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ. ئەنە دۈشمەنمۇ بىزنىڭ چوڭ خاتالىقىمىزنى سېزىپ ئات قويۇشۇپ كېلىشىۋاتىدۇ. ئاتامنىڭ قېشىغا بار. سەن ئۇنىڭغا ناھايىتى كېرەك.

كۈچلۈكنىڭ دېگىنى دۇرۇس، ھازىر خاننىڭ قېشىدا بولغىنى ياخشى. شۇنىڭ ئۇچۇن توختاخۇن ھايال قالماي يۈرۈپ كەتتى ۋە كۈچلۈكنىڭ: «نايمانلار چاپ دۈشمەننى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

كۈچلۈك يېقىنلىشىپ قالغان دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرمىدى - دە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرىمۇ ئەگىشىپ قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۆز نويانىدىن غېرىچ قېلىشماي كېلىۋاتىدۇ. سۇبىتاي ئۇنى يىراقتىنلا تونۇدى. ئۆزىنى شەرمەندە قىلغان ئاشۇ، ئۇنداقلاردىن ئۈچ ئالماي تىنچ تاپىدىغان ئادىتى يوق سۇبىتاينىڭ. شۇڭا بار قەستى كۈچلۈكتە قالدى. بىراق ئۇنىڭ يىگىتلىرى كۈچلۈككە يېقىن يولىتار ئەمەس. ئۆز نۆۋىتىدە كۈچلۈك جوشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۇتتۇر كەلگەن بىر ئىككىسىنى چېپىپ ئۆتۈپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى جوشىغا قاراپ تارتتى. جوشىمۇ ئۇنىڭ خاننىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇمۇ ئېتىنى دېۋەتتى. مانا ئىككىسى بىر - بىرىگە قارشى ئۇچقان قۇشتەك يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاخىر ھەر ئىككىسى تەڭ نەيزە ئۇردى. جوشىنىڭ نەيزىسى كۈچلۈكنىڭ قالقىنىغا تېگىپ چەتكە قاڭقىدى. كۈچلۈكنىڭ نەيزىسى بولسا ئالدى بىلەن رەقىبىنىڭ قالقىنىغا، كېيىن ئىگىرىنىڭ قېشىغا تېگىپ سۇندى. كېيىن ئۇلار ھەر ئىككىسى قىزىغان ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئاران بۇراپ، ئەمدى قوللىرىغا قىلىچ ئېلىشتى. كۈچلۈك جوشىنى بىردىنلا ئاتتىن غۇلىتىپ چۇشۇرىمەن دېگەن ئويدا ئىدى، بىراق رەقىبىمۇ ئاسانلا يېڭىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈچلۈكتىن 3 - 4 ياش كىچىك بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۇرغان قىلىچىنى بىردە قالقىنى، بىردە قىلىچى بىلەن قايتۇرۇۋەردى. لېكىن كۈچلۈكنىڭ بېسىمى، يېقىنلىقى پەيدىن - پەي بايقىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ بارلىق ئەپ - ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئۈلگۈرەلىدى. سۇبىتاي قېلىچىنى ئوينىتىپ يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى.

— ھەي نويان، — دېدى ئەمدى كۈچلۈك ئېتىنىڭ بېشىنى چەتكە تارتىپ، — تونۇدۇم سېنى، تېموچىننىڭ ئوغلى جوشى سەن. ئامال يوق، ئاۋۇ يالغۇز كۆزلۈك يالماۋۇزۇڭ كېلىپ قالدى. بولمىسا سېنى، ئاندىن تېموچىننى تىرىك ئۆلتۈرگەن بولار ئىدىم. خەير ئامانچىلىق بولسا يەنە ئۇچرىشارمىز، — كۈچلۈكنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئېيتىلدى. بىراق جوشى ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ جوشى، — دېدى ئەس - ھوشى قالمىغان سۇبىتاي، تەرلەپ كۆۋۈك باسقان ئېتىدىنمۇ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتاتتى. تايانخاننىڭ ئوغلىمۇ ئاۋۇ كەتكەن؟

— شۇ! كۈچلۈك!

— ئەمدى ئىككىنچى مېنىڭدىن نېرى بولما.

— ماقۇل سۇبىتاي نويان.

شۇ كۈنى قىزغىن جەڭ بولدى. تايانخاننىڭ ئەسكىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قالغىنى سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ جەڭ قىلىشتى. سۇباچوكۇرى كېچىچە جەڭدىن چېكىنمەي سانسىز جاراھەتتىن قانسىراپ ئۆلدى. تايانخاننىڭ ئۆزى ئەنە پاكارراق دۆڭدە قانسىراپ ياتىدۇ. قېشىدا يېقىن نۆكەرلىرىدىن، مۇھاپىزەتچىلىرىدىن تاشقىرى قىزى ئاسىبىش بىلەن توختاخۇن ئىككىسى بار. ئاسىبىش ئەرەنچە كىيىنىپ قورال ئاسقان، پەقەت كەچقۇرۇنلىقىلا ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك

كەچقۇرۇنلىغىلا ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك كەلدى.

— ئاتا ئەھۋالىڭ قانداق، — دېدى ئېتىدىن چۈشۈشكە، تايانخان ئۇنىڭغا كۆزىنى ئېچىپ ئارانلا قاراش بىلەن جاۋاپ بەردى.

— ئاتا قولاق سال، — دېدى ئوغلى ئالدىراپ، — تولۇق ۋەيران بولدۇق. تېموچىنىنىڭ باش كېسەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەيدىغاننىڭ ئورنىغا، بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. سول قانات تۈگەل قىرىلىپ بولدى. بۇ يەردىكى ئەھۋال بولسا مانا، پەقەت ئوڭ قانات بىر ئاز بەرداشلىق بېرىۋاتىدۇ. بىراق ئۇمۇ ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. ئالچىن ئۆلدى. قورغان بىت - چىت بولدى. ئاڭلاۋاتامسەم گېپىمنى؟

— تايانخان — «دەۋر» — دېگەن ئىشارىنى قىلدى.

— بىر ئامالنى تېپىپ كېتىش كېرەك. سېنىڭ جېنىڭنى ئاغرىتماي كۆتۈرۈپ كېتىمىز.

— تىڭشا ئوغلۇم، — دېدى بىر ۋاقىتتا تايانخان ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، — تىڭشا، تىرىك قالغان نايمانلارنى يىغىپ، قاراڭغۇ تۈندە ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەت! ئۆتۈپ ك — ...

تايانخان ئارتۇق سۆز قىلالمىدى. ئۇ ئەمدى مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كۈچلۈكنىڭ چوڭقۇر يۈرەك ئاستىدىن، ئۇلۇق پىغان ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئاتىسىغا بىر ئاز تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن قانداقتۇ بىر قەھرى بىلەن ئېتىغا سەكرەپ مىندى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن ھەتتا توختاخۇننىڭ تەن - تېنى جىغىلداپ كەتتى.

ئاتىسىنىڭ قىينىلىپ ئۆلگىنى، ئاكىسىنىڭ بىچارە نائىلاج قىياپىتى ئاسبىشنى ھەس - ھەسكە كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، ئاجايىپ بىر مىسكىنلىك بىلەن توختاخۇنغا قارىدى. ئۇنىڭ قىشىغا كېلىپ باش- كۆزىنى سىيپىدى. كۆزىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى ھايات بىلەن، توختاخۇن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئىدى. كېيىن ئۇ كەسكىن بۇرۇلۇپ، تەييار تۇرغان بوز ئېتىغا ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن مىندى — دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يىراقلاپ كەتتى.

توختاخۇن: «كەتمە» «ئۆلمە» — دەپ ۋارقىرىماقچى بولىۋىدى، لېكىن تامىقىغا بىر تۈگۈن كېلىپ تىقىلغاندەك بولدى. ئاسبىش جەڭ بولۇۋاتقان جەڭگەلەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ، ئوتتۇر تېموچىن تەرەپكە قاراپ يول تۇتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتەر پەيت تاپالماي تۇرغان ئېتى ئۇچۇپ دېگۈدەك كېلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇ تېموچىنغا يېقىنلاشقانسېرى ئالدىدىن ئادەملەر توغرا چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بەزىلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ساداق بىلەن ئېتىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

لېكىن ئۇلار قويۇقلىشىۋەردى. ئەمدى تېموچىننىڭ قېشىغا قىلىچى بىلەن بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئىلاجسىزلىقتىن غەزەپلەنگەن ئاسبىش، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئېتىنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋەتتى — دە، كەينى — كەينىدىن ساداقتىن ئوق ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىرى دەل تېموچىننىڭ پۇتىنىڭ قېشىغا چۈشۈپ سانجىلدى. ئىككىنچىسى، كەينىدە تۇرغان بىر نۆكەرگە تېگىپ ئۇنى غۇلاتتى. تېموچىن ئامان قالدى. چۈنكى ئۇ شۇ پەيت ئالدىغا كېلىپ سانجىلغان قىزىل رەڭلىك ئوققا ئېڭىشكەن ئىدى.

ئاسبىش قىزىغان ئېتىنىڭ بېشىغا ئىگە بولالماي خېلى ئۇزاپ كەتتى. كېيىن ئۇ قايتىشىغا ئالدىدىن بايا يولدا قالغانلار يەنە پەيدا بولدى. ئاسبىش ئۇلارنىمۇ بۆسۈپ ئۆتتى. شۇ پەيت تېموچىننىڭ قېشىدىكى نۆكەرلىرى ئاتلىرىغا سەكرەپ مىنىشتى.

— توختا! ئەمدى ئورنىڭدىن قوزغالما!

— دېدى تېموچىن يېقىنلىشىپ قالغان ئاسبىشتىن كۆزىنى ئالماي.

— ئۇلۇق تېموچىن، — دېدى بۇ كەمدە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىۋاتقان جامۇقە، — تېموچىن خان، مەن ئۇنى تونۇۋاتىمەن. ئۇ تايانخاننىڭ قىزى ئاسبىش.

— كىم بولسا شۇ بولسۇن. لېكىن ھايات كەچۈرۈشكە ئەرزىيدىغان جان ئىكەن. تەگمەڭلار. بىراق تېموچىننىڭ گېپى تۈگىگىچە ئاسبىشنىڭ جېنىمۇ چىقىپ بولغان ئىدى.

ئاسبىشنىڭ يولىنى توساپ تۇرغانلارنىڭ ئوقى كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭغا تەگكەنىدى. ئوقلار ئەمدى ئۇنىڭ جانسىز تېنىگە تېگىۋاتاتتى. ئاسبىشنىڭ پۇتى ئۈزەڭگىدە قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تالاي

ئۆزىنى بىردىنلا توختىتالمىدى.

— بىچارىنىڭ ئاتىسى ئۆلگەن ئىكەن، — دېدى بۆگۈرجى، — ياردار ئىدىغۇ، بولمىسا جان ئۈزگىلىۋاتقان ئاتىسىنى تاشلاپ ئاتقا مىنمىگەن بولار ئىدى.

— ئۆلسىمۇ ئارمىنى يوق تايانخاننىڭ، — دېدى چوڭقۇر ئويدا قالغان تېموچىن، — خەلقنىڭ ھۆرمىتى، باللىرىنىڭ مېھرى - شەپقىتى بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئەمدى جەڭمۇ تۈگىدى. ئەتىمالىم، راست جەڭنىڭ چوقىنى، تاراق - تۇرۇقى بېسىلغان ئىدى.

مانا شۇ پەيت بەئەينى چۆچەكلەردىكىدەك دۇلدۇلغا مىنگەن، ئۇچقان قۇشتەك كېلىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى. ئۇ توغرىدىن - توغرا ئاق بوز ئاتقا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇشقا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلەردىن قېچىپ، ئۇتتۇر بايا كۆرۈنگەن بوز ئات تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بىچارە ئاسىبىشنىڭ بېشى ئەمدى ئاتقا سۆرۈلۈپ قالغان ئىدى. توختاخۇن ئېتىدىن سەكرەپ چۈشكەن پېتى ئاق بوز ئاتنىڭ قېشىغا كەلدى — دە، ئاسىبىشنى ئاۋايلاپ چۈشۈردى. ئاق بوز ئات بولسا مانا بىزنىڭ قالغان ئەھۋالىمىز، دېگەندەك توختاخۇننى تۇمشۇقى بىلەن تۈرتۈپ پۇراشقا باشلىدى. ئاڭغىچە تېموچىننىڭ ئادەملىرىمۇ قىلىچ - نەيزىلىرىنى تەڭلەپ يېتىپ كەلدى. بىراق كىيگەن كىيىمىمۇ، شەكىل — چىرايىمۇ نايمانلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئادەمنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا قورالمۇ كۆتۈرەلمىدى. چۈنكى توختاخۇن قورالسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بولسا قارىقاشقا ھەم ئاق بوز ئات بىلەن بەنت ئىدى. خۇسۇسەن، ئۇلار قارىقاشقا ئالاھىدە زوقلىنىپ قاراۋاتاتتى. توختاخۇن ھېچكىم، ھېچنەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەي ئاسىبىش بىلەن ئاۋارە. ئۇنىڭ تېنىدىكى ئوقلارنى ئالدى، تىرىكتۇر بەلكىم دەپ تومۇرنى تۇتۇپ كۆردى. كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۆزى يوغان، قېلىن كىرپىكىگە، تېخى باللىق چاغلىرىدىكىدەك نەپىس لەۋلىرىگە سىدام مەڭزىلىرىگە تويماي قاراپ ئولتۇرىدۇ.

— ھەي ساقاللىق! نەنىڭ نېمىسى سەن؟! — دېدى جەڭچىلەرنىڭ بىرى.

توختاخۇن ئۇنىڭ سوئالىغا ئېرەنمۇ قىلمىدى.

— ھەي! سەن كىم دەۋاتىدۇ؟

— پاڭقايغۇ دەيمەن ئۆزى؟

— ياق ساراڭ بولسا كېرەك. بولمىسا ئۆلۈكنى قۇچاقلاپ ئولتۇرامدۇ؟

— ھەي يېتەر ئەمدى، ۋاھ! تۇتۇشقىنا! مۇنىنى، نېرىراق ئاپىرىپ تاشلاڭلار.

ئۇلار ھەقىقەتەن ئاسىبىشنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىشكە باشلىدى. بىراق شۇ پەيتتە ئۇلار كېيىن ئۆزىنىڭ نەگە ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى، نەيزىلەرنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەي قېلىشتى. قالغىنى قوراللىرىنى ئويىنىتىپ، توختاخۇننى پارە - پارە قىلىۋېتىشكە تايىن تاپقاندا تۇيۇقسىز: «توختا!» دېگەن قاتتىق ئاۋاز كەلدى. ئۇنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر ئورۇنلىرىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن تېنى شۇركۈنگەن توختاخۇنمۇ دەرھال ئۇ تەرەپكە قارىدى. ئالدىدا بىر توپ ئاتامان - چاپارمەنلىرى بىلەن تېموچىننىڭ ئۆزى تۇرغان ئىدى.

— تاتاتۇڭا دېگەن سەنغۇ؟ ماڭا مېنىڭ قېرىندىشىم جامۇقە ئېيتتى، — دېدى ئەمدى تېموچىن سەۋرلىك بىلەن، — بىراق مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟

— قېرىندىشىڭ جامۇقە بولسا، سېنىڭ كىملىكىڭ ماڭا ئېنىق بولدى. سەن تېموچىن، توختاخۇنغا ئېنىق بولدى. سەن تېموچىن، — توختاخۇننىڭ بۇ جاۋابى تېموچىن بىلەن بۆگۈرجىنى ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قاراتقۇزدى.

تېموچىن باياتىن بېرى، توختاخۇن كۆرۈنگەندىن بۇيان ھەممە ۋەقەنى بايقاپ تۇرغان ئىدى، ھەتتا ئاسىبىش ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭغا قانچىلىك مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىۋاتقىنىنىمۇ كۆردى، سەزدى.

— ئېيتقىنا تاتاتۇڭا! ئۆلۈپ ياتقان سېنىڭ ئەمەس، سوباچوكۇرنىڭ خوتۇنى، — دېدى ئۇنىڭدىن يەنە سىر ئالماقچى بولغان تېموچىن، — سەن ئۇنىڭغا نېمانچە قىلىپ كەتتىڭ.

— ئاسىبىش يەنى تايانخاننىڭ قىزى، مېنىڭ بارلىق ھاياتىم ئىدى. لېكىن تەقدىر ئىككىمىزنى قوشمىدى. ئەمدى تەقدىر قوشمىدى دەپ ھاياتىمنى ئۇنتۇيمەنمۇ؟ ئۇنتالمايمەن.

— ئۆلگىنىنى كۆردۈڭ، كۆرۈپ تۇرۇپ



Turpanological Research

— ئۆلگىنىنى كۆردۈڭ، كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۆلۈمگە باش تىكىپ كەلدىڭ؟

— ئۆلۈمنى ئويلىماپتىمەن.

— ھەرھالدا ئويلاش كېرەك، بىر خوتۇننى دەپ شۇنچە تەركى دۇنيا بولغىنىڭغا چۈشەنمىدىم؟

- چۈشەنمىسەڭ دېمەك چۈشەنمەيسەن، چۈشىنەلمەيسەن.

— ئۇ دېگىنىڭ دۇرۇس، - دېدى تېمۇچىن. نىمىشقىدۇر تېرىكمەي، ئەتراپىدىكىلەر بولسا بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ھازىرلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ كۈتكەن ئىدى، — دېگىنىڭ دۇرۇس، چۈشەنمەيمەن، چۈنەنگۈمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى بىز موڭغۇللار ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمىز باشقا مۇھىمراق ئىش ئۈچۈن يارالغان.

نۆكەرلەر ئەمدى چۈشەندى. تېموچىن كۈچ بىلەنلا ئەمەس، سۆز بىلەنمۇ، ئەقىل - ئىدراك بىلەنمۇ يېڭەلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ توپ ئارىسىدا ھازىر ئالقىشلىغاندەك شىۋىر ئاڭلاندى. ئۇستۇن كەيپىيات پەيدا بولدى. توختاخۇن ئۇنچىقمىغاچقا تېموچىنمۇ ئۇنى ھۇشىغا كەلتۈردۈم، — دەپ ئويلىدى. توختاخۇن ئۈچۈن ئارتۇق تالىشىپ ئولتۇرۇش تامامەن ئورۇنسىز دېگەن قارارغا كەلگەن ئىدى.

— بىراق ئەجەلدىن قورقىدىغان تۇرۇڭ يوق. بىزمۇ سېنى قويۇپ بېرەيلى دەۋاتمايمىز. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە.

— ھەق پارالڭ، ئەرلىك مېنىڭدە، بىزگە سېنىڭ ئاز زىيىنىڭ تەگكىنى يوق، مانا مېنىڭ قىرىندىشىم جامۇقە ھەققىدىكى پىكرىڭ ناچار كۆرۈنىدۇ. ئۇ ماڭا قارشى ئورۇشمايمەن دەپ ماڭسا، سەن ئۇنىڭ ئالدىنى توساپسەن.

— ئۇ خائىنلىق قىلدى.

— ماڭا ياخشىلىق قىلدى. جەڭدە ھەر بىر ياردەم ھېسابلىنىدۇ. ھە، سەن بولساڭ ھازىرمۇ ئۇنى ھاقارەتلەۋاتىسەن. جامۇقە ئۇنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇ سېنىڭدىن ئۆچ ئالىدۇ. ھازىر گۇناھىڭنى قىلىچ بىلەن يۇيىدۇ. مەن ئۇنى توختا! دەپ دېيەلمەيمەن. چۈنكى بۇ ۋىجدان، شان، غورۇر مەسىلىسى.

جامۇقە جانلانغاندەك بولدى. تايانخان قېشىدىمۇ بىرىنچىلىكنى بەرمىگەن، ئابرويىغىمۇ ئىگە قىلدۇرمىغان مۇشۇ ئويغۇر، ھەممە ئابروي - ئاتاق مۇشۇنىڭ بولدى. ھەتتا يامان كۆرسەتكەن چاغلىرىچۇ؟ يارايسەن تېموچىن. ياخشىلىقنى بىلدىڭ. گورباسۇ بىلەن جامۇقەنىڭ سىرىنى بىلىدىغان مۇشۇ، مانا ئەمدى رىقابەتچىمۇ، گۇۋاھچىمۇ قالمايدۇ، خالاس.

— بۇنىڭغا سەن نېمە دەيسەن قېرىندىشىم؟ ئۇلار ئەمەسقۇ، بۇنىڭ ساڭا نىسبەتەن جىنايىتى ئۈچۈن جازاسىنى بېرىش كېرەك. مانا ۋىجدانى بار ئادەمنىڭ گېپى، قېنى چۈش ئېيتىڭدىن، ئال قورالىڭنى! قايسىنى خالايسەن؟ قىلىچمۇ - نەيزىمۇ؟

— قىلىچ ئەپلىكرەك، — دېدى تېموچىنىنىڭ سۆزلىرىنى: «ئۆلتۈر، ھۆكۈمنى ئورۇنلا» دەپ چۈشەنگەن جامۇقە، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرغان توختاخۇن تەرەپكە ئاستا قىيناپ ئۆلتۈرگۈسى كەلگەندەك قەدەم تاشلىدى.

— توختا! بىر ئاز سەۋر قىل، جامۇقە، بىز موڭغۇللار جاللات ئەمەس. راستقۇ؟ كىشى ئۆلتۈرۈش بولمىسۇن. يەكمۇ - يەك بولسۇن. بۆگۈرجى، توختاخۇنغا قىلىچىڭنى بەر! جامۇقەنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. بۇ ئۈچۈقتىن — ئوچۇق ئۆلۈمگە ئىتتەرگەنلىك، بولمىسا بىلمەمدۇ؟ توختاخۇننى ئاڭلىمىغانمىدى؟ ئامال قانچە ئەمدى، چېكىنىشكە يول يوق. ۋىجدان، غورۇر ۋەھاكازالار ھەققىدە باياتىن بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. مانا بۇنى ئەمدى جامۇقە چۈشەندى. تېموچىنىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھەيران قېلىشتى. پەقەت تېموچىن بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى ھېچبىر گەپ - سۆزسىز چۈشىنىپ ئادەتلەنگەن.

بۆگۈرجىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئېيتىدىن دەرھال چۈشۈپ قىلىچنى توختاخۇنغا چىن كۆڭلىدىن ئۇزاتتى. توختاخۇن ھەيران بولۇپ تېموچىنغا قارىدى. «ئۇرە، قېنى باشلا» — دېگەندەك ئىشارە بىلدۈردى.

ھەر ھالدا جامۇقە بىر قەبىلىنىڭ داھىسى، ئۆزىمۇ: «ئورۇش دېسە، نېمە قاراپ تۇرۇش» دەيدىغانلارنىڭ بىرسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم باشلىدى.

Turpanological Research

تېمۇچىننىڭ ئۆپ - چۆرىسىدىكىلەر تالاي جەڭگە ئارىلىشىپ، قاننىڭ ھىدىغا ئۆگىنىپ قالغان ئەمەلدارلار ۋە ئادەملەر، ئامال قانچە؟ بۈگۈنكى جەڭگە ئارىلاشمىدى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا قان تۆكۈلمەكچى، ئەمەك تېپىلدى. ئۇلارغا ئۆزلىرى بىۋاسىتە قىلىچ ئۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، ئىككى رەقىبنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچنى بەئەينى ئۆزىنىڭ قولىدا ھېس قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە نائىلاج بولۇشۇپ ياكى رازى بولۇشۇپ تۇرىدۇ.

توختاخۇن ھە دېگەندىلا جامۇقەنىڭ بىر - ئىككى، كېيىن يەنە ئىككى - ئۈچ ھۇجۇمىنى قايتۇردى. ئۆزى تېخى ھۇجۇم قىلغىنى يوق. جامۇقەنىڭ تەكرار ھۇجۇمىغا يەنە جاۋاب بېرىش بىلەن بولدى. بىراق ئۇنىڭ ئارتۇق ھېلىسى، ئۇسۇلىنىڭ قالمىغىنىغا كۆزى يەتتى. شۇندىمۇ بار كۈچى، بار ئامالى بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. كۆزلىرى قىزىرىپ قان تامغاندەك بولۇپ كەتكەن، ئىلاجىسى بولسا ھازىر توختاخۇننى تىرىك يۇتىۋەتكىدەك قىلىۋاتىدۇ. جەڭنى تاشلاپ چېكىنىشنىمۇ ئامالى يوق. چۈنكى تېمۇچىننىڭ ئۆزى ئەجەل بىلەن ئوينىتىپ قويىدى. قۇيرۇقنى بىردە ئۇياققا، بىردە بۇياققا تاشلاپ يۈرگەن نائىنساپ، ئالدامچى تۈلكە ئەمدى قىستاققا ئېلىنىدى. ئۇ قىستاقتىن جامۇقەنىڭ مانا مۇنۇ پېشانىسىگە ئۈنگەن ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپلا قوتۇلۇشى ۋە جان ساقلىشى مۇمكىن.

— ھەي توختاخۇن! قولۇڭدىكى قىلىچمۇ ياكى كۆسەيمۇ؟ قاچانغىچە قوغدىنىسەن؟ زېرىكتۈردۇڭغۇ كىشىنى.

— ھۇش كاللىسى جايىدا ئەمەس بىچارىنىڭ — دېيىشتى جەڭ نەتىجىسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان موڭغۇللار.

ئۇنى موڭغۇللارنىڭ سۆزلىرى ئىلھاملاندۇرغىنى يوق. بەلكى ھەقىقەتەن دەسلەپ ھودۇقۇپ قالغان ئىدى. ئومۇمەن يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ باش - ئايىغى چىقمىدى. كېيىن ئۇنىڭ جامۇقەنىڭ سۆرۈن، غالجىرلاشقان ئەپتى - بەشىرىسى ھۇشىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزى تېخىچە سۇنايلىنىپ ياتقان ئاسىبىشقا چۈشۈپ جامۇقەگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاسىبىشنى بىۋاسىتە جامۇقە ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئاشۇنىڭ كاساپىتىدىن، خائىنلىقىدىن بولدى، دەپ ئويلىغان توختاخۇننىڭ غەزەپ - ئوتى قايىندى — دە، ئۆزىگە يەنە ھۇجۇم قوزغىغان جامۇقەنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆپ - چۆرىدىكى چوقان تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئەمدى ھەۋەس، زوقلىنىش ساداسى ئىدى. موڭغۇللار مانا ئەمدى جامۇقەنىڭ كاللىسى كۆك چىمەنگە دومىلاپ چۈشىدۇ، دەپ كۈتىشىۋىدى، بىراق ئۇنداق بولمىدى. كەينىگە بىر - ئىككى قەدەم چېكىنىدى — دە، توختاخۇن قىلىچنى چەتكە تاشلىدى. موڭغۇللار ئۇنىڭغا ھەيران قېلىپ ئۈلگۈرمەيلا جامۇقە غىلاپىدىن ئۇزۇن جەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قورالسىز توختاخۇنغا ئېتىلدى. ئەمما ئۇنىڭ پىچىقى توختاخۇنغا يېقىن دارىمىدى. ئاشۇ پەيت توختاخۇننىڭ قولىدا كىچىككىنە خەنجەر پەيدا بولدى. بۇ، ئاسىبىش ھەدىيە قىلغان خەنجەر. ئاشۇ ئاسىبىشتىن قالغان بىردىنبىر يادىكارلىق كۆزىنى ئېچىپ يۇمغىچە جامۇقەنىڭ دەل يۈرىكىگە كىردى. يەر - زېمىن بىردەم جىمىپ قالدى. توختاخۇن بولسا ئالدىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان جامۇقەگە بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ئاستا ئاسىبىشنىڭ قېشىغا باردى. قولىدىكى خەنجىرىنى چۆپكە سۈرتۈپ، خەنجەرنى ئاسىبىشنىڭ بىقىنىغا ئېسىقلىق تۇرغان خەنجىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېلىپ قويدى.

— بۆگۈرجى! قېشىغا كىشى قوشۇپ، بەر، — دېدى تېمۇچىن شالاڭ ساقىلىنى سىيلىغان ھالدا، توختاخۇن تەرەپنى كۆرسىتىپ، - خالىغىنىنى قىلسۇن. قويۇپ بېرىڭلار. كېيىن ماڭا ئۆزىنى ئېلىپ كېلىشسۇن. ھە، مۇنۇنىڭ ئۆلۈكىنى يىراققا ئاپىرىپ تاشلىسۇن. ئىتقا ئىتنىڭ ئۆلۈمى بولدى. ئەمدى تايانخان مەرھۇمنىڭ ئوردىسىغا بارايلى.

تېمۇچىن ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى، سىپاھلىرى ئارىسىدا كېلىۋاتىدۇ. مانا ئۇلار جەڭ بولغان يەرلەرگىمۇ كېلىپ يەتتى. كەڭ ۋادىنى توگەل دېگىندەك ئادەملەرنىڭ

جەسەتلىرى قاپلاپ كەتكەندەك··· خۇسۇسەن، ناكۇ - كۈن دەپ ئاتىلىدىغان تىك شىلىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر جەسەتلىرىدىن ئاتلاپ ماڭغىدەك جاي يوق. جامۇقە دۈشمەنگە يول ئېچىپ بەرگەن مۇشۇ تەرەپ، بۇياقتا نايمانلارنىڭ ئۆلۈكى كۆپرەك. ئەمدى تايانخان ئوردىسى تەرەپتە يەنە ئىككى قاناتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، خۇسۇسەن هارۋا، ياغاچ تاشتىن ئالدىراشلىق ياسالغان قورغان ئالدىدا بولسا تېموچىننىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ قىرىلغان.

هازىر قورغاننىڭ ئۆزىمۇ بىت - چىت قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچكىرىسىگە تىكىلگەن چوڭ - كىچىك سانسىز ئۆيلەرمۇ ۋەيران قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كەرگە، چاڭراقلىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ ياتقانلىرىمۇ، تېخىچە كۆيۈۋاتقانلىرىمۇ بار. پەقەت تايانخاننىڭ ئۆيى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئون - ئون بەشچە ھەشەمەتلىك تىكىلگەن ئۆيلەرلا ساق قالغان. ئۇلارغا موڭغۇللار تەگمەپتۇ.

— قارىغىنا تېموچىن، مانا چېدىر دېگەن! — بوغۇرجى تايانخاننىڭ ئۆيىگە زوقلىنىپ قارىدى.

— دوستۇم بوغۇرجى، مەن ئۇنداق ئۆيدىن تالايىنى كۆرگەن. خوئاندىلارنىڭ نويانلىرى ئەنە شۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى.

— ھە، مۇنىڭدا بولسا تايانخان تۇرغان ئىدى، ئەمدى سېنىڭ بولدى، — تېموچىنخان ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، قورالسىزلاندۇرۇلغان نېرىسىدا، كەڭ ئۇچۇق بىر جايدا نايمانلارنىڭ دوربانلار، تاتارلار ۋە باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا نايمانلارنىڭ ئامان قالغان قېرى - چۆرىلىرى، بالا - چاقىلىرى، ئارىلىرىدا باش - كۆزى قانغا مىلانغان، كىيىمى جۇل - جۇل كەتكەن جەڭچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار دەرمانىنىڭ يوقىدىن تېموچىنغا نەپرەت ياكى بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچ دېگەن يالۋۇرۇش، ئىلتىجا بىلەنمۇ قارالماي بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئارانلا تۇرىدۇ. تېموچىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇلارغا تۈگەل قاراپ چىققاندىن كېيىن بوغۇرجى:

— ھەي تايانخاننىڭ نويانلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە قۇللىرى! مەمەندانلىقى، نىيىتىنىڭ يامانلىقى، ئاچكۆزلۈكى ئۈچۈن تايانخانخېنىملارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى جازالاپ، جېنىنى ئۆزى ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇلۇسى تۈگەل ئۇلۇغ تېموچىننىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەگەر ئۇنى خالىماي قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار ياكى قارا نىيەتلىك قىلساڭلار ئۆز ئۆۋالىڭلار ئۆزەڭلەرگە. ئەمدى مانا بىزنىڭ قۇدرەتلىك خانىمىزغا يىپەك، ئالتۇن - كۈمۈش، قورال - ياراغنىڭ بارلىقىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى ۋە تېموچىننىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى.

— ئوھوي! دۇنيانىڭ بارلىقى بارغۇ. نېمە دېگەن بايلىق، — بوغۇرجى ئۆي ئىچىگە سەپ سېلىپ قاراۋاتقان تېموچىننىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— راست! بايلىقنى توپلىغان ئىكەن. خالىغىنىڭنى ئال، بوغۇرجى دوستۇم.

بوغۇرجى سېپى ئالتۇندىن نەقىشلەنگەن خەنجەر، كۈمۈش ساپلىق قىلىچ ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ غىلابى ئالتۇن، قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەن.

— سەنمۇ ئىنىم قاسارغا ئوخشاپ كېتىۋاتىسەن، — دەپ كۈلدى تېموچىن خان، ھازىر ئۇ كىرسە كۆرىسەن. باش - ئايىقىغا تۈگەل قورال ئېسىۋالىدۇ.

— سېنىڭ پەيلىڭگە قارىغاندا قورال كېرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— تېموچىن خان، — بوغۇرجى چاقچاقنا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى، — قاسار ئىككىمىزنىڭ باشقىنى تاللىمايدىغانلىقىمىز شۇنىڭدىن بولار، — ئۇ ھەر ھالدا ئۆزىنى يەنە ياخشى كۆرسەتتى. ياخشىراق سوغاتلار ···.

— ھەممىنى رازى قىلىمەن بوغۇرجى دوستۇم!

شۇ پەيتتە بولارنىڭ قېشىغا سۇبىتاي، جېبې، قاسار ئۈچى كىردى.

— ھەممىسى تۈگىدى تېموچىن خان، — دېدى سۇبىتاي نويان، — ھەممىسى بېسىلدى. ئۇلۇغ ئىشنى ھەل قىلدۇق. كىرولۇن بويىدا بىز تاتارلارنى بىت - چىت قىلدۇق، ئەمدى مانا بۇ يەر — ئالتايدا بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىمىز نايمانلارنى تارمار قىلدۇق. ئەمدى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئاداۋەت يوقۇتۇلۇپ خاتىرجەملىك ئورنىتىشىڭغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

شۇ پەيتتە تالادا ۋاراڭ - چۇرۇڭ

Turpanological Research

ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەي ئىككى نۆكەر گورباسۇ خاتۇننى ئېلىپ كىردى.

— چاتاق چىقىرىپ ئائىلەمنى بېشىغا كىيدى، — دېدى نۆكەرلەرنىڭ بىرى. گورباسۇ بولسا ئۆيگە كىرگەندىمۇ چاتىقىنى قويمىدى. نۆكەرلەرنىڭ قوللىرىنى چىشلەپ، ئۇنى ئۇياقتا بۇنى بۇياقتا ئىتتىرىش بىلەن بولدى.

- باس! ئۇنىڭنى قانجۇق! — زىلدەك ئاچچىق چىققان ئاۋازدىن گورباسۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. تېموچىننىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ بولسا تەن - تېنى دىرىلداپ پۈتكۈل ئەزايىدا دەرمان قالمىدى.

— كىمسەن؟! — دېدى تېموچىن تېغىچە تېرىككىنىنى باسالماي.

گورباسۇنىڭ جاۋاب بېرىشكىمۇ ھالى قالمىدى.

— تايانخاننىڭ خوتۇنى دېيىشىدۇ، — گورباسۇنىڭ ئورنىغا نۆكەرلەرنىڭ بىرى جاۋاب بەردى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ بېرىراق كەل، — تېموچىن خۇددى تىلسىمغا بېقىنغاندەك پۈتلىشىپ تەمتىرەپ قېشىغا كەلگەن گورباسۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ يۇقىرى كۆتۈردى.

— بىز بىلەن يەنى ياۋايى موڭغۇللار بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىكەنسەندە؟

«بۇنىڭغا يېتىپتۇ مېنىڭ سۆزلىرىم، ئەمدى ئۆلۈم» دەپ ئويلىدى گورباسۇ تامامەن ھالسىراپ.

— دېمەك، نايمانلارنىڭ ئىنانچى خاننىڭ كېنىزىكى سەن بولدۇڭ — دە؟ ئومۇمەن چىراي - شەكلىڭ جايىدا، ئىنانچى خاننىڭ ئوغۇللىرى تايانخان بىلەن بۇيرۇقخان سېنىڭ ئۈچۈن يامان بولۇشۇپ كەتكۈچىلىكىمۇ بار ئىكەن. بىراق شۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئەرزىمسەن؟ يوقمۇ؟ بىراق، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز — ھې. ھې! ھازىرچە بارىۋەر. نۆكەرلەر گورباسۇنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ئېلىپ چىقىشىغا خىزمەتچىلەر كوزىلاردا قىمىز، قۇرت - ئىرىمچىك، سۇر - گۆش ۋاھاكازالارنى ئېلىپ كىرىشتى. داستىخان ئۈستىدە ئەمدى بۈگۈنكى جەڭ توغرۇلۇق سۆز باشلاندى.

— نايمانلار ئۆلۈشۈپ بېرىشمىدى، — دېدى بىر ۋاقىتتا يوغان بىر پارچە مايلىق گۆشنى يۇتۇۋېتىپ، ئەمدى قىمىز سۈمۈرۈپ ئولتۇرغان سۇبىتاي نويان، — ھەرھالدا سەن تەرەپ بىزگە قارىغاندا ئانچە قىيىن بولمىدى.

— قاسار ئۇنىڭغا: — چوڭكى جامۇقە يول ئېچىپ بەردى. ئېيتماقچى قېنى ئۇنىڭ ئۆزى؟

— جامۇقە يوق. ھېلىقى نايمانلارنىڭ ئۇيغۇرى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويدى، — دەپ جاۋاب بەردى بۇگۇرجى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇشتى، ئاندىن ئۇلار بولغان ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇشتى.

— قىزىق ئىكەن، — ئەمدى جېبې نويان چىشىنى كوچىلاپ بىر كېكىرىۋالدى — دە، — ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ تىرىكما؟

تېموچىن سىرتقا بەلگە بېرىۋىدى. چەمبەر - چەس تۇرغان نۆكەرلەرنىڭ بىرى كىردى.

— ھېلىقى تاتاتۇڭا نەدە؟

— ئولتۇرىدۇ، ھېلىقى ئۆلۈك خېنىمنىڭ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ.

— چاقىرىڭلار.

تېموچىن توختاخۇننى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ بايا كۆرگىنىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. رەڭگى روھى ئۆچۈپ كەتكەن. مۈرىلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى ئىچىگە چۈشۈپ ئارانلا پارقىراپ تۇرغاندەك، بەشمىتىنىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ ئەتمەپتۇ. چېچى پاخپايغان، سۆلەتلىك قەددى - قامىتىمۇ ھازىر موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

— ھامانەم بىزنىڭ ئىقلىمغا زادى ئوخشىمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇنىڭدىن كۆز ئالماي ئولتۇرغان تېموچىن، — ئوخشىمايدۇ. ياق چىراي - شەكلى، ساقال بۇرۇتى ھەتتا بويىغىچە چۈشۈپ تۇرغان بۇدرە چېچىنىمۇ دېمەيمەن. قەددى - قامىتى باشقىچە، زىلۋا، پۇتلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاش مايماق ئەمەس. ئىغاڭلىماي تۈپتۈز مېڭىشى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. ئۆزىنى قانداق ئەركىن تۇتىدۇ دېمەمسەن؟ ھەتتا مېنىڭدىنمۇ، مۇنۇ ئولتۇرغان قىلىچىدىن قان تامغان نويانلاردىنمۇ ئەيمەنمەيدۇ. بىراق ھازىر مىسكىنلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئۇلۇغ خان، — دېدى توختاخۇننى ئېلىپ كىرگەن نۆكەرلەرنىڭ بىرى تېموچىننىڭ ئويىنى بۇزۇپ، — مۇنۇ

ئۇيغۇردا يوغان ئالتۇن بار، ھېچقايسىمىزغا بەرمىدى.

— سوراپ ئۆلتۈردىڭلارمۇ؟

— ياق! بىراق سىزدىن قورقتۇق. بولمىسا قىلغان ئەلىمى ئۈچۈن بوينىنى توغرىۋېتەتتۇق، — دېدى ئۇ ئىششىپ كەتكەن بۇرنىنى، كۆكەرگەن قاپىقىنى سىلاپ.

— قانچىڭىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلدى؟

— ئىككى سۇنغانلارمۇ بار.

تېموچىن خىرىلداپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كامدىن - كام كۆرىدىغانلار تېموچىنغا ھەيران بولۇپ قارىدى. توختاخۇن ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ئاراچ چىشلىرىنى كۆرۈپ: «چىشىنى تازىلىمايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— بوپتۇ بىرىۋېرىڭلار، — دېدى تېموچىن كۈلكىسىنى يىغىپ، - قېنى، ئۇيغۇر بېرى كەل. داستىخانغا ئولتۇر، كەل - كەل ئولتۇر، دېدىمغۇ.

— جامۇقەنى ئۆلتۈرگەن مانا مۇشۇ، — دېدى تېموچىن توختاخۇن داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇگۇرجىدىن باشقىسىغا قاراپ، توختاخۇن دېگەن ئۇيغۇر مانا مۇشۇ بولىدۇ.

ئاڭغىچە پۇرىقى دىماقنى يارغىدەك ئىترەپ تۇرغان گۆش كىردى — دە، بوشىغان قاچىلار يەنە قېمىز بىلەن توشقۇزۇلدى. يەنە شۇ قورۇق گۆش. يەنە شۇ قېمىز، توختاخۇن تاڭ سەھەردە ئالدىراشلا قاتتىق — قورۇق يىگەن پېتى، شۇنىڭدىن بۇيان ئاغزىغا ھەتتا بىر يۇتۇم سۇمۇ ئالمىدى. بىراق ھازىر تاماقتا ھېچبىر قارىغۇچىلىكى يوق. ئەنە ئۇ ئالدىدىكى تاماقتا قولمۇ سۇنمىدى.

— نېمىشكە ئالمايسەن؟ تاتاتۇڭا! — دېدى ئۇنى بايقىغان تېموچىن، — ئال، يە، بىز بىلەن قاتار ئولتۇرغۇڭ كەلمەمدۇ؟

— تېموچىن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماقلىنىش چوڭ ھۆرمەت، — دېدى توختاخۇن ئۇنىڭ كۆزىگە توغرا قاراپ، — بىراق تاۋىم يوق.

— ئۇنداق دەپ تېموچىندىن قۇتۇلالمايسەن. سەۋەبىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك.

سەۋەبى بو' ' جامۇقە تاتاتۇڭانىڭ كۆز ئالدىدىن ھېچ كەتمەيدۇ. بولۇقلاپ ئاققان قېنى، خىرىلداپ جان ئۈزگەنلىكىنى ئويلىسا، ھەتتا يۇتقان تۈكۈرۈكىمۇ كەينىگە قايتىۋەردى.

— ئۆمرۈمدە كىشى ئۆلتۈرمىگەن ئىدىم، — توختاخۇن راستىنى ئېيتتى، — جامۇقە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ.

— ئۇنچىلىك نازۇك بولساڭ نېمىشقا خەنجەر ئۇردۇڭ ئۇنىڭغا؟

— ئۆزۈڭغۇ ئۆلتۈر دېگەن.

— نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن؟ ئۇنداق دېمىدىمغۇ؟

— ئۇنداق دەپ ئېيتمىدىڭ. بىراق شۇنى خالىدىڭ. مەن توغرىلىق ئاڭلىغىنىڭ بار ئىكەن. بىر ئەمەس ئۇنداق نەچچە جامۇقەگە جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىمنى بىلدىڭ. بىلىپ تۇرۇپ قولۇمغا قورال بەردىڭ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىم. بىلدىڭمۇ؟

تېموچىن توختاخۇننىڭ سۆزىگە قايىل بولغان ھالدا مايلىق قولىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سۈرتتى.

«ئۆتۈكىنىڭ قونچى توپا — چاڭغۇ» — دەپ ئويلىدى توختاخۇن — ھازىر يەنە تاماق يەيدۇ تېخى.

— خوش؟

— بىلدىم، ئۇلۇغ خان، — دەپ جاۋاب بەردى توختاخۇن سالماقلىق بىلەن، — بىلدىم، جامۇقە خائىن، ئۇ دەسلەپ سېنىڭ دۈشمىنىڭ ئىدى، كېيىن كۈچەيگىنىڭنى كۆرۈپ سېنىڭ بىلەن قېرىنداش بولدى. بىراق ئۇ چاغلاردا نايمانلار سېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. سانىمۇ، بايلىقىمۇ ئارتۇق ئىدى. شۇنى بىلگەن جامۇقە غىپلا قىلىپ بۇ تەرەپكە ئۆتتى. سېنىڭ ئەسكىرىڭنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە سەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كىم بىلىدۇ؟ يامان ئېيتماي ياخشى يوق، دېگەندەك بېشىمغا كۈن چۈشسە مېنى يەنە سېتىۋېتىدۇ دەپ ئويلىدىڭ. چۈنكى خاننىڭ ئېتى خان.

توختاخۇن بىلىپ ئېيتتى. ئۇنى بۇگۇرجى باشتىلا چۈشەنگەن. تېموچىننىڭ نويانلىرى بولسا ئەمدى توختاخۇنغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. بىراق، بۇ ئۇيغۇر قىزىق ئىكەن. كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ. يوشۇرۇش، تېموچىن نېمە دەيدۇ؟ نېمە ئەمەس. بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ياقامدۇ ياقمامدۇ؟ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت

Turkological Research

بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. تېمۇچىن بولسا ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قايىل. ئەنە قانائەتلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

— بوپتۇ، شۇنداقمۇ دەيلى، — تېمۇچىن ئالدىدىكى تاۋاقنى نېرى قىلىپ بارماقلىرى بىلەن چىشىنى كوچىلاشقا كىرىشتى، — تىقىپ يۈرگىنىڭ قانداق ئالتۇن؟

— ئالتۇن ئىكەنلىكى راست. بىراق ئاددىي ئالتۇن ئەمەس — مۆھۈر.

— ئۇ نېمىسى يەنە؟ قېنى ئەكەل بېرى.

— بېرەلمەيمەن، ئۇنى ماڭا كىم تاپشۇرغان بولسا، پەقەت شۇ ئالالايدۇ. ئۇ نايمانلار دۆلىتىنىڭ مۆھۈرى.

— ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن تاتاتوڭا، بىراق ھازىر بالىنىڭ سۆزىنى قىلىۋاتىسەن، — دېدى تېمۇچىن، — قېنى ئۇ دۆلەتلىك؟ دۆلەت! نەدىكى بىر پاراڭنى قىلىپ... تايانخان ئۆلدى. ئوغلى كۇچلۇك بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. نايمانلار ئەمدى توگەل مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. ئەمدى ئۇنىڭ مۆھۈرىچۇ كىمنىڭ بولماق؟ ھەتتا مانا سەنمۇ مېنىڭ.

ئەلۋەتتە، ئەھۋال ئەمدى شۇنداق بولغۇسى. ئەمدى مۆھۈرمۇ تېمۇچىننىڭ — توختاخۇن ئويلىمايلا گەپ قىلىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچى يىپەك بىلەن قاپلانغان قۇتىدىكى مۆھۈرنى تېمۇچىنغا ئۇزارتتى.

ئاستى ياپىلاق، دۈگلەك قىلىپ ياسالغان ئالتۇن سېپى بار، ئاستى تەرىپىگە بەلگە قويۇلۇپ، چۆرىدەپ خەت يېزىلىپتۇ. تېمۇچىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى — دە نويانلارغا: —تېمۇچىن يەنە مۆھۈرنى ئايلاندۇرۇپ قاراپ چىقتى.

— خاننىڭ بۇيرۇقى يېزىلغان قەغەزگە بېسىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى توختاخۇن.

— كۆرگىنىم بار. ئاڭلىغىنىم بار. بىراق بۇنىڭسىز بۇيرۇق ئۆتمەمدىكەن؟

— ئۆتمىدۇ ئۇلۇغ خان. مۇنۇ ئولتۇرغان نويانلىرىڭغا بۇيرۇق بەر ئۆتىدۇ. بىراق، يىراق — يېقىننى قانداق قىلىسەن؟ مانا ئۇلۇسۇڭ بۇ يېقى ئالتايغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ بارلىقىنى ئارىلاپ يۈرۈپ بۇيرۇق بېرەمسەن؟ يە ھەممىشە نويانلىرىڭنى ئەۋەتىپ ئولتۇرامسەن؟ مۆھۈر بېسىلغان پەرمانىڭنى ئەۋەت، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا ئۇلۇغ ئەلگە ئايلاندىڭلار. باشقا دۆلەتلەر بىلەن خەت ئېلىشىپ، خەت بېرىشىپ تۇرىدىغان گەپ، بىراق خەتنى ھەر كىم يېزىۋېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۆھۈر كېرەك. مۆھۈر پەقەت خاننىڭ ياكى ئۇ ئىشىنىپ تاپشۇرغان كىشىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

— شۇنداق دېگىن تاتاتوڭا! شۇنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ يۈرگەن سەن. بولمىسا ئۇنچىلىك ئىش خاننىڭ بېشىغا كىرىپ چىقمايتتى. كۆپنى كۆرگەن ئۇيغۇر ئىكەنسەن. يەنە شۇ كۆرگىنىڭنى بىلگىنىڭنى، ئۆزەڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى، نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەر. مېنىڭ بۇيرۇقۇم ئەنە شۇ.

— مەن نېمىشكە ئورۇنلۇغۇدەكمەن بۇيرۇغۇڭنى؟

خانىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ توختاخۇننىڭ بۇ جاۋابىغا ھەيران بولۇشتى. ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ ئولتۇرغان بوگورجى بولسا: ئىش چاتاقتا ئايلانمىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ قورقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ توختاخۇنغا «تولا قېرىشماسىڭچۇ» دېگەن ئىشارەت قىلىش بىلەنلا بولدى. بىراق ئۇنىڭغا توختاخۇن ئېرەن قىلمىدى.

— بايا سەنمۇ مەن دېگەن گەپنى قىلدىڭ، — دېدى توختاخۇن يەنە رايىدىن قايتماي، — كىم بولاپ ئالسا شۇنىڭ بولىدىغان مال ياكى مۈلۈك ئەمەسمەن.

— سەن ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن مېنىڭ بولماي كىمنىڭ؟ — تېمۇچىن سەل تېرىكمەي دېدى.

— ئەسىرگە ئېلىنىپ ساڭا قارشى جەڭ قىلغىنىم يوق.

ئولتۇرغانلار ئۆزىنى قولغا ئېلىپ سالقىنقانلىق كۆرسىتىۋاتقان تېمۇچىنغىمۇ، ھېچنىمىدىن ئەيمەنمەي سۆز تالىشىۋاتقان توختاخۇنغىمۇ نۆۋەت - نۆۋەت قاراشقان پېتى ھەيران بولۇشماقتا ئىدى. يەنە تېمۇچىننىڭ قولىغا چۈشكەن چاشقاننى بىردەم ئەمەك قىلىپ ئولتۇرغان مۈشۈككە ئوخشاش قىلىۋاتقىنىمۇ ؟ ئۇنداق ئادىتى بولىدىغان ئۇنىڭ ياكى باشقا بىر نىيىتى بارمۇ؟

— قولغا قورال ئېلىپ چىقسىلا ھېساب ئەمەس، — دېدى ئۇ ئەمدى سالماقلىق بىلەن، — سەن ئۇيغۇر بىزگە قارشى ئاز ئىش قىلغىنىڭ يوق. قىسقىسى، تايانخان

ئانچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن بولار ئىدى. ھەممىنى قىلغان سەن. دېمەك، قىلىچ تۇتۇپ چىققان بىر جەڭچىگە قارىغاندا مېنىڭ ھەسسە ئارتۇق دۈشمەنلىك قىلدىڭ.

ئۇنىڭ بۇ دېگىنى راست، تايانخاننىڭ جەڭچىگە قارىغاندا چارۋىچىغا ئايلىنىپ كەتكەن يىگىتلىرىدىن ئەسكەر قۇرۇشقا سەۋەب بولغانمۇ مۇشۇ تاتاتۇڭا. ئامال يوق، ۋاقىت قىسقا بولۇپ قالدى. ئەسكەرلەر تولۇق كۆرەك ئۆگىتىلمىدى. جەڭگە تەييار بولالمىدى. نايمانلار باشقا قەبىلىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاق قۇرالمىدى. نەتىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. لېكىن ھەر هالدا تېموچىن ئېيتقاندەك مۇناسىپ قارشىلىق كۆرسىتەلىدى. ئۇنىڭمۇ تالاي ئادىمى قىرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر قويۇپ ئولتۇرغان ئەيىبى ئورۇنلۇق

— راست، قويۇۋاتقان ئەيىبىڭ ئورۇنلۇق، — دېدى بىر ۋاقىتتا توختاخۇن تېموچىنغا ئەمەس بەلكى ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغاندەك، — بۇ جەھەتتە سېنىڭ ئالدىڭدا ئەيىبىم بار، — بۇ پاراڭنى قىلمىغىنىڭدا ئىشىڭ خاراپ بولاتتى، — دېدى خان كۆڭلى ئەمەن تاپقاندەك بولۇپ، دەسلەپ توختاخۇننىڭ بوگۇنكى قىلغان قىلىقلىرىغا، بەرگەن جاۋابى، ئۆزىنى تۇتۇشى، پەم ـ پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، «مەن سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى نېمىشكە ئورۇنلىغۇدەكمەن» دېگەن سۆزىمۇ نېمىشقىدۇ ئۆزىنى رازى قىلغاندەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن ئېيتقىنى ئۇنى قورۇق تەرسامۇ ياكى ئەقلى ئانچە چوڭقۇر ئەمەسمۇ؟ دېگەن گۇمانغا قويغان ئىدى. مانا ئەمدى ئاخىرقى سۆزى ئورۇنلۇق. ئەھۋالنى بىلگەن ھالدا ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ.

— راست، ئۆزەڭنى ئاقلاشقا تىرىشساڭ مېنىڭ چىشىمغا تەككەن بولار ئىدىڭ. بىراق تېخىشا تاتاتۇڭا، سېنىڭ تايانخانغا قىلغان ئەقىدەڭنى ئەيىپ دەپ ھېسابلىمايمەن. چۈنكى سەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدىڭ. چىن دىلىڭ بىلەن ياردەم بەردىڭ. جامۇقەغە ئوخشاش خائىنلىق قىلمىدىڭ. ئەمدى ماڭىمۇ ئۆزەڭنىڭ پاكلىقىڭ، ۋىجدانىڭ بىلەن خىزمەت قىل ياكى مەن ساڭا جەڭ قىلىشنى ئۆگەت دەۋاتمايمەن، ئۇنى مېنىڭدىن ئۆگەن. ماڭا سېنىڭ قەغىزىڭ كېرەك. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

ئەگەر جېنىمنى قىيغان بولساڭ، يۇرتۇمدىن چىقىپ كەتكىنىمگە تالاي يىللار بولۇپ كەتتى. سېغىندىم.

— يۇرتۇڭغىمۇ بارىسەن. بىللە بارارمىز، — دېدى تېموچىن نويانلىرىغا قارىغان پېتى سىرلىق كۈلۈپ.

ئۇنىڭ بۇ سىرلىق كۈلكىسى توختاخۇننىڭ كۆڭلىدە خۇدۇك پەيدا قىلدى.

ئۆز يۇرتى، گۈزەل شەھەرلىرى، چىرايلىق گۈلزارلىق باغ ـ ۋارانلار كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەنە شۇلار تېموچىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالارمۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق پاراڭ قىلدى؟ نىيىتى نېمە؟ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئىلگىرى پارچىلىنىپ بىر ـ بىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئويىنىغان موڭغۇللار ئەمدى ئۇلۇغ دۆلەت، سانى يوق ئەسكەر قۇرالىدى. بۇلار ئەمدى ئۆز يېرىدە تېنچ ياتالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ ئولتۇرغاننىڭ ئېتى تېموچىن، ئۇيغۇرلار بولسا قول يەتكۈدەك يەردە، ئەمدى چېگرىداش بولۇپ قالدى. تەقدىرنىڭ قاغىشى ئۇيغۇرلارمۇ بىر نەچچە خانلىققا بۆلۈنۈۋالغان. ھەر كاللىدا بىر خىيال، ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىدىن، ئۆز كويىدا، ئاداۋەتچىلىك. ئەمدى بۇياقتىن تېموچىن ئاتلانسا ھالىمىز نېمە بولار؟ ياق مۇشۇ يەردە قىلىش كېرەك.

«مۇنچە قارا كۈچىنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن بىرەر سەۋەبىم تېگىپ قالار، دەپ ئويلىدى توختاخۇن

— تاتاتۇڭا ئولتاردىڭغۇ؟

— بوپتۇ ئۇلۇغ خان. سېنىڭ دېگىنىڭ بولسۇن، كەت دېسەڭ كېتىمەن. قال دېسەڭ قالىمەن.

تېموچىن رازى بولغاندەك شالاڭ ساقىلىنى سىپىغان پېتى نويانلىرىغا قارىدى. رازى بولغىنى توختاخۇننىڭ ئاشۇ بىر سۆزىدىنلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىدى. نويانلىرىمۇ ئۇنى ماقۇللىغاندەك قىياپەتتە ئىدى.

— قېنى ئەمدى يېزىپ باققىنە، قەلىمىڭنىڭ كۈچىنى كۆرەي.

قەلەم ـ قەغەزگە تېخى ھېچكىم تېگىپ ئۆلگۈرمەپتۇ. چىرايلىق، قېلىن ئەپلىك ياسالغان، ئۈستىگە قېلىن يىپەك رەخ

يېپىلغان ئۈستەلمۇ ئۆز ئورنىدا، توختاخۇن شۇنىڭ قېشىغا ئېرىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى — دە، ئالدىغا قەغەز قويۇپ قولىغا قەلەمنى ئالغان پېتى تېموچىننىڭ سۆزىنى كۈتتى.

— ياز! مەن موڭغۇللارنىڭ قىيات بۇرجىگىتلەر قەبىلىسىنىڭ ھاكىمى بولغان ھابۇلخاننىڭ نەۋرىسى، يەسۇگەي باھادۇرنىڭ ئوغلى. ھازىر ئۆز ئۇلۇسۇم خان قىلىپ كۆتۈرگەن تېموچىن پەيدىن- پەي بىردە سۆز بىلەن، بىردە قورال بىلەن ئۇلۇغ دالانىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن قەبىلىلىرىنى ئەبەدتىن- ئەبەدگە بىر تۇتاش موڭغۇل خەلقى قىلىپ بىرلەشتۇرۇدۇم...

ئۇيغۇر ھەرپلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بەئەينى چېۋەر قولدا توقۇلۇۋاتقان كەشتىدەك چۈشۈۋەردى. توختاخۇن بەزىدە ئەپلىك قىلىپ ئۇچلانغان غاز قانىتىنى ئالتۇن يالاتقان دۇگەتتىكى سىياغا چىلاپ، يەنە سىلىق يېزىپ ئولتۇردۇ. ئەنە ئاخىرقى سۆزمۇ تۈگىگەندىن كېيىن «يەنىچۇ؟» دېگەندەك تېموچىنغا قارىدى. بىراق تىموچىن ئارتۇق سۆز قىلماي «قەغەزنى ماڭا بەر» — دېگەندەك ئىشارە قىلدى ۋە ئۇنى باش ئايىغىغا سەپ — سېلىپ قاراپ چىقتى. كېيىن ئۇ قەغەز نويانلارنىڭ قولىغا نۆۋەت بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا «ئەمدى بۇنى نېمە قىلىمىز» دېگەن قايمۇقۇش پەيدا بولدى.

— بۇ يۇرتتا تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك، قىزى ئاسبىش خەت تونۇيتتى. ئۇلار يوق، — دېدى بىر ۋاقىتتا توختاخۇن، ئۇلارنىڭ ھودۇقۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — ئۇلارنى ئوقۇتقان تۇغلۇق ئىسىملىك ئۇيغۇر ئىدى. ئەگەر ئۆلمىگەن بولسا مۇشۇ ئارىلىقتا، توپ ئارىسىدا.

كۆپ كېچىكمەي ئۆيگە تۇغلۇقنى ئېلىپ كىردى. ئۇ بىچارىمۇ تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. كۆزلىرى تىرتىيىپ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. چىرايىدا قان يوق. ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن. «ئۆلۈمگە ئېلىپ كەلدى» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ھازىر تامامەن ئەس - ھوشىنى يوقىتاي دېدى. تېموچىن قولىغا تۇتقۇزغان قەغەز تۇختىماي دىرىلدەۋاتىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ كۆزى توختاخۇنغا چۈشتى، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ چىرايىغا سەل قان يۈگۈرگەندەك بولدى. رەڭگى سەل ئېچىلاي دېدى.

— ئۇيغۇر دېگىنىڭ قەيەر كېلىدۇ دېسەم، قورقىنىدىن ھەتتا ئىشتىنىنى ھۆل قىلىۋېتىدىغانلارمۇ بار كۆرۈنەمدۇ؟ — دېدى تېموچىن ۋە سۆزىگە ئۆزى رازى بولغاندەك چۆرىسىدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ ئۆزىمۇ سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— ھەي ئۇيغۇر، — دېدى ئۇ شۇ پەيتتە جىددى قىياپەتكە كېلىپ، — ھودۇقما. سېنى ئۆلتۈرەي دەۋاتقىنىم يوق. قېنىمىز بېرىش!

تۇغلۇق بىر چۆچەك قېنىمىزنى سۇمۇرۇۋەتتى — دە، يانچۇقىدىكى يوغان، كۆزنى چېقىپ تۇرغىدەك ئاپپاق قول ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى، ساقال- بۇرۇتىنى سۈرتتى. ئۇنى كۆرگەن موڭغۇللار بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئەمدى قولۇڭدىكىنى ئوقى.

— مەن موڭغۇللارنىڭ قىيات بۇرجىگىتلەر قەبىلىسىنىڭ ھاكىمى ھابۇلخاننىڭ نەۋرىسى يەسۇگەي تېموچىن، پەيدىن- پەي بىردە سۆز بىلەن، بىردە قىلىچ كۈچى بىلەن...» تۇغلۇق خەتنى باشتىن ئاياغ، ھېچبىر سۆزىنى قويماي بوش ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن ئۆي ئىچى بىر تالا ۋاقىتقىچە جىمجىت بولۇپ قالدى... نويانلار ھەتتا تېموچىننىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى...

ياق، تېموچىننىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ بۇيرۇق قىلىپ يۈرگەنلىرىنى كۆرگىنى بار، بىراق ئۇ ھازىرلا ئۆز ئاغزىدىن چىققان سۆزىنى باشقا بىرسىنىڭ ئاغزىدىن سۆزمۇ- سۆز ئاڭلاۋاتقىنىغا ھەيران. ئۇنىڭدا مۇنداق ھادىسە كۆرۈلۈپ باقمىغان. بۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشقۇ.

— بۇلار شامان ئەمەستۇ؟ — دېيىشتى ھاڭ قېتىپ قالغان نويانلار.

— مانا ئەمدى مېنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقۇم مانا مۇشۇنداق قەغەز ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇلۇغ دالىغا يېتىدىغان بولىدۇ، — دېدى تېموچىن چۆرىسىدىكىلەرگە «دىققەت بىلەن تىڭشاڭلار» دېگەندەك قاراپ، — تاتاتۇڭا، ھە، مۇنۇ مۆھۈرىنى ئال. مېنىڭ

ئېتىم قىلىپ يېگىۋاشتىن ياسات. مۇنۇ ئۇيغۇرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن تاتاتۇڭانىڭ قېشىدا تۇرىسەن.

— رەھمەت ئۇلۇغ خان، — دېدى تۇغلۇق تېموچىنغا مۇڭغۇلچە تازىم قىلىپ، ئاندىن ئۇ توختاخۇنغا قاراپ قولىنى كۆكسىگە ئالدى.

— رەھمەت توختاخۇن، رەھمەت ئىنىم. مېنىڭ تەقسىرىم، مېنى ئەسكە ئالغان يەنە سەن، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. بالا - چاقامنىڭ كۆز - يېشىغا قالمىدىڭ. ئەمدى ئۆلگىچە قۇلۇڭ بولۇپ ئۆتىمەن.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ تۇغلۇق ئاغا؟ قويغىنا ئۇنداق پاراڭنى، — توختاخۇن ئالدىغا كېلىپ تىزلانماقچى بولغان تۇغلۇقنىڭ قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ تىك تۇرغۇزدى.

— ئۇيغۇرچە چۈشەنمىسەممۇ نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلىۋاتىمەن. ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى تېموچىن، — ياخشىلىقنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەنسەن، دۇرۇس. مەن رازى.

تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا كىچىكرەك داستىخان يېيىلىپ گۆش، ئېرىمچىك، قۇرۇت، ماي قويۇلدى.

— ئۇلۇغ خان تېموچىن. ئىجازەت بولسا مۇشۇ يېمەك - ئىچمەكنى بالا - چاقام بىلەن بىللە يىسەم، بولمىسا ھامانەم كېكىردىكىمدىن ئۆتمەيدۇ.

— بۇ كىشى مۇشۇ يۇرتتا ئۆيلىنىپ بالا — چاقىلىق بولۇپ كەتكەن، — دېدى تۇغلۇقنىڭ «بالا - چاقا» دېگەن سۆزىگە ھەيران بولۇپ قالغان تېموچىنغا بىرسى.

— شۇنداقتە، ياخشى، جىقراق قوشۇپ بېرىڭلار. «كېكىردىكىمدىن ئۆتمەيدۇ» دۇرۇس، بۇگۈرجى بۇ كىشىگە ئۆزەڭ غەمخورلۇق قىل. قېنى ئەمدى ئىشقا كىرىشەيلى. نەچچە كۈن بولدى. توختاخۇننىڭ ئۇخلۇقىنا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۆز ئۆمرىدە ئۇ ئۆزىنى مۇنچىلىك مىسكىن ھېس قىلمىغان بولغىيدى. ئەركىن ئۆسكەن بۆك - باراقسانلىق، مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي ياتقان باغ؛ بىللە ئوقىغان دوستلىرى، ئوقۇتقان ئۇستازلىرى كېيىنرەك بولسا پىكىر ئېلىشىپ - پىكىر تاشلاشقان مەرىپەتچى، مۇتەپەككۇر ھەم ساياھەتچى ۋە ۋەھاكازالار كۆز ئالدىغا كېلىۋەردى.

«كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟» توختاخۇن خەلقنىڭ بۇ سۆزلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنگەندەك بولدى. كاشكى، ئەمەك قىلغۇدەك بىرەر ئىش بولسىمىغۇ؟

تېموچىن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى، نويانلىرى يوق. نەگىدۇر بىر ياققا كېتىشكەن. نايمانلار يېرىنى تۈگەل ئارىلاپ يۈرىدىغاندۇر. بىرەر ئىش تاپشۇرۇپمۇ كەتمىدى. بۇ يەردىكى باشقا ئىشنى بولسا موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرى قىلىپ يۈرىدۇ. ئۆي جايلىرىنى تەرتىپكە كەلتۈرۈپ، ماللىرىنى ھەيدىشىپ، دېگەندەك ئىش قىلىپ ھەرقايسىسى مەلۇم ئىش بىلەن بەنت.

نايمانلارنىڭ قورال — يارىقى تارتىۋېلىنىدى — دە، قوللىرىغا تاياق تۇتقۇزۇپ مالغا قويۇلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىراق، ئىدراكلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى. ئېھتىمال شۇ ياقلارغا ئېلىپ بېرىپ ئىگىلىك ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرار. بۇ يەرگە بولسا ئۇلارنىڭ ئورنىغا كېرەيلەر ۋە تېموچىننىڭ قولىغا ئۆتكەن قەبىلىلەرنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي كېلىشىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار قولىغا قورال تۇتقۇزۇشتا ئىشەنمىسىز. ئادەملەر بولسا كېرەك. لېكىن مال باققۇزۇشقا بولىدۇ. ھەممە ئىش سەرەمجان كېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ تېموچىننىڭ ئورناتقان تەرتىپىگە رازى بولدى، توختاخۇن.

توختاخۇن قولىغا قەلىمىنى ئېلىپ كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى يازماقچى بولدى. بىراق ئۇنىڭ مېڭىسى قالايمىقانلىشىپ قەلەم ماڭماي قالدى. ئۇنچىلىك ۋەقەنىڭ ھازىر باش - ئايىقىغا چىقالىغۇدەك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ بېشىغا ياستۇق قويغان ھالدا يەنە ئويغا كەتتى.

ئەنە شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قېشىغا تۇغلۇقنىڭ چوڭ ئوغلى كىردى.

ئۆزىنىڭ ئۆيىمۇ، بىساتى ۋەھاكازالىرىمۇ ئۆز ئورنىدا، يوقالغىنىنى بۇگۈرجى تاپتۇرۇپ بەردى. ھەتتا ئاققاشقىمۇ تېپىلدى — دە، توختاخۇنغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. تۇغلۇقنىڭ باشقا ئۆيى، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ

ۋەيران قىلىنغان ھەتتا يېرىم ياتسى كۆيگەن ئىكەن. ھازىر قەدىمكى چاغلىرى، كەرگىلىرى بار يېڭى دېگۇدەك ئۆي، ئەتىمالىم بىر ھاللىق نايماندىن قالغان بولسا كېرەك. ھال ئوقتىمۇ ياخشى، قورسىقى توق. تۇغلۇقنىڭ ئوغلى يەنە شۇ ئۆيگە چاقىرىپ •كىرىپتۇ.

توختاخۇن ئىشىكنى كۆتۈرۈپ سالام بېرىپ تەييارلىنىۋاتقان غىزانىڭ تاتلىق پۇرىقى بىردىنلا ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. تۇغلۇق لەگمەن ئېتىۋاتقان ئىكەن. مۇشۇ ئۆيگە كىرسە بىر ئاز كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغان توختاخۇن ھازىر لەگمەن قىيمىسىنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ، ئۆزىنى بەئەينى ئۇيغۇرىيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— سىلەر ياخشىغۇ تۇغلۇق ئاغا، — ئالەمنى سۇ باسسا، ئۆدەكنىڭ قابتىلىغا كەلمەپتۇ، — دېگەندەك ھەتتا لەگمەن ئېتىۋاسىلەرغۇ؟ — دەپ چېقىشتى توختاخۇن، — پۇرىقىنى دىمەمدىغان.

«يەڭگەڭنىڭ ئىشىنىڭ ئوخشىغىنى، ئاكاڭنىڭ تېپىپ بەرگەن گۆشىدىن» دەيدىغۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر خەق. سېنىڭ ھىممىتىڭدىن، جېنىم ئۇكام. توختاخۇن بولمىسا كۈنىمىز نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى، — دېدى. ئۇنىڭ ئاستىغا چۈشەك قولتۇقىغا تەكيە قويۇپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن تولۇنئاي — بالىلىرىمىنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى؟ ئۆزىمىز نېمە بولۇپ كېتەر ئىدۇق؟ موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا توختاخۇننىڭ ئىسمىنى «توختاخۇن» دەپ بىردىنبىر توغرا ئاتايدىغان مۇشۇ ئايال بولسا كېرەك. تۇغلۇقنىڭ ئۆگەتكىنى ئۆزىنىڭ ئىسمىمۇ تولۇنئاي ئەمەس تولالايمۇ، دالالايمۇ ئەيتاۋۇر شۇنىڭغا يېقىن ئات. ھازىرقىسى تۇغلۇق ئۆزى قويۇۋالغان ئات. بۇ ئىسىممۇ سىڭىشىپمۇ كەتكەن، دەسلەپ ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ يۈرگەن تولۇنئاي كېيىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ كوتۇلدايدىغىنىنى قويغان.

— ئۇنداقلا دەپ كەتمەڭلار. تۇغلۇق ئاكامنىڭ ئۆزىنىڭ ھىممىتى، — دېدى توختاخۇن، — ئەگەر قولىدا خېتى بولمىغان بولسا مەن قانچە ئېيتقىنىم بىلەنمۇ ھېچنەرسە چىقمايتتى. تېموچىن ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بولمىسا مەنمۇ كىم ئىدىم، ئۇلار ئۇچۇن؟

— ئۇنداق دېمە، — دېدى تولۇنئاي قولىنى چايقىغان توختاخۇنغا قېرىن ياغلىق بېرىۋېتىپ، — ئۇلار بىزنى نەدىن بىلەتتى؟ ئۇلارغا بىزنى ئېيتقان كىم؟

— «بىز» ئەمەس «مېنى»! — دېدى تۇغلۇق چېقىشىپ.

— ھە، بوپتۇ «سېنى».

ئەر — ئايال ئىككىسىنىڭ بۇ خۇش مۇئامىلىسىغۇ توختاخۇننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئاچقاندەك بولدى. ئۆزىنىڭ يېشىمۇ مانا ئوتتۇزغا تاقاپ قالدى. يالغۇز تەقدىر سۆيگىنى ئاسىبىشتىن ئېيتمىدى. يۇرتىدا بولسا مۇمكىن ئاللىقاچان بالا - چاقىلىق بولۇپ كېتەر ئىدى. ئامال يوق. پەلەك گەردىشى يات يەرلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويدى.

— قېنى توختاخۇن داستىخانغا كەل، — دېدى لەگمەننى ئۆزى ئېتىپ ھېجىرلەرگە ئۆزى سالغان تۇغلۇق قارىمامدىغان «پاختىنىڭ ئىچىدە ئوتمۇ ساقلىنامدۇ» دېگەندەك شۇنچە ئۇپۇز - توپۇردا مۇچ - پىيازمۇ ئامان قاپتۇ. ئۇلارغا ھېچكىممۇ تەگمەپتۇ. شۇڭا، سوزما ئاش ئېتىپ كۆرەي دېدىم. قورۇق گۆشتىن زېرىككەشكىمۇ، توختاخۇن سوزما ئاشنى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ يېدى. كېيىن تولۇنئاي قويۇپ كەلگەن ئاش سۈيىنى ئىچە - ئىچمەيلا تېموچىن خان چاقىرىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى.

بايا دۈبۈرلىگەن تۇياق تىۋىشلىرى ئاڭلىنىۋىدى كەلگەنىكەن، دېدى تۇغلۇق، تېموچىن دېگەن سۆزدىن تېنى ئەيمەنگەن ھالدا.

تېموچىن تېخىچە تايانخاننىڭ ئۆيىدە، تۇغلۇق توختاخۇنلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇ ھېلىمۇ ناھايىتى كەڭ قىلىپ تۆت — بەش جۈپ ئۆكۈز سۆرەيدىغان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئۆپ - چۆرىسىدە تېموچىننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ۋە نويانلىرىنىڭ ئۆيلىرى.

ئېيتماقچى، ئۇلار ھازىر ئىلگىرىكى جايىدا يەنى ئېرتىشنىڭ (موڭغۇلچە ئېردىشنىڭ) ياقىسىدا ئەمەس بەلكى ئۇ يەردىن تامامەن يىراق كەڭ، گۈزەل بىر ۋادىغا جايلاشقان. ئالەم ۋاقىتلاردىن كېيىن

يۈز بەرگەن ئۇلۇغ ۋەقە — ئادەملەرنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاققان جايدىن يىراق كەتكەندى.

ئۇ يېقى چولڭ ھىنگان، كىچىك ھىنگان ئورقۇن ئۆلكىسى، بۇ يېقى مانا ئالتاي، بىپايان ئۆلكە. تەبىئىيىتى ئاجايىپ، كۆپكۆك مايسا، دەل - دەرەخ قانچە ئادەم، قانچە مال بولمىسۇن ئۆز قوينىغا بىمالال ئالغۇچىلىكى بار.

— ھەر خەلقنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى، تىرىكچىلىكىنى ھەتتا مۇراسىم قائىدىسى بىلەن ئۆرپ - ئادىتىنى بەلگىلەيدىغان، بەلگىلىمىسمۇ ئۇنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولىدىغان ئۆز ئۆلكىسى، ئۇنىڭ تەبىئىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى توختاخۇن. مانا موڭغۇللارنىڭ يېرىمۇ مال ئۈچۈن يارالغان دېسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىنىڭ يۇرتۇمدا مۇنچىلىك مال باقالمايسەن، تەبىئىتى باشقا، ئەنە شۇ تەبىئەت ئۇيغۇرلارنى ئاز - تولا مېلى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلىشقا، شەھەر سېلىپ ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلغان. موڭغۇللاردا شەھەر يوق. ئۇلار بۈگۈن ئولتۇرغان جايىدىن ئەتە يۆتكىلىشى مۇمكىن. راس، ھازىر تېموچىن ئوردىسى تۇرغان جاي قانچە مولچىلىق، قانچىمۇ كۆك مايسا بولمىسۇن بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنچە كۆپ مال ھامانەم تۇپىسىنى چىقىرىدۇ — دە، ئوردا يەنە كۆچىدۇ. بىراق مۇنۇ سالانىڭ ئوت - چۆپى ئاز كۈندە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئوردىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈرۈلگىنىگە خېلى كۈن بولۇپ قالسىمۇ، مالنىڭ تىزىدىن ئاشىدىغان چۆپى تېخىچە شۇ پېتى تۇرىدۇ.

تېموچىن خاننىڭ ئۆيى پاكار بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن بولۇپ، ئۆپ - چۆرىسىدىكى ئۆيلەردىن ئالاھىدە ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمدى بۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە نايمانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى قىيات بورجىگىتلەرنىڭ بايرىقى ئېسىلغان. توختاخۇن ئەنە شۇ ئۆيگە قاراپ كېتىپ بارىدۇ. ئوردا ئادەملىرى خۇشۇسەن تېرە ئەيلەپ، بېيە سېغىۋاتقان موڭغۇل جۇگان - چوكانلىرى ئۇنىڭ سالماق قەدەم تاشلىشىغا، يەلكىسىگە چۈشكەن بۇدرە، قويۇق چېچىغا، زىلۋا بوي، سۆلەتلىك قەددى - قامىتىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. خۇشۇسەن، نىرىراقتا تېموچىن خاننىڭ ئىنىسى قاسارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى ئادەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى ھەتتا چىدىماي ئۇنى تىللىۋەتتى.

خەنزۇچە ئېيتىلغان بۇ ئەفسۇن سۆز توختاخۇننى دەرھال جەلپ قىلدى.

ئۇلار تايانخانغا كېلىپ يۈرگەن ھېلىقى ئەلچىلەر ئىكەن. توختاخۇن ئۇلارغا قاراپ بىر دەقىقە توختاپ قالدى — دە، ئاندىن تېموچىن خاننىڭ قېشىغا كىردى. ئۆيدە تېموچىن خان بىلەن بۇگۇرجى ئىككىسى ئولتۇرغان ئىكەن. توختاخۇن خاننىڭ قېشىدا بىللە كۆرۈپ يۈرىدىغان قاسارمۇ، نويانلىرىدىن سۇبىتاي باھادىر بىلەن جېبىمۇ يوق. ئۇلار ئەتىمالىم ئۇلۇغ جەڭدىن كېيىن قالغان - قاتقان ئىشنى يولغا سېلىپ يۈرگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈكمۇ مۇشۇ كەمگىچە قولغا چۈشمەي، بەزىدە ئېرتىشتىن ئۆتۈپ كۈتمىگەن يەردىن ھۇجۇم قىلىپ يۈرگىدەك، ئۇياقتىن ئەسكەر تopلاپ ھەتتا تېموچىننىمۇ ئۇجۇقتۇرىمەن دېگەن سۆزنىمۇ ئېيتىپتۇ. بۇ ھالمۇ تېمۇچىننىڭ ئارامىنى ئالماي قالمايدۇ. لېكىن ئۇنى يەڭگۈدەك كۈچى بولمىسا كېرەك.

توختاخۇن خەنزۇ ئەلچىسىنىڭ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان ئىكەن. تېموچىن خان بۇ خەلق توغرۇلۇق تولۇق بىلمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

— قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىراق قانداق خەلق؟ تىلى قانداق؟ دىلى قانداق؟ تىرىكچىلىكى قانداق؟ ئۇنىڭدىن خەۋىرىم ئاز. مەقسىدى نېمە؟ قانداق نىيەت بىلەن كەلدى؟ ئۇنى ئاڭلارمىز. تايانخاننىڭ ئەھۋالىدىن توختاخۇن بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ تايانخانغا شەرت قويغىنىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىنى تېمىسقىلاپ يۈرۈپ بىلىۋالغىنىنى، كېيىن خاننى قانداق ئالداپ كەتكىنىنى، ھېچنېمىنى قالدۇرمىدى.

— تايانخاننىڭ «بۆرىدىن قېچىپ، يولۋاسقا يەم بولغۇچىلىكىمۇ يوق» دېگىنى راستمۇ؟ بۆرىمۇ مەن، يولۋىسچۇ؟

— راس ئۇلۇغ خان، تايانخان موڭغۇللار يېرىگە ئۇلارنىڭ بېسىپ كىرىشىنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇلار بەش تۈمەن ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولغان.

— بەش تۈمەن؟

— ئاتاپ قويغىنى شۇنچىلىك، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن پالانچى مىڭى كېلىدىغىنى ئېنىق ئىدى.

تېموچىن ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە قارشى مۇنچىلىك كۈچنى قارشى قويالايدىغان قوشنا ئەل بارغۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدى.

— بىچارە تايانخان دانالىق قىلغان ئىكەن، — دېدى ئەمدى بۇگۇرجى سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئامال قانچە، ئۆلۈپ كەتتى.

— شۇنچىلىك كۈچى بارمۇ ئۇ خوئاندىلازىنىڭ؟ — تېموچىن ئۆزىگە ئۆزى مۇراجىئەت قىلغاندەك سۆزلىدى.

— بار ئۇلۇغ خان، ئۇلار سان - ساناقسىز خەلق، — دېدى توختاخۇن ۋە ئۆزىگە ھەممىنى بىلگۈسى كەلگەندەك قاراپ تۇرغان تېموچىنغا ئۇلار توغرۇلۇق قىسقىچە، لېكىن كۆپ نەرسىنى چۈشەنگۈدەك سۆزلەپ بەردى.

— بويىتۇ، كۆرەرمىز چاقىرتىڭلار ئەلچىلەرنى! ئەلچىلەر بايا توختاخۇن كۆرگەن ئىككىسىلا ئىكەن. ئالدىدا ئېگىز، ساقىلى يوق، شالاڭ، لېكىن ئۇزۇن بۇرۇتلۇقى تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى پاكار، بىرىنچىسىگە قارىغاندا تامامەن كوسا بىر ئادەم، ئۇلار ئوخشاش دېگۈدەك بىردىن - بىرى قىسقا قات - قات كىيىم كىيىگەن. ھەربىر قۇر كىيىمنىڭ رەڭگى ھەر خىل.

— بىز ساڭا جائۇتخۇرى! ... ئېگىز بويلۇقى سۆز باشلا - باشلىمايلا تېموچىن كەسكىن ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.

— مېنىڭ تەڭرى بەرگەن نامىم بار، — دېدى «جائۇتخۇرى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن تېمۇچىن، — ئۆرۈپ بەر توختاخۇن!

— ئالەمدە بىردىنبىر ھاكىم بار، تەڭرى ئەنە شۇنىڭغا يەنى بىزنىڭ خوئاندىغا بەرگەن ھاكىمدارلىقنى، قالغىنىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ خاھىشى، ئەمىر - پەرمانى بىلەن ئىش تۇتىدۇ. بىز تەختكە يېڭى خوئاندىنىڭ ئولتۇرغانلىقى توغرۇلۇق پەرمانىنى يەتكۈزگىلى كەلدۇق. سېنىڭ ئۇنىڭ پەرمانىنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىڭ كېرەك.

— مەن نېمە، تىزلىنىدىغان تۆگىمىدىم؟ ! — تېموچىن تېرىككىنىدىن ئەلچىلەرگە ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن توختاخۇنغا قادالدى، — ئۆرۈپ بەر! ئۇلارنىڭ خوئاندىسى ماڭا ئەمىر - پەرمان بېرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ ماڭا قېرىنداش بولالايدۇ. ئەگەر خالىسا تۇققانلىشايلى.

— خوئاندى تەڭرىنىڭ بىردىنبىر پەرزەنتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقا قېرىندىشىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدىم — دە، — تېموچىن ئەمدى ئۆزىنى باسالمىدى — دە، ئىككى قېتىم ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرىۋىدى دەرھال ئىككى نۆكەر پەيدا بولدى، — ھەي ئەلچىسىماقلار! قېنى تىزلان! ھەر ئىككىلىڭ! تىزلاندۇرۇڭلار ئۇلارنى!

ئىككى نۆكەر پۈكلىگەندە بىچارە ئەلچىلەرنىڭ ئاغرىپ قاخشىغان تىزلىرى پەيدىن - پەي پۈكلۈنۈپ يەرگە تەگدى.

— ئەمدى مېنى تىڭشاش! تەختكە كىمنىڭ ئولتۇرغان بولسا، شۇ ئولتۇرۇۋەرسۇن! ئەمدى يەر جاھانغا ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانى ئەمەس، مانا مېنىڭ ئۆتىدۇ! بار شۇنداق دەپ ئېيتىش، مەمەدانىلىقىنى قويمىسا مېنىڭدىن كۆرگۈلۈكىنى كۆرىشىمەن.

ئەلچىلەر قانداق غادىيىپ كىرگەن بولسا، شۇنداق غادىيىپ چىقماقچى بولۇۋىدى، بىراق نۆكەرلەر قاتتىقراق مۇجىۋەتكەن بولسا كېرەك، مۈرىلىرىنى قورۇشۇپ پۈتلىرى ئاران ئەيۋەشكە كېلىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن زەردە بىلەن قاراپ قالغان تېموچىن خان بىر ھازاغىچە ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي ئولتۇردى. ئەلۋەتتە مۇنچىلىك ئىشقا ھەر كىمنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ. تونۇمىغان، بىلمىگەن يات بىر ئەلگە كېلىپ، ئۇنىڭ باشلىقىغا، تېز پۈك، دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ھېچبىر ئادەمگەرچىلىككە، رەسمىي قائىدىگە ياتمايدۇ. ئۇنىڭغا تېموچىن تۇرماق، باشقا ھەرقانداق ئادەممۇ چىداپ ئولتۇرالمايدۇ. ھېلىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتتى. ھەتتا قېرىنداشلىشىش يەنى ئىتتىپاقداش بولۇش توغرۇلۇق گەپ قىلدى. مانا ھازىر بولسىدى — دە تېخى يېڭىلا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ باش - ئايىقىغا چىقالماي ئولتۇرىدۇ. توختاخۇن ئۇنىڭغا «خەنزۇلار سان - ساناقسىز» دەپ

ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ بەلكىم تېرىكىپ قويۇپ ئەمدى شۇ يېقىمدىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرىدىغاندۇ.

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ دۇنيا! — بىر ۋاقىتتا تېمۇچىن توختاخۇنغا بىر مەسلىھەت بەرسەڭچۇ؟ — دېگەندەك قارىدى، — سەت ئىش بولدى. ئەمدى ئاقىۋىتى نېمە بولماق؟

— راست، سەت ئىش بولدى ئۇلۇغ خان. بىر ئەل بىلەن ئىككىنچى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدا مۇنچىلىك ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى.

— بىراق پارچىلىرىنى قارىمامسەن؟ — سۆزگە بۇگۇرچى ئارىلاشتى، — مەشەدىلا توغراپ تاشلاش كېرەك ئىدى ...

بىراق، ئۇ خۇئاندى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئادىتى— ...

ئەمدى «ئاقىۋىتى نېمە بولماق» دېگەن سوئالىغا جاۋاب ئىزدەپ كۆرەيلى تېمۇچىن خان، — دېدى توختاخۇن. ئەگەر خەنزۇلار ئەسكەر يىغىپ موڭغۇللارغا قارشى ئاتلىنارمۇ — دەپ ئويلىساڭ، ئۇنىڭ ئاساسى بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى سەن ھازىر كۈچەيدىڭ.

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ. توختا بالام، ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئېلىمىزنى بىر تەرتىپكە سېلىۋالايلىچۇ، ئاندىن مەن ئۇلارغا تىزلانغاننى كۆرسىتەي. مۆھۈر سېنىڭدە بولىدۇ تاتاتوڭا. بىزگە ياردەم بېرىسەن.

X X X

ئورقۇن كەڭ، تۈز شېرىنلىك، ھۆپى ئاجايىپ چىرايلىق گىلەم ھاسىل قىلىپ تۇرغان ۋادا. يىراقتىن ئىنچىكە كۆرۈنگەن دەريالار بۇ گىلەمنى ھەر يەردىن ئىلاندەك ئەگرى قىلىپ ئۆتۈپ، كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ ئېقىۋاتىدۇ. ھىڭگاننىڭ ئورمانلىق قاپتاللىرى بۇ ۋادىنى غەرپ تەرەپتىن توساپ، دولقۇن كەبى يىراق كۆككە سىڭىپ كەتكەندەك، يىراقتىن ئۇ ياققا قارلىق چوققىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار تاغقا ئەمەس بەلكى ھەرىكەتسىز چۆككەن بولۇتلارغا ئوخشاپ تۇرىدۇ. كۈن تەپتىدىن ئىسسىغان ھاۋا سەلكىنىدىن تىترەپ بەزىدە تۇتاش، بەزىدە پارچە ـ پارچە بوستان ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۇ پۈتۈن ۋادىنى كۆمۈپ يېقىنلاشقاندەك دەريا، سۇ، تاغ ـ تۈزنى كۆزدىن غايىپ قىلىدۇ — دە، كېيىن چېكىنگەندە تاغ چوققىلىرى يەنە كۆرۈنىدۇ. پەيدىن ـ پەي ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بولىدۇ.

قاپتاللارنى ھەر يەردىن تىلىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ بىرىدە بىر توپ ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. ئالدىدىكىسى توختاخۇن. ئۆز ھاياتىدا ئۇنىڭ كۆرمىگىنى ئاز بولسا كېرەك. كۆپ يەرلەرگە سەپەرگە چىققان بۇ يىگىت خارەزىم، خىۋە، باغدات ۋەھاكازالار بولسا ئۇ يېقى خەنزۇ، تىبەت ھەتتا ھىندىستاننىڭ دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان قىرغاقلىرىدا بولغان. خانتەڭرى، ھىمالايانىڭ گۈزەل تەبىئىتى بىلەنمۇ تونۇش. مانا ئەمدى ئورقۇن زېمىنىنىڭ گۈزەللىكىگە تويماي قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئاستىدىكى ئاق قاشقىنىڭ ئىلگىرىكى غونان ۋاقىتلىرىدىكىدەك تۇسۇن شوخلۇقى يوق. ھازىر كامالەتكە يېتىپ ساغرىسى، كۆكسى تېخىمۇ كېڭەيگەن، ئۇنىڭ كەڭ قەدەم تاشلاپ بىر خىل مېڭىشىغا كەينىدىكى ئاتلار قاتراپ ئاران يېتىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ توپ توختاخۇنغا ئەگىشىپ، چىڭگىزخانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار. ئۇنىڭ دۆلىتى ھازىر ناھايىتى كۈچەيدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىگىلىك ھەم باشقا ئىشلار جەھەتتىن ساۋاتلىق ئادەملەر كېرەك بولدى. ئۇنى ھەل قىلىش مەسىلىسى توختاخۇنغا تاپشۇرۇلغان. توختاخۇن ئۇيغۇرلار يېرىگە پەقەت مۇشۇ مەقسەت بىلەنلا سەپەرگە چىقمىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا بىر كۈنى: سېنىڭ ئۇيغۇرلىرىڭ بىرلىشىۋېلىپ ماڭا قارشى ھۇجۇم قىلمامدۇ؟ خارەزىم شاھى ۋەھاكازالار بىلەن ماڭا قارشى تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن ـ دەپ گۇمان قىلدى. ئۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. چۈنكى كېيىن چىڭگىزخان ھېچكىمنى ئايىمايدۇ.

توختاخۇن ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن ئاتلانغان. ئۇ ھەر ئۈچ خانلىقتا بولدى. ئۇلارنىڭ نىيەت كەيپىياتى چىڭگىزخان گۇمان قىلغاندەك ئەمەس ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قايتتى. قېشىدىكىلەر ـ ئۇنىڭ قەلەمداش، ئىشداش دوستلىرىنىڭ تەكلىپ قىلغان ئادەملىرى. ئۇلار ھازىر قاپتالنى تۆگىتىپ بىر سايدىن ئۆتتى — دە كەڭ بىر ۋادىغا ئۇلاشتى. ھەر

قايسىسىنىڭ تېگىدە ئۈستىگە يۈك ئارتىلغان بىردىن ئات، ئۆزلىرىنىڭ ئاستىدىمۇ خورجۇن-كۆرپە، ئاققاشقىدىمۇ ئىككى بېشى كىتابقا لىق توشقۇزۇلغان خورجۇن.

ئاقاقاشقا بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا پۇتلىشىپ كەتتى. «ئۇنداق ئادىتى يوق ئىدىغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈپ-تۈز يەردە پۇتلاشقىنى نېمىسى؟» دەپ ئويلىغان توختاخۇن كەينىگە ئامالسىز قارىدى. ياق، تۈپتۈز يول ئەمەس ئىكەن، چاشقان تۆشۈگىمۇ ئەمەس. قىر قىلىپ تارتقان سىزىق، تارتقان تۈپا ئوت-چۆپنى بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇ تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ئۈزۈن بولۇپ قەيەرگە بېرىپ توختىغىنىنى بىلىپ بولمايدۇ. چۈنكى قېلىن چۆپ قاپلاپ كەتكەن.

توختاخۇن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى — دە سەپ-سېلىپ قاراشقا باشلىدى. كېيىن خېلى يەرگىچە ئۇنى ياقىلاپ ماڭدى. ئاندىن ئېتىدىن چۈشۈپ قامچىسى بىلەن بىردە پۇتى بىلەن چۆپنى ئۇياق-بۇياق قايرىپ كۆردى:

- ئۇستەڭ!- دەپ ۋاقىرىۋەتتى. ئۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالغان ھەمراھلىرىغا، — قەدىمكى ئۇستەڭغۇ-بۇ؟

— ئۇنىڭ كونا قالدۇق ئىزلىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭىز؟

- كۆرگەن، ناھايىتى نۇرغۇن كۆرگەن، چوڭقۇر سايلاردىن قاپتال قاپتالنى چېپىپ چىقىرىلغان، غارلارنى، تېپىپ سىلىنغان ئۇستەڭ ئىزلىرىنى كۆرگەن، بىراق بۇ زېمىندا كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. «دېمەك، بۇ خاتا پىكىر بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىسپاتى ئەسىرلەر داۋامىدا تاشلىنىپ كەتكەن مانا بۇ ئۇستەڭدۇر. مەن بىرەرسىنى يولۇقتۇرىمەنغۇ دەپ كۆپ ئىزدىگەن ئىدىم، ئاخىرى تاپتۇق مانا.

بۇنىڭغا قىزىققان يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ بارلىقى دېگۈدەك خەت تونۇپلا قالماي بەلكى مۇنچىلىك نەرسىلەرنى ئويلاپ، بىلىمگە قىزىقىشقا باشلىغان ياشلار ئىدى: خەنزۇ مەنبەلىرىدىن بۇياقنىڭ ئۇيغۇرلىرى توغرىلىق ئوقۇغان ئىدىم — يالغۇز خەنزۇنىڭلا ئەمەس، ئەرەب - پارىسلارنىڭ مەنبەلىرىدىمۇ ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى توغرىلىق مەلۇماتلار بار. ئوغۇز خاقان، مويۇنچۇر خاقان توغرۇلۇق خەۋىرىم بار. توققۇز ئۇيغۇر، ئۇيغۇر دېگەنلەر گەنە شۇلارغۇ، بولمىسا ئۇلارنى ھۇنلارمۇ دېيىشكەن. ھە، ساكلارچۇ؟ ساك، ساكلار دېگەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىرەر يۇرتنى ساقلايسەن، باشقۇرىسەن دەپ قويغان ئادەملىرى — دېيىشتى يىگىتلەر. ئۇلار ئەمدى قىزغىن تالاشقا، ھەرخىل پىكىر ئېيتىشقا كىرىشتى. ھەر قايسىسىنىڭ مۇلاھىزىسى مۇتەپەككۇر توختاخۇننى بارغانسېرى قايىل قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يىگىتلەرنىڭ سۆزىنى بۆلمەي، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا ساقال - بۇرۇتى توختاخۇننىڭكىگە ئوخشاش تۇتاش بولۇپ بىرىكىپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى چىرايلىق قىلىپ چىكىپ ياسىغان بىر يىگىت ئېتىنىڭ قېشىغا بېرىپ خورجۇنىنى ئاتتىن چۈشۈردى — دە، ئۇنى بىر ئاز ئاقتۇرغاندىن كېيىن بىر كىتاپ ئېلىپ كەلدى.

— مەن بىرنەرسە ئوقۇپ بېرەي تىڭشامسىلەر، — دېدى ئۇ، توختاخۇنغا قاراپ، — تىڭشايلى، دەپ جاۋاب بەردى. توختاخۇن ھاردۇق ئالىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى، ئاتلارنىڭ يۈكىنى چۈشۈرۈپ ئېغىزى دۇرۇقىنى ئېلىڭلار، تۇشىنى بوشۇتۇپ ئوتقا قويۇڭلار.

— تىڭشاڭلار! پارس ئالىمى جۇۋەينى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ، — دېدى بايىقى يىگىت، ئاتلار ئوتقا قويۇلۇپ، ئۆزلىرى غىزالىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن — «ئۇيغۇرلارنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆپىيىشى ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا باشلانغان. . . ئۇلار نۇرغۇن بولۇپ توپلاشقاندا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن باشلىق سايلاپ شۇنىڭغا بويسۇنۇپ كەلگەن. ئۇلار بەش يۈز يىل داۋامىدا يەنى بۆكۈخان پەيدا بولغىچە شۇنداق ياشىغان. بۇ توغرۇلۇق تارىختا بۆكۈخان ئەفراسىياپ دەپ يېزىلغان. دەريا ياقىسىدا شەھەرلىرىنىڭ، سارايلىرىنىڭ ئىزلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىرى ئوردۇبالىق دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى مارۇبالىق ساراي خارابىلىرىنىڭ سىرتىدا سىلىق قىلىپ يونۇلغان تاشلاردا خەتلەر بار. ئۇ تاشلارنى بىز كۆزدىن كەچۈردۇق. . . ئۇلارغا مۇنداق دەپ يېزىلغان.

ئۇ ۋاقىتتا قاراقۇرۇمنىڭ بارلىق

Turpanological Research

دەريالىرىنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ توغلا، بىرىنىڭ ئىسمىنى سىلىنگا دەيدۇ، ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن قۇملانجۇ دەپ ئاتىغان. ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسماندىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغاندا ئۇ دۆڭ كۈندىن - كۈنگە يوغىناۋەرگەن. . . ئۇيغۇرلار بۇ غەلىتە ھادىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىن نەغمىگە ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلانغان. ھەر كېچىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئوتتۇز قەدەمچە ئارىلىق يورۇپ تۇرغان، ئاخىرى دۆڭدە ئىشىكى بار بەش ئۆي پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدا بىردىن بالا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنى كۆرگەن ئادەملەر پادشاھنىڭ بالىسىغا ئوخشاش ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ. كېيىن ھەربىر بالىغا ئات قويۇپتۇ. چوڭىغا سىڭقۇر تېكىن، (شۇڭقۇر شاھزادە)، ئىككىنچىسىگە قوتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىگە تۆكەل تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئۇرتېكىن، كەنجىسىگە بۆكۆ تېكىن دېگەن ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇلار بۇ مۆجىزىلىك ھادىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ بىرىنى خان قىلىپ قويماقچى بوپتۇ. چۈنكى ئۇلارنى تەڭرى ئەۋەتتى دەپ ھېسابلاپتۇ. ئۇلارنىڭ قەددى - قامىتى چىرايلىق، ھۆسنى، ئەقلىي - ھوشى، پەم - پاراسىتىگە قاراپ بۆكۆ تېكىننى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرۇغۇزۇپتۇ ۋە ئادالەتلىك گىلەمنى تارقىتىپ، زۇلمەت ئىستىبداتنى يوقۇتۇپتۇ».

يىگىت ھاردىمۇ ياكى قىزىق يېرى مۇشۇمۇ، كىتابىنى ياپتى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتابتا بۆكۆخان ئوغۇزخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

— ئىككىسى بىر كىتاب.

— قىزىق رىۋايەت ئىكەن.

— تاشقا شۇنچىلىك خەتنىڭ يېزىلغانلىقىنى قارىماسىلەر.

— ئەسلىغۇ ئۇنداق ئەمەس، دېدى تېخى بۇرۇتى يېڭىلا خەت تارتقان يىگىت يولداشلىرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئوغۇزخان قارىخاننىڭ ئوغلى، دۇرۇس ئەمەسمۇ توختاخۇن ئاچارى؟

— دۇرۇس، بىلگىنىڭنى ئېيتىپ بەر يولداشلىرىڭغا.

— مېنىڭ بىلگەن ئاڭلىغانلىرىم — قارىخاننىڭ ئىككى خوتۇنىدىن ئىككى ئوغلى بولغان. ئەنئەنىگە قارىماي ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلماقچى بولغان. شۇ مەقسەت بىلەن چوڭ ئوغلى ئوغۇزنى ئۆزى قەستلەشكەن ئەلگە گۆرۈگە بېرىۋېتىدۇ. بۇ قاراخاننىڭ كىچىك خوتۇنى يەنى ئوغۇزنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئىشى دېگەنمۇ پەرەز بار. كېيىن قاراخان شۇ ئەلگە قارشى ھۇجۇم قىلىدۇ. مەقسىتى ئۇلار ئوغۇزنى ساق قويمايدۇ — دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئوغۇز ئۇ ئەلدىن ئاجايىپ ئەرلىك تاپقۇرلۇق كۆرسىتىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بۇ ئەرلىككە زوقلانغان ئاتىسى ئەمدى ئايالىنىڭ سۆزىنى ئالماي ئۇنىڭغا بىر تۈمەن ئەسكەر بەرگەن. كېيىن ئەسكەرلەر بىلەن ئوغۇز بىپايان يەرلەردە دۆلەت قۇرۇشقا ئاساس ساپتۇ. قارىخان دۆلىتىنىڭ چېكى بولمىغان دېگەن مەنبەلەرمۇ بار، سۆزگە ئۈچىنچى بىر يىگىت ئارىلاشتى،

— كېيىن ئۇيغۇرلارنى خەنزۇنىڭ شىمالىدا خۇئاندىلا چېكىندۇرگەن دېگەن سۆزمۇ بار. (خۇەيخې، خۇيخۇ — توققۇز ئۇيغۇلار) ئۇلۇغ چۆلدىن شىمالغا ئۆتۈپ ئورقۇندىن تارتىپ غەربتە تارباغاتاي قىرغاقلىرىغىچە بولغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن» دېگەن سۆزنى ئوقۇغۇنۇم يادىمدا بار. ئوغۇزخانمۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان. قول يازمىلاردا ئۇنى ئوغۇز يابغۇ مودۇنخان دېگەن گەپلەر بار. يىگىتلەر جىم بولۇشتى. ئۇلار پات - پاتلا «دۇرۇس ئىشتىمۇ - خاتامۇ؟» دېگەندەك توختاخۇنغا قارىشىپ قويىدى.

— ئېيىقىنىڭلاردىن بىر نەرسە ئېنىق. ھېچبىر تالاشسىز بۇ يەردە ئۇيغۇلار بولغان. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دۆلىتىمۇ، بىپايان يېرىمۇ، شەھەرلىرى، سېپىللىرى، سارايلىرى بولغان. ئۇلار يەتتە يۈز يىل مابەينىدە ئۆز قۇدرىتىدىن ئايرىلمىغان. بىراق مەڭگۈلۈك ھېچنەرسە يوق. ئەنە ئوغۇزخاقان ئاساسىنى سالغان ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ ئاخىرقى نەتىجىدە ئاجىزلىشىپ كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا پات - پات ئۇچراپ تۇرغان ۋە پەقەت ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە كۈچلۈك دۆلىتى پەيدا بولدى. ئۇ دۆلەت مۇيۇنچۇر دەۋرىدە ئالاھىدە قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭغا ھەتتا خەنزۇ خۇئاندىلىرى سىبلىق تۆلەپ تۇرغان، مانا شۇنچىلىك دۆلەت، شۇنچىلىك حەلقتىن ھېچبىر ئىز

شۇنىڭ بىر ئۇچى، ئامال قانچە ئۇلارنى ئىزدەپ تاپىدىغان ۋاقىت يوق.

— شۇنچە ئۇيغۇر كېيىن نەگە كەتكەن؟

— دەپ سورىدى يىگىتلەرنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسقۇ؟

— ئۇ دېگىنىڭ دۇرۇس، مىڭلىغان يىللار داۋامىدا بىر يەردە ياشىغان خەلقنىڭ بىردىنلا يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىمۇ شۇنداق بولغان. قەشقەردىكى، ئىلىدىكى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى سىلەرگە مەلۇم. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يۈزلىگەن يىل ياشىغان. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەتچىلىك كۈچىيىپ، دۆلەت ئۇلى تامامەن ئاجىزلىشىپ كەتكەن. شۇ چاغدا تەخت تالاشقان بىر ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارشى يەنسەينىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىن قىرغىزلارنى باشلاپ كېلىدۇ. تۈركىي تىللىق بۇ خەلق يۈز مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن تۇيۇقسىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇندىكى پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىپ خاقانىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە قارا بالاساغۇن (بالغاسۇن دېگىنى شۇ) شەھىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇندىكى خاقانلىقى ئەنە شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. قالغان ئۇيغۇرلار كەنسۇ (گەنجۇ)، قوچو - تۇرپان، ئىلى، يەتتە سۇ ۋە قەشقەرىيىگە كېتىپ شۇ ياقلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلىدۇ. بۇ يەرلەرگە بولسا كېيىن ھەرخىل قەبىلىلەر كېلىپ جايلاشقان. مانا شۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرى قىيات بۆرى يىگىتلىرى، قالغانلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ چوڭ بىر دۆلەت قۇرىدۇ. دېمەك، سىلەر ھازىر بۇ دىيارىدىكى شۇ چوڭ كۈچلۈك دۆلەتكە خىزمەت قىلغىلى كېتىپ بارىسىلەر. قېنى قالغان گەپ كېيىن بولسۇن. ھازىر يولغا چىقايلى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى بارات
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

«تۇرپان» دېگەن نام توخارچە سۆز بولۇپ، «چوڭ شەھەر»، «پايتەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «يەرناملىرى لۇغىتى»دە «تۇرپان» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ياپتەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلگەن. توخرى تىلىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى سۆز مەنىسىدىمۇ تۇر - بەلگە، قەلئە، شەھەرنى؛ پان - چوڭ، بۈيۈك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

# Contents

## Studies on Cultural Relics

▲ *Ancient City Yarghol and significance of its Preservations* ………………………………………………………………………… *Arkin. iminniyaz. Qutluq* (1)

▲ *Remarks on Tower style Buildings in Xin Jiang* … *Gulnur. Hamdulla* (4)

## Notes about Historic Materials

▲ *On Qocho Kingdom — Historic Materials* …………… *Uyghur Sayrami* (9)

▲ *Toquz OƔuz and on Ouighur* ………………………… *James. Hamilton* (17)

## Researches on Turphan

▲ *A Research about the Border of the Qocho Uighur Kingdom* ……………………………………………………………………… *Ghalip. Arki* (47)

▲ *A Research on Turphan* ………………………………… *W. W. Bartold* (55)

## Researches on Ancient Documents

▲ *A Supplementary Remarks on the Chaghatay Inscription in the Cave Number 26 in the Bezaklik* ………………………………………… *Omarjan Nur* (61)

▲ *A Brief Remarks About the Researches in Foreign Countries on the Uighur Budhist scripture《Avdan Sutra》* ……………………… *Abdubasir. Shukur* (64)

## Researches on Qocho Culture

▲ *Resmarks on Individual Characteristics of the Uighur Budhism Painting Arts* ……………………………………………………………… *Gulmira. Dilmurat* (70)

▲ *Ancient city—Qocho and Uighur Urbanisation* …… *Sulayman. Gunnar* (75)

## Historic personals

▲ *QaƔans of the Uighur Kingdom* ……………………… *Nurulla. Momin* (87)

▲ *Notes about Imin Hoja's Descendents in Kashghar* …… *Mamut. Ghazi* (94)

▲ *Tatatonga* ……………………………………… *M. Kebirov, M. Bakyov* (103)

## on the Cover Ⅰ. Ⅳ

▲ *The Sight of Ancient City*

▲ *Uighur Budhist Patronage (Belongs to Uighur Kingdom, Ⅹth century, It was taken to Germany by Le. Coq)*

*English Contents is Translated by Dr. Ablikim Yasin*

Xingjiang Turpan Research Socicty
and
Cultural Relic Bureuu Turpan xinjiang



يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئاھالىلەر رايونىنىڭ ئىزى



يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلار ئوردىسى



يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقى





يارغول قەدىمكى شەھىرىنى ساياھەت ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ يىلدىن-يىلغا ئېشىشى، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەينى بويىچە ساقلىنىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەرشىدىن ئىسمىنىياز قۇتلۇق



ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ

## 吐鲁番学研究

主办单位：《新疆吐鲁番学学会吐鲁番地区文物局
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：新疆乌鲁木齐市延安路119号（伊斯兰教经文学院）3号楼二单元502房
邮政编码：830000　　电话：(0991) 2566833
印刷单位：新疆有色金属工业印刷厂　　出版时间：2004年12月

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى
نەشر قىلغۇچى: تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى ياتئان يولى 119- نومۇر (ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قورۇسى) 3- بىنا 2- ئىشىك 502- ئۆي
پوچتا نومۇرى: 830000　Tel: (0991) 2566833　باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى باسمىزاۋۇتى
بېسىلغان ۋاقتى: 2004- يىل 12- ئاي

新疆内部资料（刊行）准印证：00153号

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153- نومۇر